


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى تەرىپىدىن سكاننىرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

# شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق

**تارىم تورغاق**

**ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى**

**2018-- 2019**

## مۇندەرىجە


مۇقەددىمە :  شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى............................. 03

« ئورۋېلچە تەقىپ سىستېمىسى » نى شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان تۈرك مۇسۇلمانلىرىنى
ۋەھشىيانە قىرغىن قىلىش ......................................................... 06

شەرقىي تۈركىستان تۈركىي مىللەتلەرنىڭ كىملىكىنى يوقىتىش ......................................... 35

شەرقىي تۈركىستان تۈركىي مىللەتلەرنىڭ دىنىي كىملىكىنى ( ئېتىقادىنى ) يوقىتىش .................... 37

تۈركىي مىللەتلەرنىڭ زىيالىيلىرىنى يوقىتىش ............................................................ 43

ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز  مىللىي يېزىقلىرىنىڭ يوقىتىلىشى، مىللىي تىللاردا سۆزلەشلەرنىڭ چەكلىنىشى........ 46

ئۇيغۇر،  قازاق ۋە قىرغىز مىللىي مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى ................................ 50

مىللىي مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى ........................................................................ 53

يەرلىك خەلقلەرنى ئىقتىسادىي جەھەتتە نامراتلىقتا تۇتۇش ............................................. 59

يەرلىك مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىنى تىزگىنلەش ............................................................ 63

« مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە » نىڭ « ئاسسىمىلياتسىيە »  قىلىنىشى ............................ 66

ئۆزى - ئۆزىگە خوجا بولۇپ ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش،  مىللىي كادىرلار ئەمەلىي ھوقۇقتا بولۇش،
مەمۇرىيەتتە  مىللىي كادىر-  خىزمەتچىلەر خىزمەت قىلىش جەھەتلەردىكى « ئاسسىمىلياتسىيە » ........ 68

مىللىي تىل-  يېزىقنىڭ « ئاسسىمىلياتسىيە»  قىلىنىشى ............................................... 70

مىللىي مەدەنىيەت - مائارىپنىڭ « ئاسسىمىلياتسىيە »  قىلىنىشى ...................................... 71

يەرلىك مىللىي ئىقتىسادنى تەرەققى قىلدۇرۇش، يەر ئاستى-  ئۈستى بايلىقلىرىنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىش
جەھەتلەردىكى ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقلاردىن مەھرۇم قىلىش ............................................ 72

تۈرلۈك سىياسىي ھەرىكەتلەر ئارقىلىق مىللىي كادىر ۋە زىيالىيلارنى باستۇرۇش .............................. 74

سىياسىي تەشكىلات ۋە مەمۇرىيەتلەرنىڭ يوقىتىلىشى .................................................. 86

مىللىي ئارمىيىنىڭ يوقىتىلىشى ......................................................................... 88

نىمە ئۈچۈن خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مىللىتىنى يوقاتماقچى بولدى ؟.............................. 89

خاتىمە :  شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى خەلقئارالىق ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشى ............ 93

قوشۇمچە بىرىنچى :  خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قانۇنىي رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان
قىسمەن ئاۋام ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ قىسمەتلىرى ......................................................... 11 2

قوشۇمچە ئىككىنچى :  خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن  قانۇنىي رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان
ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ قىسمەن تىزىملىكى ............................................................. 116

قوشۇمچە ئۈچىنچى :  شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دائىر فوتو سۆرەتلەردىن تاللانمىلار ..... 120

# مۇقەددىمە

## شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى

خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى پۈتكۈل خىتاي مىقياسىدا بىر خىل ئىدېئولوگىيىلىك -- خىتاي فېئودال كوممۇنىستىك ئىدېئولوگىيىلىك، بىر خىل مىللەتلىك -- خىتاي فېئودال مىللەتلىك، بىر خىل مەدەنىيەتلىك -- خىتاي فېئودال مەدەنىيەتلىك بىر دۆلەت بارپا قىلىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك رەزىل پىلاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئوپېراتسىيىسىنى خىتاي دۆلىتىدىكى ھەر قايسى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مىللەت مەۋجۇتلىقىنىڭ -- كىملىك ئالاھىدىلىكلىرى-- تىل- يېزىق، دىن، ئىقتىساد، مەدەنىيەت- مائارىپ ۋە ئۆرپە- ئادەتلىرىنى يەنى شۇ مىللەت جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە ئۇستقۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىلىرىنى بىتچىت قىلىپ، خىتاي مىللىتىگە سىڭدۈرۈۋېتىشتىن باشلىدى.

خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى « يۇمشاق يول » بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆچلۈك مىللەت مەۋجۇدىيىتى( كىملىك ) ۋە خىتايلاردىن ئايرىمچە ئالاھىدىلىكدىكى مۇستەقىل مىللىي ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە ئۇستقۇرۇلمىنىڭ پۈتۈن ئاساسىي قۇرۇلمىلىرىغا ئىگە بولغان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز،ئۆزبېك، تاتار ۋە سالار قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەر ھەمدە موڭغۇل، شىبە، داغۇر ۋە رۇس قاتارلىق باشقا يەرلىك مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەچكە، ئۆزىنىڭ « دۇنياغا خوجايىن بولۇش، خەلقئارالىق بازار تېپىش ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىنى ئىگەللەپ، خىتاينىڭ ئېنىشچا نوپۇسىنى ماكانلاشتۇرۇشقا جاي تېپىش » دىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك پىلانى بولغان ئاتالمىش « بىر بەلۋاق، بىر يول قۇرۇلۇشى » نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىستراتېگىيىلىك ئۆتكەل شىنجاڭنىڭ ئەمنلىكىنى كاپالەندۇرۇش زۆرۈر دېگەندىن ئىبارەت سەپسەتىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بۇ جايلارنىڭ ئەمنلىكىنى ساقلاشنى باھانە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئالىي قانۇن چىقىرىش ئورنى خىتاي پۈتۈن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىي ماقۇللىغان كونستىتۇتسىيەسىدە ( دۆلەت ئاساسىي قانۇنىدا ) بەلگىلەنگەن پۇقرالارنىڭ كىشلىك ھوقۇقلىرى ۋە مىللىي ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرىغا دائىر مۇناسىۋەتلىك قانۇن ماددىلىرىنى ھېچقانداق قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتمەي چۆرۈۋېتىپ، ئۆزىنىڭ دىكتاتورلۇق ھاكىمىيەت ماھىيىتىنى تولۇق ئاشكارلاپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىدىن ھېچقانداق تەپ تارتماستىن، ئاشكارا ھالدا يەڭلىرىنى شىمايلاپ چىقىپ، تارىختىكى ئاتا- بوۋا سۇلالە - ھۆكۈمەتلىرى تاماملىيالمىغان ۋە ئۆزلىرىمۇ 1949- يىلى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن كۆپ يىللاردىن بۇيان باش قاتۇرۇپ ھەل قىلالماي كەلگەن بىر تارىخىي غەرەزلىك ئىشنى -- بۇ زېمىننىڭ -- شەرقىي تۈركىستاننىڭ قانۇنىي ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق مۇسۇلمان تۈرك مىللەتلەر ۋە موڭغۇل، شىبە قاتارلىق باشقا يەرلىك مىللەتلەرنى بۇ تۇپراقتىن تۈپتىن قىرىپ يوقۇتۇش، يوقۇتالمىسا، تەلتۆكۈس ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئارقىلىق « بۇ زېمىن ئەزەلدىن خۇاگدىنىڭ ئەۋرە- چەۋرەلىرى ياشىغان ماكان، بۇ يەر خىتايلار (جۇڭخۇا مىللىتى) نىڭ زېمىنى » دېگەن رەزىل مۇددىئاسىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇزۇل- كېسىل ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى سۈيقەستلىك بىلەن پىلانلىدى.

ئامېرىكىدا«11- سىنتەبىر ۋەقەسى» سادىر بولغاندىن كېيىن خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ يىرتقۇچلۇق ماھىيىتىنى پۈتۈنلەي ئاشكارلاپ، « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» ( ش ئۇ ئا ر ) دا چېكىدىن ئاشقان

مىللىي زۇلۇم، باراۋەرسىزلىك ۋە ئىسلام دىنى ئېتىقادچىلىرىغا بولغان قەبىھ زورلۇم - زومبۇلۇقلىرىغا قارىتا قىسمەن كىشلەرنىڭ رادىكاللىق يولى بىلەن قارشى تۇرۇش تۈپەيلى يۈز بەرگەن كىچىك دائىرىدىكى ئالتە توك- توك ئادەم قىلغان ئانچە - مۇنچە « تېررورلۇق » ۋەقەلىرى ( بەزى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا بەزى « تېررورلوق » خاراكتېرىدىكى پارتىلاشلارنى خىتاي دائىرلىرى پىلانلىق ھالدا قەستەن ئۆزلىرى ئۇيۇشتۇرغان.) ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرلىرى ئۆزلىرى سۇيقەستلىك بىلەن قەستەن ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىش ئارقىلىق غەرەزلىك ھالدا زورايتىۋەتكەن، ئەسلىدە مۇۋاپىق چارە- تەدبىرلەر ئارقىلىق ھەل قىلىشقا مۇمكىن بولغان بەزى ۋەقە ۋە مىللىي توقۇنۇشلارنى ( مەسىلەن، « 5- ئىيول ۋەقەسى » قاتارلىقلار) دەستەك قىلىۋېلىپ، ئەسلىدە بېكىتكەن « شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش » دىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك سىياستىنى « شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش » دىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك سىياسەتكە ئۆزگەرتتى.

خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى 2014-يىلدىن ئىلگىرى جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاننىڭ قىسمەن جايلىرىدا ئىرقىي دەپسەندىچىلىك ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا دائىر بىر يۈرۈش تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن 2014-يىلدىن باشلاپ « يېزىلار ئارقىلىق شەھەرنى قورشاش » تىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، پۈتۈن جەنۇبىي شەرقى تۈركىستاندا مۇسۇلمان تۈركىي مىللەتلەرگە جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىگە قارىتا ئېغىر ھالدا ئىرقىي دەپسەندىچىلىك سىياستىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى.

دىكتاتور شى جىنپىڭنىڭ 2014- يىلى 5- ئايدا ئۇيغۇر رايونىدا ئېلىپ بارغان زىيارىتىدىن كېيىن خىتاي كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھۆكۈمىتى « شىنجاڭ » دىكى يەرلىك مىللەتلەر بولۇپمۇ مۇسۇلمان تۈرك مىللەتلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنى مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىش قارارىغا كەلدى. چېن چۈەنگو يولغا قويغان باستۇرۇش سىياستى 2014- يىلى ئۆتكۈزۈلگەن « شىنجاڭ خىزمەت يىغىنى » دا شى جىنپىڭ تەرىپىدىن قارار قىلىنغان. خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى خىتايدىكى بارلىق يەرلىك مىللەتلەرنى يوقىتىشتىن ئىبارەت بولغان مۇدھىش مەخپىي پىلاننىڭ ئاساسلىق قىسمى بولغان پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىنى مىللەت بۇيىچە سىستېمىلىق يوقىتىشنى نىشان قىلغان قەبىھ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 2017- يىلغا كەلگەندە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا ۋەھشىيانە ۋاستىلارنى ئىشلىتىپ، ھازىرقى زاماندا مىسلى كۆرۈلمىگەن، يەقەت 2- دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە سادىر بولغان ناتسىست گېرمانىيىسى تەرىپىدىن يەھۇدىيلەرگە قارىتا فاشىستلەرچە يۈرگۈزگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىقتەك ئىنسانىيەتكە قارشى مۇدھىش، قاباھەتلىك، قەبىھ ۋە رەزىل پىلاننى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى.

خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىنى مىللەت بۇيىچە يوقىتىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۆزى ئۈچۈن دۇمباق چالدىغان تەرغىبات- تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، تۆخۈمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، قىلدەك نەرسىنى پىلدەك قىلىپ كۆرسىتىپ، چويلىدا توختىمايدىغان قىممىتى يوق ئىشلارنى « تېررورلۇق » بىلەن باغلاپ، قانداقتۇر « دىنىي ئاشقۇنلۇق »، « دىنىي ئەسەبىيلىك»، « بۆلگۈنچىلىك» ۋە «ئىككى يۈزلىمچىلىك» كە قارشى تۇرۇش دېگەندەك سىياسىي سەپسەتە ۋە تەشۋىقاتلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىش بىلەن بىرگە يەنە ئۆز ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ھازىرقى زامان تارىخ سەھنىسىدىن ئاللاقاچان غايىپ بولۇپ، تارىخىي ئارخىپقا كىرىپ كەتكەن، ئەسلىدىمۇ شەرقىي تۈركىستاندا ئاساس سالالمىغان، بۈگۈنكى كۈندە بازىرى كاسسات بولغان « پانتۈركسىزم » ۋە « پانئىسلامىزم » دېگەندەك ئاتالغۇ ۋە ئېيبلارنى كۆتۈرۈپ چىقىرىش ھەمدە

چەت ئەلدە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان « ئۇيغۇر داۋا » نى دەستەك قىلىپ ، شەرقىي تۈركىستاندا سۈنئىي ھالدا ئېغىر « تېررولۇق » ۋەزىيىتى شەكىللەندۈردى. ( 1950- يىلى غۇلجىدىكى « راخمانوفنىڭ پانتۈركىزملىق تەشكىلاتى پاش قىلىندى. » دېگەنگە ھېچقانداق پاكىت يوق. 1952- يىلى رەھىمجان سابىرھاجىيوۋ، مەمەتنىيازقارى قاتارلىق بىر مۇنچە كىشلەر « پانتۈركىست » دەپ قارىلانغان. لېكىن بۇ ئىشلار ئۆز ۋاقتىدىلا خاتا دېلو دەپ ئاقلىنىپ، ھەممىسىنىڭ نامى ئەسلىگەكەلتۈرۈلگەن. ».*( سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ: « مەن شاھىت بولغان ئىشلار »، 2005- يىل نەشرى ) ).*

شۇنىڭ بىلەن نۆۋەتتە خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قورۇلتىي تەرىپىدىن 1948- يىلى جاكارلانغان « دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى » دىكى يادرولۇق پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلماي، « ش ئۇ ئا ر » دا 21- ئەسىردىكى دونيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىنسانىيەتكە قارشى بولغان مىللىي زۇلۇم، مىللىي باراۋەرسىزلىك، كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى، ئىرقىي كەمسىتىش، ئىرقىي ( ئېتنىك ) قىرغىنچىلىق ۋە مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقتىن ئىبارەت تراگېدىيەنىڭ تىپىك بىر مودېلىنى ياراتتى. يەنى بىر مىللەت-- مۇسۇلمان ھون ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ مەۋجۇدىيەتلىكىنى بۇ ماكاندىن يوقۇتۇشتىن ئىبارەت بولغان دەھشەتلىك سىياسىي باستۇرۇش ۋە زىيىتىنى رۇياپقا چىقاردى.

بولۇپمۇ ئۆزىنى خىتاينىڭ « ئۆمۈرلۈك رەئىسى » دەپ ئاتاۋالغان، يۈزى ئابدۇخالىقنىڭ چەمدىنىمۇ قېلىن بولغان، ئىچىدە توگۈز قاترايدىغان، سامان قوساق، دىكتاتور، مۇستەبىت شى جىنپىڭ ئۆزىنىڭ « تىبەتلىكلەرنى بىر تەرەپ قىلىش » دىن ئىبارەت ۋەھشىي مەخپىي تاپشۇرۇقنى تىبەتتە ئۆزى كۆتكەندىن بەتتەر ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغان گۇماشتىسى، ئىستىبداتچى قانخور چېن چۇەنگونى يەنە ئاشۇنداق ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن 2016- يىلى ئاۋغۇستا « شىنجاڭ » غا ئەۋەتكەندىن كېيىن، جاللات چېن چۇەنگو ئۇلۇق بوۋىسى خىتاي ئىمپېراتورى چېن شىخۇاڭدىن مىراس قالغان ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۇسۇللىرى ۋە تارىختا شەرقىي تۈركستاننى ئىشغال قىلغان چىڭ ئىمپېرىسىنىڭ ئەمەلدارى زوزۇڭتاڭنىڭ يەرلىك مىللەتلەرنى جۈملىدىن تۈرك مۇسۇلمانلانى ئاسسىملىياتسىيە قىلىش ئۇسۇل، چارە - تەدبىرلىرى، خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقنى باستۇرۇشتا ئىشلەتكەن تاكتىكا ۋە چارە- تەدبىرلىرى ھەممە ئۆزىنىڭ تىبەتتىكى « ئىجادىيەت » لىرىنى « شىنجاڭ » غا كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۆز ماكانلىرىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن - پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىپ، ئۆز ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان خىتاي دۆلىتىنىڭ قانۇنىي پوقرالىرى -- ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، سالار قاتارلىق مۇسۇلمان تۈركىي مىللەتلىرى، مۇسۇلمان تۇڭگان ۋە تاجىك مىللەتلىرى ھەممە موڭغۇل، شىبە، داغۇر ۋە رۇس قاتارلىق يەرلىك مىللەتلىرىنى بۇ تۇپراقتىن بىر يوللا پۈتۈنلەي تۈپتىن قىرىپ يوقۇتۇش، يوقۇتالمىسا، تەلتۆكۈس ئاسسىملىياتسىيە قىلىش، جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆلارنىڭ مۇقەددەس زېمىنى-- ئانا ۋەتىنىدىن تۈپتىن يوقىتىشقا جان- جەھلى بىلەن كىرىشىپ، بۇ رايوندا ئەسىدىلا يۈز بىرېۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەنچىلىكى، ئىرقىي كەمسىتىش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ھازىرقى زاماندا دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىگە يەتكۈزدى.

قىسقىسى، خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى پۈتكۈل خىتاي مىقياسىدا بىر خىل ئىدېئولوگىيىلىك -- خىتاي فېئودال كوممۇنىستىك ئىدېئولوگىيىلىك، بىر خىل مىللەتلىك -- خىتاي فېئودال مىللەتلىك، بىر خىل مەدەنىيەتلىك -- خىتاي فېئودال مەدەنىيىتلىك بىر دۆلەت بارپا قىلىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك رەزىل ۋە

مۇدھش پىلاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئوپېراتسىيىسىنىڭ مۇقەددىمىسىنى شەرقىي تۈركىستاندىن باشلىدى. ئۇلار بەلگىلەنگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۈتكۈل ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، سالار، تاجىك، تۇڭگان ۋە باشقا يەرلىك مىللەتلەرگە قارىتا ئىنسانىيەتكە قارشى سۇيىقەستلىك ئىشنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈگۈزۈش بىلەن بىرگە يەنە مەزكۇر مىللەتلەرنى سىستېمىلىق ھالدا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش-- مەزكۇر مىللەتلەرنىڭ خىتاي جەمئىيتىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە ئۈستقۇرۇلمىسىغا پۈتۈنلەي زىت بولغان ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە ئىجتىمائىي ئۈستقۇرۇلمىسىنىڭ ئەسىرلەر بويى شەكىللەنگەن ئىچكى تۈزۈلمىلىرىنىڭ ئىستىھكاملىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈشتىن باشلىدى.

### « ئورۋېلچە تەقىپ سىستېمىسى» نى شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان تۈرك مۇسۇلمانلىرىنى ۋەھشىيانە قىرغىن قىلىش

خۇنپەر چېن چۈەنگو ئۆز خوجايىنى مۇستەبىت شى جىنپىڭنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمان تۈركلىرى يوقىتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىنسانىيەتكە قارشى سۇيىقەستلىك يوشۇرۇن پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدىراپ- تېنەپ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك، پايپېتەك ۋە ئالاق- جالاق بولۇپ، بىر تەرەپتىن شەھەر- كەنت ۋە يېزا - قىشلاقلاردا ئىنتايىن ئىلغار تېخنىكىلىك نازارەت ئاپاراتلىرىنى ئورنىتىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆتكەن- كەچكەنلەرنى كۆزىتىش ئۈچۈن كۆچا- كويلارنىڭ دوقمۇش- دوقمۇشلىرىدا ساقچى پونكىتلىرى قۇردى؛ ئادەملەر كېرىپ چىقىدىغان جايلارنىڭ ھەممە يېرىگە تەكشۈرۈش پونكىتلىرى ياساپ ، ئېلېكترونلۇق تەقىپ سىستېمىسى-- سكانېرلاش، يۈز تونۇش، ئاۋاز پەرقلادۇرۇش ئۈسكۈنلىرىنى ئورناشتۇرۇش ۋە كىشلەرنىڭ كۈندىلىك قاتناش ۋاستىلىرىغا ئىز قوغلاش ئۈسكۈنلىرىنى بېكىتىش ئارقىلىق « ئورۋېلچە » تەقىپ سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى؛ ھەممە يەرنى تانكا - برونېۋىك ۋە تولۇق قوراللانغان ساقچى- ئەسكەرلەر بىلەن تولدۇرۇپ، تېز سۈرەتتە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ساقچى دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇپ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار،سالار قاتارلىق تۈرك مۇسۇلمانلىرى (مۇسۇلمان تۈرك قوۋملىرى)، مۇسۇلمان تۇڭگان ۋە تاجىكلار، مۇڭغۇللار، شىبە، داغۇر ۋە رۇس قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قاتتىق كونترول ئاستىغا ئېلىپ، ھەر خىل قاتتىق سىياسىي باستۇرۇش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، ۋەھشىي ۋە دەھشەتلىك ھالدا ئۇلارغا قارىتا مىللەت كىملىكىنىمەرگە-- مىللەت روھى، تىلى، دىنى ئېتىقادى، مەدەنىيىتى، سىياسەت- مەمۇرىيىتى، ماكانى ۋە ئىقتىسادىنى يوقۇتۇش بىلەن بىرگە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ( خىتايلاشتۇرۇش ) ۋە ئىرقىي( ئېتنىك) قىرغىنچىلىقتىن ئىبارەت ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايى قىلمىشنى يۇقىرى پەللىگە چىقاردى.

« ئۇيغۇر ئېلى دائىرىلىرى ئاشكارىلىغان ئىستاتېسكىلاردىن ۋە تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنزنىڭ بۇ ھەقتە << جېيمىس تاۋن فوندى>> ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە كۆرسىتىلىشچە، 2017- يىلى ئىچىدە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچكى مۇقىملىقنى ساقلاش ئۈچۈن سېلىنغان خىراجەت ئالدىنقى يىلدىكىدىن 92.5 پىرسەنت ئېشىپ، 16.9 ملىيارد دوللارغا يەتكۈزۈلگەن. »، « << مالىيە ۋاقتى گېزىتى >> مۇخبىرى ئېمىلىي فاك بۇ ھەقتىكى ماقالىسىدە، تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنزنىڭ ئۈچۈرلىرىنى نەقىل ئېلىپ تۇرۇپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئېلىدا يۇقىرى تېخنىكىلىق نازارەت سىستېمىسىنى قۇرغانلىقىنى، 2016 - يىلىدىن بېرى رايوندا 7000 دىن ئوشۇق ساقچى

پونكىتى تەسىس قىلغانلىقىنى، سېلىنىۋاتقان سېلىنمىنىڭ رايوندا ئىشقا ئېلىنغان 100 مىڭدىن ئوشۇق ساقچىنىڭ مائاش تەمىناتىدىن تارتىپ، يۇقىرىدىكى ساقچى پونكىتى ۋە كامېرالارغىچە بولغان كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ». يېقىندا كانادادا چىقىدىغان « << يەرشارى ۋە پوچتا گېزىتى >> ئۇيغۇر ئېلىنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان راسخوتنى كانادا بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن ۋە خىتاينىڭ 2017- يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا سەرپ قىلغان راسخوتىنىڭ پۈتكۈل كانادانىڭ ئۆتكەن يىللىق بىخەتەرلىك سېلىنمىسىدىن7 ھەسسە كۆپلۈكىنى بىلدۈرگەن ئىدى. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، 2017- ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا بىخەتەرلىككە سەرپ قىلىنغان پۇل سالامەتلىككە سېلىنغان مەبلەغدىن 2 ھەسسە، ئىجتىمائىي پاراۋانلىققا سېلىنغان مەبلەغدىن 11 پىرسەنت ئېشىپ، ئۇيغۇر رايونىنىڭ مائارىپقا سالغان ئومۇمىي مەبلىغىنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ».

خىتاينىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتلىرى دارۋازىسىغا ئاتالمىش « قايتا تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىش مەركىزى »، « كەسپىي تېخنىكا تەربىيەلەش ئورنى » دېگەندەك ۋىۋىسكىلارنى ئېسىۋالغان، ئەتراپىنى تىكەن سىملىق توسۇقلار بىلەن توسالغان ، ئىچى ئۈستى تىكەن سىملىق ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان، ئەتراپىدا قوراللىق ساقچىلار كۆزەتچىلىك قىلىپ يۈرىدىغان ۋە تۈرمۈش كەچۈرۈش مۇھىت شارائىتى ئىنتايىن ناچار بىر قاتار قانونسىز يېپىق جازا لاگېرلارنى ئەمەلىيەتتە تۈرمىلەرنى قۇرۇپ، قانداقتۇر « دىنىي ئاشقۇنلۇق »، « دىنىي ئەسەبىيلىك»، « بۆلگۈنچىلىك»، « ئىككى يۈزلىمچىلىك » ۋە « مىللىي خاھىشى كۈچلۈك » دېگەندەك يوقلاڭ، تايىنى يوق، تۇتامى يوق ۋە يالغان- ياۋىداق سەۋەپ -باھانىلەر ياكى يوق يەردىن چاتاق چىقىرىپ، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزلەپ، يوق يەردىن قۇسۇر تېپىپ، قىلدەك نەرسىنى پىلدەك قىلىپ كۆرسىتىپ، تەيپۇنەم زامانىسىدىكى ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئەمىر- پارمانلىرىغا بويسۇنۇپ، ئۆز ماكانىدا ئۆزىنىڭ مىللىي ئۆرپە- ئادەتلىرى بۇيىچە تىپتىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان مىليونلارچە بىگۇناھ تۈرك مۇسۇلمان پۇقرالارنى-- ئۇيغۇرلار، قازاقلار، قىرغىزلار، ئۆزبېكلەر، تاتارلار، سالارلار ۋە مۇسۇلمان تۇڭگان ۋە تاجىكلار ھەممە باشقا يەرلىك مىللەتلەرنى، ئەر- ئايال، ياش- قېرى، چوڭ- كىچىك، ئاغرىق- سىلاق دېمەي، ھېچ قانداق قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتىمەي، كەڭ كۆلەمدە قانۇنسىز تۇتقۇن قىلىپ، بۇ جازا لاگېرلارغا سۇلاپ، « مىڭە يۇيۇش» پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، سىياسىي ئۆگىنىش، ئۆزىنى تەكشۈرۈش، قىزىل ناخشا ئېيتىش، خىتاي تىلىنى ئۆگىنىش ۋە ھاكىمىيەتكە شى جىنپىڭغا رەخمەت ئېيتىش قاتارلىق بىر يۈرۈش خىتايلاشتۇرۇش مەشغۇلاتلىرى ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي پەرزلىرىنى ئادا قىلىش ۋە ھالال- ھارام دېيىشلەرنى چەكلەش، يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە تۇرمۇش ئۆرپە- ئادەتلىرىگە زىت بولغان چوشقا گۆشى يېيىش، ھاراق ئىچىش ۋە تاماكا چېكىشلەرگە زورلاش قاتارلىق ھەرخىل رەزىل ۋاستىلارنى ئىشلىتىپ ، ئۇلارغا مىللىي زۇلۇم سېلىش ۋە ھەر خىل چىدىغۇسىز تەن جازالىرىنى بېرىپ، ئۇلارنى مىللەت كىملىكىدىن (مەۋجۇتلىقىدىن) -- مىللەت روھى ، تىلى، دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيىتى، ماكان، سىياسەت- مەمۇرىيىتى، ئىقتىسادى ۋە تۇرمۇش ئۆرپە ئادەتلىرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىماقتا. ئۇلارنى قىيىن- قىستاققا ئالماقتا. گۇندىپايلار ئۇلارغا تىل- ھاقارەت قىلىپ خورلىماقتا؛ مەس خىتاي گۇندىپايلار گۇناھسىز مەھبۇسلارنى

ئۇركالتەك قىلىپ چىقىرتىپ، ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىپ كۆڭۈللىرىنى ئاچماقتا، ئۇلارغا تاماق بەرمەسلىك، سۇ بەرمەسلىك ۋە تاھارەتخانىغا بېرىشقا رۇخسەت قىلماسلىق قاتارلىق قىلمىشلىرى بىلەن قىيناماقتا؛ پۇت-قوللىرىغا كىچە-كۈندۈزلەپ كويزا-كىشەن سېلىپ قويۇش بىلەن بىرگە تامغا ئېسىپ قويۇش، سائەتلەپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇش، خالىغانچە قىيناش، ئۇرۇش ۋە كېچە-كۈندۈز ئۇخلاتماسلىق قاتارلىق تەن جازالىرى بەرمەكتە. بىگۇناھ تۇتقۇنلار ھەرەج تارتماقتا. لاگېردىكى بۇ بىگۇناھ تۇتقۇنلار « دۆلەت تىلى » ۋە « قانۇن ئۆگىنىش » ئۇچۇن ياتاقتىن سىنىپقا قوراللىق يالاپ ئېلىپ بېرىلماقتا، ياتاقلىرىدىمۇ ئۆزئارا سۆزلىشىش ۋە ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىغا رۇخسەت يوق، مۇنچا، ھاجەتخانا ۋە كارىۋات ئۈستىدىمۇ 24 سائەت نازارەت قىلىنىشدەك ئېغىر ئىسكەنجىلەرگە يولۇقماقتا. جازا لاگېرلاردىكى بۇ خورلاش، مىللىي زۇلۇم، ئاچ قىلىش، دەم ئالالماسلىق، ئادەمنى خامۇش قىلىدىغان دورىلارنى بېرىش ۋە قىيىن-قىستاق قاتارلىق ئازاب-ئوقۇبەتلەر ۋە داۋالىنىش شارايىتىنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلى بىگۇناھ تۇتقۇنلارنىڭ روھىي جەھەتتىن ئازابلىنىشى ۋە سالامەتلىكى ناچارلىنىشى بىلەن ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋاللىرى ئۈزلۈكسىز سادىر بولماقتا. جازا لاگېرلاردا « ئىپادىسى ياخشى » دەپ قارالغان بىر قىسىم تۇتقۇنلار كەسىپكە چىقىرىلىپ، يەنىلا شۇ جازا لاگېر ئىچىدە ھەقسىز ئىشلىتىلمەكتە.

« < ختاي دائىرىلىرى يېقىندىن بېرى ئۇيغۇر رايوندىكى لاگېرلاردا بىر قىسىم تۇتقۇنلارنى 24 سائەتلىك ئائىلىسى بىلەن ئۇچراشتۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغان؛ تۇتقۇنلار بېشىغا قارا خالتا كيدۈرۈلگەن ۋە قولىغا كويزا سېلىنغان ھالەتتە لاگېردىن ئائىلىسىگە ئېلىپ بېرىلىپ، مۆھلەت توشقاندىن كېيىن يەنە شۇ ھالەتتە لاگېرغا ئەكېتىلگەن. >، < لاگېردا يېڭىدىن يولغا قويۇلۇۋاتقان ئائىلىسى بىلەن 24 سائەتلىك كۆرۈشتۈرۈش تۈزۈمى بويىچە لاگېردىن چىققان بىر خانىم بۇ پۇرسەتتە تۈركىيەدىكى تۇغقىنى -پائالىيەتچى زۇلپىقار ئەلگە تېلېفون قىلىپ ئۆزى ۋە لاگېردىكىلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. ئۆزلىرىنىڭ لاگېردىن ئامان چىقىشىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدى ئۈزۈلگەنلىكىنى بايان قىلغان بۇ خانىم لاگېردا ساقچىلارنىڭ تۇتقۇنلارنى تىنىمسىز سوراق قىلىدىغانلىقى ۋە باھانە تېپىپ ئۇرىدىغانلىقىنى پاش قىلغان؛ ئۇ يەنە بەدىنىدىكى قىيىن-قىستاق ئىزلىرىنىمۇ كۆرسەتكەن. > ».

« < قازاقىستانلىق ئۇيغۇر گۈلباھار جېلىلوۋا ، 2017- يىلى 5- ئايدا ئۈرۈمچىگە مال ئالغىلى كىرگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا تۇيۇقسىز ۋە سەۋەبسىز تۇتقۇن قىلىنىپ، ختاينىڭ ئۈرۈمچىدە لاگېر ئورنىدا قوللىنىۋاتقان تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى ۋە تۈرمىلەرنىڭ بىرىگە قامالغاندىن كېيىن، جىنايەتچىلەردەك قاتتىق مۇئامىلە، تىل-ھاقارەت ۋە ناچار تۈرمە شارائىتلىرى سەۋەبىدىن قان بېسىمى توختىماي ئۆرلەپ ئاغرىپ قالغان. دائىرىلەر 10- كۈنىگە بارغاندا ئاندىن ئۇنى تۈرمە دوختۇرخانىسىغا يۆتكىگەن. >، < گۈلباھار: << ئۇ يەردىكى دوختۇرخانىدا ياتقاندىن تۈرمىدە ياتقان ياخشىراق .>> دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇنىڭ سەۋەبى ھەققىدە توختىلىپ تەسۋىرلەپ بېرىشىچە، بۇ جاينىڭ پەقەت ئىسمىلا دوختۇرخانا بولۇپ، ئىچىدىكى مۇئامىلە، باشقۇرۇش، شارائىت ھەتتا تۈرمىلەردىنمۇ بەتتەر. بىمارلار ئۇ جايغا قول ۋە پۇتلىرى كىشەنلەنگەن ھالدا ئاپىرىلغاندىن سىرت يەنە بۇ كىشەنلەر داۋالاش جەريانىدىمۇ ئېلىۋېتىلمەيدىكەن. ئاپتوماتلىق ساقچىلارنىڭ قورشاۋىدىكى بۇ ئىسمى دوختۇرخانا بولغان جاينىڭ ياتاقلىرىمۇ

كامىرغا ئوخشاش بولۇپ، قورشاۋ ئىچىدە باشقۇرۇلىدۇ، بىمارلار ئۆزىنىڭ كامېرىدىن سىرتقا چىقىرىلمايدۇ، ھەتتا دوختۇرغا كېسەللىك ئەھۋالىنى بايان قىلىشتىمۇ پەقەتلا خىتايچە سۆزلەش تەلەپ قىلىنىدۇ، دوختۇرلارنىڭ مۇئامىلىسىمۇ ساقچىلارغا ئوخشاشلا قاتتىق ۋە رەھىمسىز. > > ».

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ خادىمىنىڭ نۆۋەتتە تۈركىيەدە ياشاۋاتقان سابىق لاگېر مەھبۇسى ئابدۇسالام مۇھەممەت بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىسىدە « < تۈرمىدىكى تۇتقۇنلارنىڭ كېچىدىكى بىر نەچچە سائەتلىك ئۇخلاش ۋاقتىمۇ ئادەم ئەقلىگە كەلمەيدىغان ئۇسۇللار بىلەن قىيناش ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇلغان . تۈرمىدە كامېردا پاكىزلىقتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇر مەھبۇسلارنى يوقلاش سەۋەبلەر بىلەن جازالاش، تاياقتا بېسىش ئىشلىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن. >، < ئۇ 6 ئايلىق تۈرمە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئاتالمىش << تەربىيەلەش مەركىزى >> گە يۆتكىلىدۇ ۋە بۇ يەردىمۇ يەنە ئىككى ئايدىن ئارتۇق ھەرخىل خورلۇقلارغا ئۇچرايدۇ. > » دەپ خاتىرلەنگەن .

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ ئاڭلىتىشىچە، « ئاقسۇدىكى لاگېرلار ھەققىدە ئەھۋال ئىگىلىشى داۋامىدا ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ جام بازىرىدا يېقىنقى 3 ئاي ئىچىدە 7- 8 كىشىنىڭ يىغىۋېلىش لاگېرىدىن جەسىتى چىققانلىقى، ئۆلگۈچىلەردىن بىرىنىڭ جام بازىرىنىڭ تۆمەن كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر پەرزەنتىنىڭ ئانىسى، 31 ياشلىق ئانا ئامىنە قادىر ئىكەنلىكى ئاشكارىلانغان. ئاندا- ساندا لاگېردىن قوتۇلۇپ چىققان ئاز ساندىكى گۇناھسىز تۇتقۇنلارمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتمەكتە. تۈرمىلەردىن مۇددىتى توشۇپ چىققانلارنى جازا لاگېرلىرىغا تاشلىماقتا ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. ».

ئۇيغۇر دىيارىدىن مەيلى چەت ئەلگە چىققانلىرى بولسۇن، ياكى خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە جان بېقىش ئۈچۈن كەتكەنلەر بولسۇن، كۆپ قىسمى دېگۈدەك خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەجبۇرىي قايتۇرۇپ ئەكېتىلگەن ۋە ئاتالمىش « قايتا تەربىيەلەش » كە ئەۋەتىلگەن .

يەرلىك خىتاي دائىرلىرى ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق مۇسۇلمان تۈركىي مىللەت كىشلىرىنى تۇتقۇن قىلىش ئۈچۈن ھىيلە- مىكىر ئىشلىتىپ، ھىلىگەرلىك بىلەن قىلتاق قۇرۇپ، ئادەملەرنى قاپقانغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن دېپىسىغا جىگدە سېلىپ، ئاتالمىش « بۇرۇن قانۇنسىز ماتېرىياللارنى كۆرگەن ياكى قولدا قانۇنسىز ماتېرىياللار بار بولغان كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلىشى ۋە ماتېرىياللارنى تاپشۇرۇپ بېرىشى تەلەپ قىلغان. ھەمدە ئۆزىنى مەلۇم قىلغۇچىلارغا كەڭچىلىك قىلىنىدىغانلىقى ئۇقتۇرغان. ». ئەمىلىيەتتە ،ئۆزىنى مەلۇم قىلغۇچىلارنى شۇ زامان قولغا ئالغان.

« قەشقەردە بىر كىشىنىڭ دوستىدىن تاپشۇرۇۋالغان بىر دىنىي مەزمۇندىكى سىن فىلمىنى ھۆكۈمەتكە ئۆزلۈكىدىن تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قىلچىمۇ كەڭچىلىككە ئېرىشەلمەي، ئەكسىچە ئاشۇ ماتېرىيالنى كۆرگەن قىلمىشى ئۈچۈن 15 يىللىق كېسىلگەن . 2016 - يىلى قەشقەر ۋە خوتەنلەردە ئاھالىلەرنىڭ << مەسىلە تاپشۇرۇش يىغىنلىرى>> غا سەپەرۋەر قىلىنغانلىقى ئاشكارىلانغان. كېيىن بۇ جايلاردىكى نوپۇسنىڭ 20- 30 پىرسەنتى تۇتقۇن قىلىنغان. قاراقاشنىڭ پۇرچاقچى يېزىسىدىكى << مەسىلە تاپشۇرغان >> لاردىن بىرىنىڭمۇ يىغىۋېلىش لاگېرىنىڭ سىرتىدا قالمىغان. ».

« ئاقتۇ ناھىيەسى چارلوڭ يېزىسىنىڭ 1500 چە نوپۇسلۇق. پۈتۈنلەي قىرغىزلار ئولتۇراقلاشقان پايىز كەنتىدىن 300 دىن ئارتۇق ئادەم لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ تۇتقۇن قىلىنغان قىرغىزلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تېلېفونىدىن << چاتاق>> چىققان ئىكەن. »، « ئۈرۈمچى << مىراج رېستوران >> دا ئىشلەيدىغان 200 دەك ئىشچى-خىزمەتچىسىنى بىردەك تۇتقۇن قىلغان. ناھىيلەردىن كەنت ۋە يېزىلار- قىشلاقلارغىچە قانچىلىك ئادەم تۇتۇش ھەققىدە ئوختۇرۇش چۈشۈرۈلگەن. ».

خىتاي ھۆكۈمدارلىرى يەنە خىتاي سۇلالىلىرى پادىشاھلىرىنىڭ « نەسلى- ۋەسلىنى قۇرۇتۇۋېتىش » تەدبىرىنى قوللىنىپ، بۇ مىللىي تۇتقۇنلۇقنىڭ دەرىجىسىنى چەكسىز كېڭەيتىپ، بىر ئائىلە ئەزالىرى ھاتتا ئۇرۇق- جەمەت بۇيىچە تۇتقۇن قىلىشقا يەتكۈزدى. چەت ئەلدە ئۇرۇق- تۇغقانلىرى بارلار، چەت ئەل بىلەن ئالەقىسى بارلار، چەت ئەلدىكى ئۇرۇق- تۇغقانلىرى ياكى تونۇش كىشىلىرى بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەنلەر، چەت ئەلگە چىققانلار، ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولۇپ كەلگەنلەر، چەت ئەلدە تىجارەتچىلىك قىلغان ياكى قىلىۋاتقانلار، چەت ئەللىكلەر بىلەن توي قىلغانلار، چەت ئەلدە ئوقۇغان ياكى ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار، چەت ئەللەردە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىستىقامەت قىلىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ خىتايدىكى ئۇرۇق- تۇغقانلىرى تۇتقۇن قىلىنماقتا.

بۇندىن سىرت، خىتاي ھۆكۈمىتى دائىرىلىرى بەزى دۆلەتلەر بىلەن بولۇپمۇ بەزى ئىستىبدات تۈزۈمدىكى ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆزئارا دوس تارتىشىپ، شۇ مەملىكەتلەردە ئۇزۇندىن بېرى ئىستىقامەت قىلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر، تىجارەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارنى شەرقىي تۈركىستانغا مەجبۇرىي قايتۇرۇپ، ئولارنى جازا لاگېرلىرىغا تاشلاپ، قىيىن- قىستاق قىلماقتا. ھەتتا مىللىي جاسۇسلارنى چەت ئەلگە چىقىرىش ۋە چەت ئەلدە مىللىي جاسۇسلارنى سىتىۋېلىش ئارقىلىق چەت ئەلدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان كىشلەر، ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار، قانونلۇق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى ھەققىدە قانۇنسىز ھالدا ئىنفورماتسىيە تۆپلاشقا ئۇرۇنماقتا.

خىتاي دائىرلىرى يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۋاتقان رەزىل ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن ئىبارەت ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايىتىنىڭ خەلقئارادا پاش بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ راسۋا بولۇپ، خەلقئارا جامائەتنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن « دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىي »، « شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەجلىسى» »، « ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى»، « ئامېرىكا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى »، « ئامېرىكا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پروېكتى »، « شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيتى » ۋە « ئۇيغۇر يېڭى نەسىل ھەركىتى» قاتارلىق قانونلۇق ھەر قايسى ئۇيغۇر سىياسىي تەشكىلاتلىرى ۋە غوللۇق ئۇيغۇر سىياسىي پائالىيەتچىلىرىغا « تېررورلۇق تەشكىلاتى » ۋە « تېررورچى » دېگەندەك ھەر خىل بۆھتانلارنى چاپلاش قاتارلىق رەزىل ئىشلار بىلەن ھەدەپ ھەپلەشسە ، يەنە بىر تەرەپتىن چەت ئەللىك ئۇيغۇرشۇناسلار، ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلگۈچىلەر ۋە سىياسىي ئارباپلارنى ھەر خىل بولمىغۇر سۆزلەر بىلەن ئەيىپلىمەكتە .

« < 8- كۈنى << زېمىستان >> توربدا مەزكۇر تور بېكەتنىڭ دىرېكتورى، ئىتالىيەلىك ژۇرنالىست ماركو رېسپىنتى تەرىپىدىن يېزىلغان << مېنىڭ 10 نەچچە تۇققىنىم غايىب بولدى، < 11- سېنتەبىر ۋەقەسى> نىڭ يەنە بىر قۇربانى روشەن ئابباس >> سەرلەۋھىلىك بىر ماقالە ئېلان قىلىندى. >، < ماركو رېسپىنتى ماقالىسىدە ئۇنىڭغا ئوخشاش 21 يېشىدا ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ مۇھاجىرەتتە 30 يىلدەك ياشىغان، ئاللىقاچان چەتئەل پۇقرالىقىغا ئۆتۈپ بولغان بىر ئۇيغۇرنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلىك قىسمەتلەرنى نۇقتىلىق بايان قىلغان. بۇ ئارقىلىق ئاپتور

نۆۋەتتە 2 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى ئاتالمىش << تەربىيلەش مەركەزلىرى >> نامدىكى جازا لاگېرلىرىغا قاماپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتا تارىختىكى ئەڭ زور ئېتنىك قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىمۇ كونترول قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ خىتايغا قارشى ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىنى زەربە بېرىش نىشانى قىلىۋاتقانلىقىنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشقان. > ».

قانۇنسىز تۇتقۇن قىلىش بىمەنىلىكتە شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، كۈندىلىك تۇرمۇشتا « شىنجاڭ ۋاقتى» ئىشلەتكەنلەر، كۆرۈشكەندە ئۆزئارا « ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋە ۋەلەيكۇم ئەسسالام » ۋە « خۇداغا ئامانەت » دەپ قويغانلار ياكى يان تېلېفوندىن « قۇرئان كەرىم » نىڭ بىرەر- يېرىم پارچە ئايەتلىرى چۈشۈپ قالغانلار، ئۆيىدە ناماز ئوقۇغان بوۋاي- مومايلار، ھاتتا ساقال قويغان مويسىپىت كىشىلەرمۇ « دىنى ئەسەبىلىك » ياكى « دىنى ئاشقۇنلۇق » ئىدىيەسى بار دەپ گۇناھلىنىپ، جازا لاگېرلىرىغا تاشلانماقتا. قانۇنسىز تۇتقۇن قىلىشنىڭ دايىرىسى بارغانسىرى كەڭەيمەكتە، جازا لاگېرلىرى بارغانسىرى كۆپلەپ قۇرۇلماقتا. شۇ سەۋەبتىن تۇرمە گۈندىپايلار يېتىشماي قالغانلىقتىن خىتاي دائىرىلىرى يېقىندا « ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » دىكى تۈرمىلەرگە زور كۆلەملىك ساقچى قوبۇل قىلىش ئېلانى چىقارغان. « ش ئۇ ئا ر تۇرمە باشقۇرۇش ئىدارىسى » نىڭ 27- ئۆكتەبىر خىتاي ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىدا ئېلان قىلغان ئۇقتۇرۇشىدىن مەلۇم بولۇشىچە بۇ يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايوندىكى تۈرمىلەرگە 1013 نەپەر خادىم قوبۇل قىلىدىكەن.

« BBC خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ بۈگۈن ( 2018- 10- 24 ) خەۋەر قىلىشىچە، يېقىندا ئۇيغۇر دىيارىدىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان BBC مۇخبىرلىرى ئۇرۇمچىنىڭ داۋانچىڭ تەۋەلىكىدە 130 مىڭ كىشى سىغقۇدەك بىر لاگېرنى بايقىغان. بۇنىڭ كۆتۈلمىگەن بىر بايقاش بولغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن مەزكۇر خەۋەردە بۇ يىل 4- ئايدا مۇستەقىل تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن سۈنئىي ھەمراھ بىلەن كۆزىتىش ئارقىلىق بايقالغان ۋە ئۇيغۇر رايوندىكى ئەڭ چوڭ لاگېر دەپ قارالغان داۋانچىڭ لاگېرىنىڭ بۇ يىل 10- ئايغا كەلگەندە يەنىمۇ كېڭەيگەنلىكى، لاگېرنىڭ ئىلگىرى خەرىتىدىن بوش كۆرۈنگەن شەرقى تەرىپىنىڭ يەنە كۆپلىگەن 4 قەۋەتلىك بىنالار بىلەن تولغانلىقى بايان قىلىنغان . خەۋەردە دېيىلىشىچە، BBC مۇخبىرلىرى بۇ بىنالارنى رەسىمگە تارتىشقا تەمشەلگەندە خىتاي ساقچىلىرى دەرھال يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئاپپاراتىنىڭ ئالدىنى توسقان ۋە ئۇلارنى بۇ تەۋەلىكتىن يىراقلىشىشقا بۇيرۇغان. BBC ئاگېنتلىقى داۋانچىڭ لاگېرىنىڭ سۈنئىي ھەمراھ خەرىتىسىدىكى كۆرۈنۈشىنى ئامېرىكىدىكى بىنا لايىھىلەش ئىجتىمائىي بىخەتەرلىك ئورنىنىڭ مۇتەخەسسىسى راپھائېل سپەررىيگە كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئالغان. سپەررىي بۇ قۇرۇلۇشنى پەقەتلا قاماقخانىدا ئىشلەتكىنى بولىدىغانلىقى، قۇرۇلۇشىنىڭ ئاز قۇرۇلۇش چىقىمى بىلەن كىچىك ئورۇنغا كۆپ ساندا ئادەم سىغدۇرۇشنى پىلانلاپ سېلىنغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇ بۇ لاگېرغا ئاز دېگەندە 130 مىڭ كىشىنى سىغدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. خەۋەردە داۋانچىڭ لاگېرىنىڭ سىغىمچانلىق جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئەڭ زور قاماقخانا ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. ».

ئاۋستراليەدىكى « << ئىستراتېگىيە ۋە سىياسەت ئىنستىتۇتى>> (ASPI) نىڭ 3 نەپەر تەتقىقاتچىسى 31- ئۆكتەبىر كۈنى ئۇيغۇر ئېلىدىكى لاگېرلار خەرىتىلەشتۈرۈلگەن چوڭ ھەجىملىك بىر دوكلات ئېلان قىلدى . دوكلاتدا 2017- يىلىنىڭ بېشىدىن ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر ئېلىدىكى 28 لاگېرنىڭ كۆلىمى تېز سۈرئەتتە زورىيىپ،

ئىككى مىليون كۋادرات مېتىرغا يېتىپ بارغانلىقى؛ پەقەت يېقىنقى 3 ئاي ئىچىدىلا ئۇلارنىڭ كۆلىمى 700 مىڭ كۋادرات مېتىر ئاشقان. » .

« مۇخبىرىمىزنىڭ ئاتۇشقا قارىتا ئېلىپ بارغان تېلېفون زىيارەتلىرى داۋامىدا ئاتۇشتا بەش لاگېر بارلىقى، بۇ بەش لاگېرنىڭ ئاتۇش شەھەر ئىچىدىن 10 كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى سانائەت رايونىدا يانمۇ- يان ئورۇنلاشقانلىقى ئاشكارىلاندى. كەنت سېكرېتارلىرىدىن بىرى ئۆز كەنتىدىن ئەكېتىلگەن بىر تۇتقۇننىڭ 2- تەربىيەلەش مەركىزىدىكى 3513- ياتاقتا ئىكەنلىكى ۋە بۇ 2- تەربىيەلەش مەركىزىدە 10 بىلەن 20 مىڭ ئارىسىدا كىشى بارلىقىنى تىلغا ئالدى. ».

نوپۇزلۇق ئاخبارات ئورگانلىرىدىن رويتېرس ئاگېنتلىقى 29- نويابىر كۈنى ئۇيغۇر ئېلىدىكى لاگېرلار ھەققىدە بىر مەخسۇس تەكشۈرۈش دوكلاتى ئېلان قىلدى. ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە « رويتېرس ئاگېنتلىقى ئۇيغۇر ئېلىگە مەخسۇس مۇخبىر ئەۋەتىش ۋە گۇگۇل سۈنئىي ھەمراھ رەسىملىرىنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئېلىدىكى لاگېرلار ھەققىدە يەنە بىر تەكشۈرۈش خاراكتېرلىك خەۋىرىنى ئېلان قىلدى.... مەلۇم بولۇشىچە، رويتېرس ئاگېنتلىقى سۈنئىي ھەمراھ سۈرەتلىرى ۋە باشقا ئىسپاتلار ئارقىلىق يىغىۋېلىش لاگېرى ئىكەنلىكى دەلىللىنىپ چىقىلغان 7 ئورۇنغا مۇخبىر ئەۋەتكەن بولۇپ، بۇ لاگېرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەتراپى تام بىلەن قورشالغان ۋە دەرۋازا ئالدىدا قوراللىق خادىملار ھەم شۇنداقلا كۆزىتىش مۇنارلىرى بار ئىكەن. مۇخبىرلار بۇ ئورۇنلارغا يېقىنلاشقان بولسىمۇ، بىراق ساقچىلارنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشىغا ئۇچرىغان. رويتېرسنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشىچە، ئۇلار ئانالىز ئېلىپ بارغان 39 يىغىۋېلىش لاگېرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ يىغىۋېلىش لاگېرى كورلا شەھىرىدە بولۇپ، كورلىدىكى بۇ يىغىۋېلىش لاگېرى يېقىنقى 17 ئاي ئىچىدە 2 ھەسسە كېڭەيگەن، ئۇنىڭ بۇ يىل 8- ئايدا تارتىلغان سۈنئىي ھەمراھ رەسىمدىكى ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 140 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېتىپ بارغان. بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى، رايوندا يەنە 67 يېڭى لاگېر بىناسى قۇرۇلۇشى داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆلىمى 210 مىڭ كۋادرات مېتىر ئىكەن. ».

« < ختاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان خەلقلەرنى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىپ، تۈرمە ۋە << قايتا تەربىيەلەش >> لاگېرلىرىغا قامىشى گۇندىپاي يېتىشمەسلىك ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.>، < ئىتالىيەدە چىقىدىغان << زىمىستان >> ناملىق دىنىي ئەركىنلىك تورىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، نۆۋەتتە دائىرىلەر تۈرمە ياكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنى قوغدايدىغان گۇندىپاي ياكى قاراۋۇل قوبۇل قىلىشتا قىينالماقتا ئىكەن. ختاي ھۆكۈمىتى بۇ ئورۇنلارنىڭ << كەسپىي تېخنىكا تەربىيەلەش مەركەزلىرى>> ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسىمۇ، لېكىن كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بۇ ئورۇنلارنىڭ تۈرمىدەك باشقۇرۇلىدىغان يىغىۋېلىش لاگېرلىرى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدا 3 مىليونىدەك ئۇيغۇرنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلدى. >، < << زىمىستان >> تورىنىڭ 3- يانۋاردىكى خەۋىرىدە ختاي دائىرىلىرىنىڭ گۇندىپاي يېتىشمەسلىك ئەھۋالىنى ھەل قىلالماي جەمئىيەتكە تۈرمە خادىمى قوبۇل قىلىش ئېلان چىقارغانلىقىنى بىلدۈردى. >، < ختاي دائىرىلىرىنىڭ يېقىندىن بېرى كۆپلەپ تۈرمە خادىمى قوبۇل قىلىپلا قالماي يەنە ھەر قايسى ناھىيەلەرگە كۆپلەپ ساقچى قوبۇل قىلىۋاتقانلىقى مەلۇم. << زىمىستان >> تورىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئالاتاۋ شەھىرى ئۆتكەن يىلى 12- ئايدا يۇقىرى مائاشلىق 200 نەپەر ساقچى قوبۇل قىلىش ئېلانى چىقارغان. ئوخشاش بىر ۋاقىتتا يەنە يوپۇرغا ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسى ختاي ئۆلكىلىرىدىن بۇ ناھىيەگە 200 نەپەر كەسپىي خادىم قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى

ئېلان قىلغان. ئامېرىكىدىكى << جېيمس توۋېن فوندى جەمئىيىتى>> ناملىق تەتقىقات ئورگىنىنىڭ ئۆتكەن يىلى نويابىردا ئېلان قىلىنغان دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاينىڭ 2017- يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا بىخەتەرلىككە ئالاقىدار قۇرۇلۇشلارغا سەرپ قىلغان پۇلى 3 ھەسسە ئارتقان. > ».

« رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 6- نويابىردىكى خەۋىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئۇيغۇرلار دىيارىدىكى بىخەتەرلىككە چېتىشلىق خىراجەتنىڭ ئومۇمى مىقدارى 2017- يىلى 20 مىليارد سوم ( ئۈچ مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېقىن ) ، يەنى 213 پىرسەنت ئاشقان قىلغان. مەزكۇر خۇلاسىنى ئامېرىكىدىكى جېيمس تاۋن فوندىنىڭ خادىملىرى خىتاي ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان خام چوت ھەققىدىكى تۈرلۈك سانلىق مەلۇماتلار ۋە ئالاقىدار قۇرۇلۇشلارغا سەرپ بولغان خىراجەتلەر ئاساسىدا ھېسابلاپ چىققان. ».

بۇ مىللىي تۇتقۇنلۇقنىڭ تۈپەيلىدىن كۆرمىگ ئائىللەر ۋەيران بولۇپ، تۆمەنلىگەن باللار- ئۆسمۈرلەر قارانچۇقسىز قالدى. ھۆكۈمەت دائىرلىرى بۇ قارانچۇقسىز قالغان باللارنى دارىلتاملارغا يىغىۋېلىپ، ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپ خىتايلاشتۇرۇشقا كىرىشتى. ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئىگەلىشىچە، « < يەكەن كاچۇڭ بازارلىق مەركىزى باشلانغۇچ مەكتەپتە 300 دىن ئارتۇق ئىگە- چاقىسىز باللار بار ئىكەن. ھەممىسى باشلانغۇچ مەكتەپ باللىرى، 1- سىنىپتىن 5- سىنىپقىچە، ھەممىسى مەكتەپتە ياتىدۇ. ئاتا- ئانىلىرى ھەممىسى تەربىيەلەشتە. قىينىچىلىقى ھەر تەرەپتىن بار، لېكىن ھازىر ئەڭ موھتاج بولۇۋاتقىنى قىشلىق كىيىم- كېچەكلەر ئىكەن. يېتىم بالا قاتارىدىكىلەرنى ئىچكىرىلەردىكى پاراۋانلىق ئورۇنلىرىغا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن ئىكەن. >، < خىتاي ئۆلكىلىرىدىن خوتەن ۋىلايىتىدە قوش تىل مائارىپىغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن لىۇ چاڭخەي ، جاۋ جىڭ ئىسىملىك ئىككى خىتاي ئوقۇتقۇچى نامىدا يېقىندا << جۇڭگو سودا- شىنجاڭ ئۈندىدار توپ >> دا بىر مۇراجىئەتنامە تارقالغان بولۇپ، بۇنىڭدا << بىزنىڭ بۇ يەر بەك نامرات، مەكتەپتىكى باللار كىيىم- كېچەككە بەك ئېھتىياجلىق، چۈنكى ئۇلار بەك نامرات بولغاچقا كىيىم- كېچەك ۋە ئاياغ سېتىۋالالمايدىكەن. بولۇپمۇ قىشتا بۇ يەر نۆلدىن تۆۋەن 7 گرادۇسقا چۈشۈپ قالىدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن 15- 16 گرادۇسقا چۈشىدۇ. باللارنىڭ كىيىدىغىنى يەنىلا شۇنداق نېپىز كىيىم- كېچەك، ئاياغلىرىنىڭ ھەممىسى يىرتىق، تۆشۈك، بىز مائارىپقا ياردەم بېرىشكە كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىمىز بەك ئازابلاندۇق. مەن پەقەت ئازغىنە كۈچ بىلەن بۇ تېمىنى تارقاتتىم، ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىششىنى ئۈمىد قىلىمىز. >> > دەپ يازغان. ». ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇر تور بېتىنىڭ 2018- يىل 28- دېكابىر دىكى خەۋىرىدە « بىرقانچە كۈندىن بېرى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقالغان بىر رەسىملىك ئۇچۇردا، بىر كىچىك بالىنىڭ ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىپ مۇزلاپ ئۆلگەنلىكى بايان قىلىنغان ئىدى. مۇخبىرىمىزنىڭ ئالاقىدار ئورۇن ۋە شەخسلەرگە قارىتا ئېلىپ بارغان تېلېفون زىيارەتلىرى داۋامىدا، مەزكۇر ۋەقەنىڭ قاراقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا يېزا چوكانجىلغا كەنتىدە يۈز بەرگەنلىكى، ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا- ئانىسى يىغىۋېلىش لاگېرىغا ئەكېتىلگەن ئىككى ياشلىق بىر ئوغۇل ئىكەنلىكى دەلىللەندى. مەلۇم بولۇشىچە، 78 ياشلىق بوۋىسى تەرىپىدىن قارىلىۋاتقان بۇ بالا ئىشىك ئالدىدىكى ئۆستەڭدە مۇز تېيىلىپ ئويناۋېتىپ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ۋە مۇزلاپ جان ئۈزگەن. ».

ھازىر تۈركىيە ئىستانبۇلدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئابدۇراخمان خىتايچە داۋيۇ دېتالى ئارقىلىق تارقالغان ۋىدىيودىن تۈركىيىدىن شەرقىي تۈركىستانغا كەتكەن ئۆز ئوغلىنى تونۇۋالغان. « < بۇ ۋىدىيودا 4 ياشلىق بىر ئۇيغۇر بالا خىتايچە سۆزلىتىلگەن بولۇپ، ئۇ ئىسمىنى ئابدۇلئەزىز دەپ ئېنىق ئېيتقان. ئىز قوغلاش ئارقىلىق ئۆز ئوغلىنى

تونۇۋالغان.>، < ئابدۇراخماننىڭ ئىستانبۇلدا 2014- يىلى 12- ئاينىڭ 21- كۈنى تۇغۇلغان ۋە ئىككى يىل ئاۋۋال ئاپىسى بىلەن يۇرتى ئاقسۇغا قايتقانچە خەۋىرى بولماي كېلىۋاتقان ئوغلى ئابدۇلئەزىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا ئىكەن. >، < 15 سېكۇنتلۇق بۇ ۋىدىيودا «سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە؟ قانچە ياشقا كىردىڭ؟ ۋەتىنىڭنىڭ نامى نېمە؟ ۋەتەننىڭ بايرىقىڭ قانداق؟ دەپ خىتايچە سورالغان سوئاللارغا خىتايچە چاققانلىق بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇۋاتقان قوي كۆزلۈك، بودرۇققىنە ئابدۇئەزىزنىڭ بىر خىتاي ئوقۇتقۇچى ياكى يېتەكچىگە جاۋاب بېرىۋاتقىنى چىقىپ تۇراتتى. بۇ قىسقىغىنە ۋىدىيونىڭ ئاخىرى تاماقنى نەدىن يەيسەن؟ دېگەن سوئالغا بالىنىڭ يۆتىلىپ تۇرۇپ << ئەخلەت ساندۇقدىن>> دەپ بەرگەن جاۋابى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.> ».

ھەي، ياۋۇز شى جىنپىڭ، « ئىككى يۈزلىمچى» دېگەن سەن ئۆزەڭ. چەت ئەللەرگە زىيارەتكە چىقساڭ، ساختىلىق قىلىپ، چەت ئەللىكلەرنىڭ باللىرىنى ئەركىلىتىپ كېتىسەن؛ ئەكسىچە، خىتايدا بولساڭ، مۇسۇلمان تۈرك باللارنىڭ ئاتا- ئانىلىرىنى جازا لاگېرلىرىغا تاشلاپ، باللارنى ئۇلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە كۆيۈمچان ئاتا- ئانىسىدىن ئايرىۋېتىسەن. بۇ سەۋەبي باللار سىنىڭ ئارپاڭنى خام ئورغانمۇ؟!

شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر ئاۋام خەلقلىرىدىن ھېچقانداق قانۇنى رەسمىيەت ئۆتەلمەي جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە تۇتقۇن قىلىنغانلاردىن تۆۋەندىكى كىشلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ھەمدە جەمەئەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇچرىغان قىسمەتلىرىنى مىسالغا ئېلىپ كۆرستىش مۇمكىن:

مەشھۇر ئىسلام دىنى ئالىمى مۇھەممەت سالىھ داموللا نىڭ ئۇرۇق- جەمەتى بويىچە تۇتۇن قىلىنىش پاجىئەسى، جازا لاگېردىن قۇتۇلۇپ چىقىپ ھازىر تۈركىيەدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۆمەر بېكئالىنىڭ تۇتقۇن قىلىنغان ئاتا- ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى ؛ تارقاق ھەج قىلغان دېگەن ئەيىبلەش بىلەن تۇتقۇن قىلىنغان غۇلجىلىق 42 ياشلىق تىجارەتچى، كۆزگە كۆرۈنگەن كارخانىچى ئابدۇغاپپار ئابدۇرۇسۇلنىڭ ( ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ) ئۇرۇق- تۇققانلىرىنىڭ قىسمەتلىرى، قەشقەرلىك تىجارەتچى ۋە مەرىپەتپەرۋەر ئابدۇراھمان ھەسەننىڭ 30 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، پىنسىيەگە چىققان 69 ياشلىق ئانىسى ۋە ئايالىنىڭ جازا لاگېرىدىكى خورلىنىشى؛ خوتەنلىك تىجارەتچى ئادىل ئابدۇقادىرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تۇتۇن قىلىنىشى، مۇيەسسەر مۇھەممەت 13 يىل بۇرۇن مىسىردا ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن دەسلەپتە لاگېرغا كېيىن تۈرمىگە قاملىشى ۋە مۇيەسسەرنىڭ ئاتۇشتىكى بارلىق ئۇرۇق- تۇغقانلىرى ئىلگىرى- كېيىن لاگېرغا ئېلىپ كېتىلىشى؛ ئاتۇش ئازاق يېزىلىق ئوقۇغۇچى ئىلھام قارى مىسىردىن يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن ئاتا- ئانىسى جازا لاگېرىدىن قويۇپ بېرىلىپ، ئۆزى جازا لاگېرىغا تۇتقۇن قىلىنىپ، لاگېردا جان ئۈزگەنلىكى؛ ئىلھام قارىنىڭ ئانا تەرەپتىن ئابدۇغىنى، ھېكمجان ۋەلى قاتارلىق قىرىنداشلىرى ئائىلىسى بويىچە تۇتۇن قىلىنىشى؛ ئەنقەرە ئۇنىۋېرستېتىنىڭ ئاسپىرانتى مەريەم سۇلتاننىڭ ئاپىسى ئايگۈل سۇلتاننىڭ لاگېرغا سۇلىنىشى، بۇ يىل ئا قى شى كونگرىسى « خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە ھەيئىتى » نىڭ گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىدا گۇۋاھلىق بەرگەن، ئامېرىكا ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىيىسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ دىكتورى گۈلچېھرە قىيۇم خوجانىڭ ئۇرۇق- جەمەتىدىن 23 ئادەم تۇتقۇن قىلىنىشى؛ ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر سىياسىي پائالىيەتچىسى روشەن ئابباسنىڭ ھەدىسى گۈلشەن ئابباس ۋە ھامىسى ماھنۇر ئابلىزنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى قاتارلىقلار. ( قانۇنىي رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان ئاۋام كىشلەرنىڭ قىسمەن تىزىملىكى قوشۇمچە بىرىنچىدە بېرىلدى. )

بۇ قانۇنسىز تۇتقۇنچىلىقتىن شەرقىي تۈركىستانغا زىيارەت ياكى تىجارەت بىلەن كەلگەن چەت ئەللىكلەرمۇ خالى بولالمىدى. قازاقىستان پۇقراسى ئومەر بىكالى بۇنىڭ جانلىق تىپىك مىسالىدۇر.

قانۇنسىز تۇتقۇن قىلىنغانلار خىتاينىڭ تۈرمە ۋە جازا لاگېرلاردا خىتاي دائىرلىرىنىڭ گۇندىپايلىرى تەرىپىدىن ئىنتايىن قىيىن- قىستاق ۋە تەن جازالىرىغا ئۇچرىدى ، كۆپلىگەن بىگۇناھ تۇتقۇنلار ئۆلتۈرۈلدى. مەشھۇر ئىسلام دىنى ئالىمى مۇھەممەت سالىھ داموللا ۋە ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ ئۇچرىغان سەرگۈزەشتلىرى ۋە مېھرىگۈل تۇرسۇن 2015 يىلى 3- ئاينىڭ 15 كۈنى قاھىرەدە ئىككى ئوغۇل، بىر قىز، جەمئىي 3 كېزەك بالىسى بىلەن شەرقىي تۈتكىستانغا كەلگەندىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرى جازا لاگىرلىرىنىڭ ئىچكى ئەملىي ئەھۋالىنىڭ جانلىق پاكتىدۇر.

بۇ قانۇنسىز مىللىي تۇتقۇنچىلىقتىن يۇزىدە تۆكى بار خىتاي كومپارتىيە ھۆكۈمىتى ھاتتا ئۆزى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلار ئۈچۈن كەتمەن چاپقان « ساداقەتمەن » مىللىي يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىمۇ مۇستەسنا قىلمىدى. « ش ئۇ ئا ر ھۆكۈمىتى » نىڭ سابىق رەئىسى ۋە « ش ئۇ ئا ر پارتكوم» نىڭ سابىق مۇئاۋىن سېكرېتارى، دۆلەتلىك ئېنېرگىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نور بەكرى؛ « ش ئۇ ئا ر پارتكوم » سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى شىرزات باۋۇدۇن ۋە « ئىلى قازاق ئوبلاستلىق پارتكوم » نىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ئەنۋەر ئابدۇشۈكۈرلار بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. چۈنكى ھازىر خىتاي كومپارتىيە ھۆكۈمىتى ئۈچۈن «شىنجاڭ » دا شەكلى « ستالىنچە »، مەزمۇنى « ماۋزېدوڭچە » ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ھاجىتى قالمىدى. دېمەكچى، « شىنجاڭ » دا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي كادىرلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن مىللىيلارنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى داۋاملىق ئىشلىتىشىنىڭ ئەھمىيىتى قالمىدى. نۆۋەتتە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسلىدىلا « ھەمدەمدە بار، ھېسابتا يوق » بۇنداق « مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى » ئاستىدىكى بۇ مىللىي كادىرلارغا ھېچقانداق ئېھتىياجى قالمىدى. ھازىر خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي كادىرلارسىز ھەر خىل قانونسىز زوراۋانلىق ۋاستىلىرى ۋە خىتاي كادىرلىرىنىڭ زورلۇق- زومبۇلۇق ۋاستىلىرى ئارقىلىق يەرلىك مىللەتلەرنى بىۋاستە باشقۇرۇدىغان ۋەزىيەتنى ئاللاقاچان شەكىللەندۈرۈپ بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خىتاي كومپارتىيە ھۆكۈمەتىنىڭ كاتتىباشلىرى چىڭ ئىمپېرىيىسى زامانىسىدا چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇستەملىكىسى شەرقىي تۈركىستاندا يۇز بەرگەن « ئامۇرسانا ۋەقەسى » نى تىخى ئۇنتۇپ كەتكىنى يوق.

دۇنيا مەدەنىيلىشىپ بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە خىتاي كومپارتىيىسى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ھالدا مىليونلىغان ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق تۈرك مۇسۇلمانلىرىنى جازا لاگېرلىرى سولاپ، ئۇلارنى دەھشەتلىك قىيىن- قىستاق قىلىش ۋە ئۇيغۇر يېزىلىرى ۋە قازاق- قىرغىزلارنىڭ ئاۋۇل- قىشلاقلىرىنى قوراللىق ئەسكەر- ساقچىلار بىلەن قورشاپ، پۈتۈن يېزا بويىچە ئاھالىلارنى قوغلاپ يۈرۈپ، چامغۇرنىڭ كوكىنى ئالغاندەك ۋەھشىلەرچە قىرىشتەك بۇ جىنايي قىلمىشلىرى ( يەكەن « ئىقبلشۇ پاجىئەسى» بۇنىڭ تىپىك مىسالى) 1935 -- 1937 يىللىرى ستالىنىنىڭ پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى مىقياسىدا يۈرگۈزگەن « تازىلاش» ھەرىكىتى ۋە گۇلاگ ( رۇسچە « لاگېرلار ۋە يىغىۋېلىش ئورۇنلىرىنى باشقۇرۇش مەمۇرىيىتى » دېگەن ئىدارە ئىسمىنىڭ قىسقارتىلمىسى ) ئاچقان جازا لاگېرلىرىنىڭ كۆلىمى ۋە دەھشەتلىك دەرىجىسىدىن ئاللاقاچان ھالقىپ ،2- جاھان ئۇرۇش مەزگىلىدىكى گېتلەر فاشىستلىرىنىڭ يەھۇدىيلەرنى جازا لاگېرلىرىغا سولاپ ، قىرغىنچىلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن پەرقلەنمەي قالدى.

« ئاسىيا- تىنچ ئوكيان رايونىدىكى دۆلەتلەرنىڭ مۇداپىئە ساھەسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان يىغىندا ئامېرىكىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى باش ئەلچىسى نىككى خېيلى خانىم : ئۇيغۇر ئېلىدىكى لاگېرلارنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ : << بۇ ھازىرقى دۇنيادا كۆرۈلگەن ئەڭ زور كۆلەملىك ئىنسانلارنى يىغىپ قاماش ھەرىكىتىدۇر. ئۇ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئەڭ زور بىر قېتىملىقى بولۇشى مۇمكىن. >> دېگەن. نىككى خېيلى خانىم ئاز دېگەندە بىر مىليوندىن ئوشۇق كىشى قامالغان بۇ لاگېرلاردا قىيىن- قىستاق بارلىقى، كىشىلەرنىڭ ئۆز دىنى ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كومپارتىيەگە ساداقىتىنى ئىپادىلەشكە مەجبۇرلىنىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتكەن. ».

ئامېرىكا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشىنىڭ تاشقى ئىشلارغا مەسئۇل دىرېكتورى لۇئىسا گرېۋ خانىم « ئۇيغۇر ئېلىدىكى لاگېرلاردا كىشىنى ئىنتايىن ئەندىشىگە سالىدىغان ئېغىر مەسىلىلەر بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇ سۆزىدە: < لاگېرلاردا يېتىپ چىققان شاھىتلارنىڭ سۆزلىرىدىن مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇ يەردە تۇتقۇنلارغا ئۇلارنىڭ كاللىسىنى تورمۇزلاپ خامۇش قىلىپ قويىدىغان دورا بېرىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. ئاياللارغىمۇ ئۇلارنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىدىن قالدۇرۇلىدىغان دورا بېرىۋاتقانلىقى مەلۇم . يەنە بىر مۇھىم مەسىلە بولسا ئوكۇل ئارقىلىق ئۆلتۈرۈش مەسىلىسىدۇر، مانا بۇلار بىزنى قاتتىق ئەندىشىگە سالماقتا > دېدى . ».

خىتاي دائىرلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن تۈرمە ۋە جازا لاگېرىدىكى « خادىملار » تۇتقۇنلارنى تەجرىبىخانىلاردىكى « چاشقانلار» نىڭ ئورنىدا ھەر خىل دورىلار ۋە باستۇرۇش قورال ۋە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى تەكشۈرمەكتە.

« < 2013- يىلى 19- ئاۋغۇست تۇتۇلغاندىن كېيىن توختىماي سالامەتلىك تەكشۈرۈشكە دۇچ كەلدىم. بەزىدە ئايدا، بەزىدە بىر قانچە ئايدا بىر قىلىنىدىغان قان، شۆلگەي ۋە تەرەت تەكشۈرۈش ماڭا پەقەت غەلىتە بىلىنمەيتتى. قۇلاقتىن ياكى بارماقتىن ئالسىمۇ بولىدىغان قاننى بىلىكمىزدىن خالتىلاپ ئېلىشلار ماڭا نورمالسىز تۇيۇلغان ئىدى. پەقەت قېنىمىزنى ئېلىپ ساتىدۇ، بۇ مەلئۇنلار دېگەندىن باشقىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن. كېيىنچە دىققەت قىلسام ئاۋۋال دورا بېرىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن سالامەتلىك تەكشۈرىدىكەن. بەزىدە ئىسمى نائېنىق دورىلار تارقىتىلاتتى ۋە ئۇزاق قالماي قان تەكشۈرۈلەتتى. ھەر تەكشۈرۈشتە بېرىلگەن دورىلاردىن كېيىن بەدەندە قانداق راھەتسىزلىك بولغانلىقى سورىلاتتى. مەن ھەر قېتىم سالامەتلىك تەكشۈرۈشتە يۇقىرىقى سوئاللارغا جاۋاب بېرىۋېتىپ ئۆزۈمنى تەجرىبە قىلىنىۋاتقان چاشقانلاردەك ھېس قىلاتتىم.>، < تەجرىبىلەر بۇلا ئەمەس، ئەلۋەتتە. 2014- يىلى 6- ئاينىڭ قايسى كۈنى ئىكەنلىكى ئېسىمدە يوق. ئەتىگەن سائەت ئون بولغان چاغ بولۇپ ھاۋالىنىش ئۈچۈن يېرىم سائەت ۋاقىت بېرىلگەن ئىدى. تۇيۇقسىز << گۈم >> قىلىپ بىر نەرسە كامېرنىڭ كەينىدىكى ھاۋالانما ئۈستىدە پارتلىدى. كامېرنىڭ ئوچۇق ئىشىكىدىن كىرگەن گاز پۇرىقىدىن باشلار قېيىپ، كۆزلەر ياشلىنىپ، كېكىردەكلىرىمىز ئېچىشىپ كەتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ئېسىمدە يوق، بىر چاغدا كامېرنىڭ ئىچىگە ئورنىتىلغان كارنايدىن قاماقخانا باشلىقى شىنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى. >، < قانداقراق تۇيغۇدا بولدۇڭلار، كاتىپلار بىرمۇ بىر خاتىرىلىسۇن، ھوشىدىن كەتكەنلەر، قۇسقانلار، نەپسى قىيىنلاشقانلار قانچە؟ تىزىملاپ خەۋىرىنى بېرىڭلار! بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئېسىمگە كېلىپ ئەتراپىمغا قارىسام، پاكىستانلىق مەھبۇس سەيپۇللا ھوشىدىن كېتىپ يېتىپتۇ. ئۈچ مەھبۇس خالانىڭ ئالدىدا قۇسقىلى تۇرۇپتۇ. قالغانلارنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، ياشاڭغىراپ كەتكەن، چىرايى تاتىرىپ ھالى قالمىغان ئىدى. كامېردا بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكى مۇنازىرە قىلىندى، 2009-

يىلى << بەشىنچى ئىيۇل ۋەقەسى >> دىكى پاجىئەگە شاھىت بولغان بىر ئۇيغۇرنىڭ ئېيتىشىچە، ھاۋالانمىغا چۇشكىنى ياش ئاققۇزۇش بومبىسى ئىكەن. > ».

قىسقىسى، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق تۈرك مۇسۇلمان مىللەتلەر ئۈچۈن ياكى ختايلىشىش ياكى يىغىۋلىش لاگېرىدا (تۈرمىدە) يېتىپ ئۆلۈشتىن باشقا يول قالمىدى. گەپنىڭ پوسكاللىسى، ختاي كومپارتىيىسى ۋە ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش ۋە ختايلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ قىپيالىڭاچ زوراۋانلىق بىلەن قەتئىي ئىجرا قىلىنىشىنىڭ ئاقىۋىتىدە شەرقىي تۈركىستاندا نۆۋەتتە ئۇيغۇرلار بىر مىللەت سۈپىتىدە يوقىلىش گىردابىغا بارغانسىرى يېقىنلاشماقتا.

« 29- ئۆكتەبىر كۈنى ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھرىدە << ختاي ئارخىپلىرى >> ژۇرنىلى ۋە نيۇيوركتىكى نيۇيورك ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ ئورتاق ساھىبخانىلىقىدا << شىنجاڭدىكى ۋەزىيەت>> ناملىق بىر سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى. مەزكۇر سۆھبەتتە << تاشقى سىياسەت >> ژۇرنىلىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇھەررىرلىرىدىن جەيمىس پالمېر ئۆز سۆزىدە : < ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدە گەرچە ھەممە مىللەتلەر ئورتاق مەۋجۇت بولغىلى بولىدۇ، ھەممە مىللەتلەر بىرلىكتە جۇڭخۇا دۆلىتىنى تەشكىل قىلىدۇ، دەيدىغان پىكىرلەر بولسىمۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ ھېچقاچان ئەمەلىيلىشىپ باقمىغانلىقىنى، ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەر ۋاقىت چوڭ ختايچىلىق، ختاي مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلىپ، باشقا مىللەتلەر بولۇپمۇ تىبەتلەر ۋە ئۇيغۇرلارنى << ياتلار >> ياكى << تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى >> كېرەك بولغان كىشىلەر دېگەن تەشۋىقاتلار بىلەن سۈپەتلەپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلدۇ. >، ئۇ يەنە < بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردا ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرىدە ناھايىتى ئېنىق بىر رادىكاللىشىش بار. جۈملىدىن ئۇلاردا ختاي ھۆكۈمىتىدە ئاسسىمىلىياتسىيە قىلىش، يەنى كىشىلەرنى ختاي قىلىپ ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت چوڭقۇر بىر ئىستەك مەۋجۇت. شۇڭا پەقەت شىنجاڭدىلا ئەمەس ختاينىڭ ھەممە يېرىدە ئانا تىل ئوقۇتۇشى پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. >، < ختايدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك مىللەت ئېڭى، يەنى << بىز ختاي ئەمەس >> دەيدىغان ئىنتايىن كۈچلۈك بىر ئاڭ بارلىقىنى بايان قىلدۇ ۋە 2009- يىلىدىكى ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى مىللەت بويىچە << دۈشمەن >> دەپ ئېلان قىلغانلىقى، ختاي جەمئىيىتىدە ئۇيغۇرلارنى << تېررورچى>> دەيدىغان ئىدىيەنىڭ كەڭ تارقىتىلغانلىقى ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان بېسىم يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، ئاخىرى بۈگۈنكىدەك ئۇيغۇرلارنى لاگېرغا قاماشتەك ئاقىۋەت شەكىللەنگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. >، < جەيمىس پالمېر سۆزىدە يەنە، ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەشۋىقاتلىرى سەۋەبلىك ئۇيغۇرلارنى << خەتەرلىك >> دەپ قارايدىغان، ئەمەلىيەتنى بىلمەيدىغان ختاي خەلقىنىڭ ئاساسەن ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدە يۈرگۈزۈۋاتقان لاگېر تۈزۈمىنى قوللايدىغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتتى. > ».

خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ ختاي كومپارتىيىسى ۋە ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش سىياسەتلىرىنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋىتىگە -- ھازىرقى زاماندا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىنسانىيەتكە قارشى مىللىي ئېزىش، ئىرقىي كەمسىتىش، ئىرقىي (ئېتنىك) قىرغىنچىلىق ۋە مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىغا بولغان دىققەت - ئېتىبارىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە قەتئىي قارشى تۇرۇشى ھەمدە ختاي ھۆكۈمىتىدىن ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇنداق جىنايى قىلمىشلارنى دەرھال توختىتىشنى تەلەپ قىلىش سادالىرىنىڭ كۈنسىرى كۈچلىنىپ ياڭرىشى تۈپەيلى ختاي ھۆكۈمىتى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۆزىنى بوياش

ئۇچۇن جازا لاگېرىدىكى گۇناھسىز مىليونلارچە ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق تۈرك مۇسۇلمان تۇتقۇنلارنى تېزلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى باشلاۋەتتى. ختاي سوتچىلىرى بۇ بىگۇناھ تۇتقۇنلارنى ئالدىراپ - سالدىراپ، تۈركۈم- تۈركۈملەپ سوتلاپ- كېسىپ، ئۇلارنى ختاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى تۈرمىلەرگە يۆتكىمەكتە.

« زىمىستان » تور بېتىدە « شىنجاڭ » دىن ئۇيغۇر ۋە قازاق قاتارلىق مىللەتلەردىن قانۇنسىز تۇتقۇن قىلىنغان 500 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ختاينىڭ گەنسۇ، شەنشى، سىچۈەن، شەندوڭ ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىكى تۈملەرگە يۆتكەلگەنلىكى خەۋەر قىلىندى.

2018 - يىل سېنتەبىردە قەشقەر توققۇزاقتىن بىر تۈركۈم تۇتقۇنلار خېيلوڭجاڭ ئۆلكىسىنىڭ چىچىخار شەھىرىدىكى تەيلەي تۈرمىسىگە يۆتكەلگەن. « << زىمىستان >> تورىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدىن ئىچكى موڭغۇلىيەدىكى تۈرمىلەرگە يۆتكەنلىكى ھەققىدە << باشقۇرۇش خادىملىرى بىردەك ئۇيغۇر رايونىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن مەھبۇسلار مەسلىسىنىڭ دۆلەت مەخپىيەتلىكى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئارقىلىق ئىچكى موڭغۇلدىكى تۈرمىلەردىمۇ ئۇيغۇر رايونىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن مەھبۇسلارنىڭ بارلىقىنى دەلىللىدى. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بىر خادىمى ئۇيغۇر رايونىدىن بىر تۈركۈم مەھبۇسلارنىڭ ئۆتكەن يىلى 8 - ئايدا يۆتكەپ كېلىنگەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. >> » دېگەن خەۋەرنى بەرگەن. « << زىمىستان >> تورىنىڭ خەۋىرىدە يەنە ئىچكى موڭغۇللۇق گۇۋاھچىنىڭ بايانلىرىغا ئاساسەن ئۇيغۇر رايونىدىن يۆتكەلگەن مەھبۇسلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە قاتتىق باشقۇرۇلۇۋاتقانلىقى، بۇ سەۋەبدىن ئۆلۈم ھادىسىلىرىنىڭمۇ يۈز بەرگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.».

« <<  زىمىستان >> تورىنىڭ 3- يانۋاردىكى خەۋىرىدە ئېيتىلىشىچە، نۆۋەتتە شەنشى ئۆلكىسىنىڭ توڭچۇەن شەھىرىدىكى سۈيجياگو تۈرمىسىگە ئۈچ مىڭ ئۇيغۇر تۇتقۇن يۆتكەلگەن. يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ «زىمىستان» تورى مۇخبىرىغا بىلدۈرۈشىچە، بۇ تۇتقۇنلار پويىزلەي يېپىق پويىز بىلەن بىلەن ئاۋۋال شىئەن شەھىرىگە، ئاندىن ھەربىي يۈك ماشىنىسىدا سۈيجياگو تۈرمىسىگە توشۇلغان. خەۋەر بىلەن تەمىنلىگۈچى يەنە ئۇيغۇر تۇتقۇنلارنىڭ پويىزلەي كېچىسى يۆتكەلگەنلىكى ۋە دائىرىلەرنىڭ تۈرمىدىكىلەرگە بۇ مەھبۇسلارغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئۇچۇرنى دۆلەت مەخپىيەتلىكى سۈپىتىدە قاراپ سىر ساقلىشى كېرەكلىكىنى بۇيرۇغان. »، « < << زىمىستان >> تورىنىڭ ئۆتكەن ئايدىكى خەۋىرىدە ئۇيغۇر رايونىدىن كۆپ ساندا مەھبۇسلارنىڭ ختاي ئۆلكىلىرىدىكى تۈرمىلەرگە يۆتكەپ كېلىنگەنلىكى ۋە ئۇ يەردە غەيرىي ئىنسانىي تەدبىرلەر بىلەن باشقۇرۇلۇۋاتقانلىقى بايان قىلىنغان ئىدى. >، < << زىمىستان>> تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئۇيغۇر رايونىدىن يۆتكەلگەن كۆپ ساندىكى مەھبۇسلار ختاينىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىدىكى تۈرمىلەرگە تارقىتىلغان. خەۋەردە دېيىلىشىچە ئۇيغۇر مەھبۇسلار يۆتكىلىشتىن ئاۋۋال ئاللىقدار تۈرمىلەردىكى مەۋجۇت مەھبۇسلار باشقا ئورۇنلارغا يۆتكەلگەن. تۈرمىنىڭ دېرىزە ۋە ئىشىكلىرى يېڭىلىنىپ ۋە قاتمۇ- قات پاياتلىنىپ، تۈرمە ئىچىنىڭ مەخپىيەتلىكى پەۋقۇلئاددە كۈچەيتىلگەن.>، < << زىمىستان>> تورىنىڭ ختاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ بېرىلغان ئۇيغۇرلار قامالغان تۈرمىلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى خەۋىرىدە بايان قىلىشىچە بۇ تۈرمىلەرگە ئىسياندىن مۇداپىئەلىنىدىغان پولات ئىينەكلىك دېرىزە ۋە ئېلېكترونلۇق تۈمۈر ئىشىك قاتارلىق بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرى بېكىتىلگەن. مەھبۇسلار كامېر ئىچىدىمۇ كويزا- كىشەنلەر بىلەن كۈن بويى ھەرىكەتسىز ھالەتتە تۇرۇشقا بۇيرۇلغان. > ».

ھاتتا چەت ئەل پوقرالىرىمۇ كېسىلىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تۈرمىلەرگىمۇ يۆتكەلمەكتە. بۇنىڭ مىسالى، تۈركىيە پۇقراسى خوتەنلىك ئايدىن ئۆزگۈر سۇدىگەر 10 يىللىق كېسىلىپ لەنجو ئۆلكىسىدىكى تۈرمىلەرنىڭ بىرىگە يۆتكەلگەن.

بۇ يىل ئاۋغۇست بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشلىك ھوقۇقلىرى دەپسەندىچىلىككە قارشى تۇرۇش كومىتېتىنىڭ جەنۋەدە ئېچىلغان يىغىنىغا ئىشتىراك قىلغان دېموكراتىك غەربىي دۆلەتلەر باشچىلىقىدىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرگە قارىتا يۈرگۈزۋاتقان ئىرقىي دەپسەندىچىلىكى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى پاش قىلدى ۋە تەنقىد قىلدى، ھەمدە بۇنداق ئىنسانىيەتكە قارشى قىلمىشلىرىنى دەرھال توختىتىش ۋە يېپىق جازا لاگېرلىرىنى تاقاش ۋە بۇ مۇسۇلمان مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۆز زىمىندا ئەركىن ياشاشقا يول قويۇشتەك بىر قاتار ھەققانىي يوللۇق ۋە سوئال - تەلەپلەرنى قويدى. لېكىن يېغىنغا قاتناشقان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆمەك باشلىقى جاۋاپ بېرىش يىغىنىدا يۈزىنى داپتەك قىلىۋېلىپ يېغىن ئەھلىرى « باغدىن » سورىسا، ئۇ «تاغدىن » جاۋاپ بېرىپ، « شىنجاڭ» دا ھېچقانداق ئىرقىي دەپسەندىچىلىكى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يوق ، دەپ پۈتۈنلەي رەت قىلىپ، « « شىنجاڭ » دىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى پاراۋان ۋە بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۋاتىدۇ، ئۇ يەردە جازا لاگېرلىرى دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، دەپ گەپ سېتىپ، قىپقىزىل يالغان سۆزلىدى.

لېكىن ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي « ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىي » بۇ جازا لاگېرلىرى ھەققىدە بىر قارار ماقۇللاپ، بۇ جازا لاگېرلىرىنى قانۇنلاشتۇردى، ھەمدە ناھىيىدىن يوقۇرى مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ جازا لاگېرلىرى قۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بېكىتتى. بۇ ھەققىدە ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇنداق خەۋەر بەردى: « ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ << دىنىي ئاشقۇنلۇقنى تۈگىتىش نىزامى >> 2017- يىلى 1- ئايدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان. لېكىن ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى بۇ يىل 9- ئۆكتەبىردە مەزكۇر نىزامغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ، << قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى >> نى قانۇنلاشتۇرغان. شۇنىڭدەك ھىجاپ، ساقال، روزا تۇتۇش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، دىنىي كىتابلارنى ساقلاش، تارقاق ھەج قىلىش قاتارلىق بۇرۇن نورمال دەپ قارالغان نۇرغۇن دىنىي خاھىشلار قانۇنسىز دەپ بېكىتىلگەن ئىدى. ».

2018- يىلى 28- ئۆكتەبىر كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى ھۆكۈمدارى مۇستەبىت چېن چۈەنگونىڭ « ئاپتونوم رايون بويىچە تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمەت يېغىنى » دا قىلغان سۆزىدە « شىنجاڭدا مەڭگۈلۈك ئەمىنلىكنى بەرپا قىلىپ، باش نىشاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى 200 يىللىق كۈرەش نىشانىنى تەۋرەنمەي قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ، سىياسىي ئىدىيە جەھەتتە ئىپادە بىلدۈرۈش ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىككى يۈزلىمىچىلەر ۋە دىنى ئاشقۇنلارنى داۋاملىق قېزىپ چىقىرىش، ئۈچ خىل كۈچلەرگە قارشى كۈرەشنى ئاداققىچە داۋاملاشتۇرۇش، پانتۈركىزم ۋە پان ئىسلامىزمغا قارشى كۈرەش قىلىش، ھەرقايسى مىللەت كادىر - ئاممىسىنىڭ توغرا بولغان دۆلەت ئېڭى، تارىخ ئېڭى ، مىللەت ۋە مەدەنىيەت ئېڭى، دىن ئېڭىنى تۇرغۇزۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش، << شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تونۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش >> قاتارلىقلارنى تەكىتلىگەن. ».

1- نويابىر كۈنى « ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشى» نىڭ رەئىسى نۇرلان ئابدۇلمەجىن « تەڭرىتاغ تورى » دا « پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى باشقۇرۇش چارىسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئاداققىچە ئىجرا قىلىمىز » ناملىق

بىر ئوچۇق خەت ئېلان قىلغان. ئۇ « << خىتاي دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ باشچىلىقىدىكى خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، مەڭگۈلۈك ئەمىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت باش نىشانغا يېتىش >> نى قاتتىق تەكىتلىگەن. ئۇ باش نىشانغا يېتىش ئۈچۈن سىياسىي مەيداندا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، ئاتالمىش << ئۈچ خىل كۈچلەر >> ۋە << ئىككى يۈزلىمىچىلەر >> نى تۈپتىن يوقىتىش، داۋاملىق قېزىپ چىقىرىش، قاتتىق زەربە بېرىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان. ».

« ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسەت- قانۇن كومىتېتى » نىڭ سېكرېتارى جۇ خەيلۇن يېقىندا چاقىرىلغان بىر يىغىندا كومپارتىيەنىڭ دىنغا بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتىش، دىننى خىتايلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە « **ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى » نىڭ رەئىسى** شۆھرەت زاكىرنىڭ كارنىي ئارقىلىق زورلۇق- زومبۇلۇق تۆلۈپ تاشقان زۇلۇم زىندانىدىن ئىبارەت بولغان بۇ جازا لاگېرلىرىنى پەدەزلەپ « شىنجاڭدا ئاز ساندىكى جىنايەتچىلەر تېخنىكا ئۆگىتىش مەكتەپلىرىدە تېخنىكا ئۆگىنىپ، جەمئىيەتكە قانداق ئۆزلىشىشنى ئۆگىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق لاگېر مەۋجۇت ئەمەس. << تېخنىكا ئۆگىتىش مەكتەپ لىرى>> گە قامالغانلارنىڭ تۇرمۇش ۋە يېمەك- ئىچمەك ئادەتلىرىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىۋاتقانلىقىنى، بولۇپمۇ مىللىي ۋە دىنىي پەرقلەر سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان پەرقلەرنىڭ تولۇق ئېتىبارغا ئېلىنىۋاتقانلىقى، شۇنىڭدەك << ھەممە نەرسىنىڭ ھەقسىز بولۇشى >> تولۇق ئىشقا ئاشقانلىقى، كۇرسانتلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق تەلەپلىرى ئەڭ زور دەرىجىدە قانائەتلەندۈرۈپ كەلگەنلىكى؛ كۇرسانتلار مەززىلىك بولغان ھەقسىز غىزالارنى يېگەچ ياتاقلىرىدا تېلېۋىزور كۆرىدىغانلىقى؛ ھاۋا تەڭشىگۈچ، مۇنچا دېگەنلەر تولۇق ئىكەنلىكى؛ يەنە بۇ جايلاردا يەنە ۋاسكېتبول، ۋالىبول، تىك- تاك توپ ئەسلىھەلىرى، قىرائەتخانا ۋە كومپيۇتېر زالى، تۈرلۈك مەدەنىيەت ئۆيلىرى بار ئىكەنلىكى ھەققىدە ۋالاخشىپ، بۇ << تېخنىكا ئۆگىتىش مەكتەپلىرىنى << قانداقتۇر بىر ئارامبەخش ياشايدىغان جاي >> غا ئوخشىتىپ، ئوچۇقتىن- ئوچۇق قىپقىزىل يالغان سۆزلەپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىگە قارىتىلغان سىياسىي باستۇرۇشىغا بولغان ئىزچىل قاتتىق نارازىلىقى ۋە بۇ جازا لاگېرلىرىنى تاقاش ھەققىدىكى كۈچلۈك تەلەپلىرىگە تاقابىل تۇرماقچى بولدى. ».

« < نۆۋەتتە شۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان زۇلخۇمار ئىسھاقنىڭ قۇمۇلدا بىر ئۆمۈر دۆلەت كادىرى بولۇپ ئىشلىگەن ئاتا- ئانىسى پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، يەنى 2018- يىلى 11- ئايدا لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن. >، < زۇلخۇمار ئىسھاق رادىيومىزغا بەرگەن سۆھبىتىدە ئاتا- ئانىسىنىڭ ھۆكۈمەتكە ئىنتايىن سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ << مېنىڭ ئاتا- ئانام پەقەت ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈنلا تۇتقۇن قىلىندى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ لاگېرلاردا تېررورچىلارنى، رادىكاللارنى تەربىيىلەۋاتىمىز دېگىنى يالغان. مەن بۇنى دۇنياغا ئاشكارىلايمەن.>> دېگەن ئىدى. > ».

خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش ۋە خەلقئارادا تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن پېنسىيىگە چىققان نازىرلاردىن يۇقىرى دەرىجىلىك ھەر مىللەت « ئاقساقال » لىرىدىن تەشكىل تاپقان ئاتمىش تۆت كىشىلىك بىر ئۆمەك ئۇيۇشتۇرۇپ، خوتەندە ئالدىن پەدەزلەپ تەييارلاپ قويغان ساختا بىر « كەسپىي تەربىيەلەش ئورنى » نى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرغان.

خىتاي دائىرىلىرىنىڭ جازا لاگېرلىرىنى ئىنكار قىلىپ، « قايتا تەربىيەلەش مەركىزى » دەپ پەدەزلەپ كۆرسىتىشىگە قارىتا چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى، دۇنيا جامائەتچىلىكى، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، خەلقئارالىق تاراتقۇلار، تېلېۋىزىيە ئىستانسىيىلىرى ۋە گېزىتلەر دەرھال كەسكىن جاۋاپ قايتۇرۇپ، بۇ جازا لاگېرلىرىنىڭ دەل ناتسىست گېرمانىيىسىنىڭ جازا لاگېرى ئىكەنلىكىنى دەلىللىمەكتە. چەت ئەلدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق- تۇققانلىرىنىڭ جازا لاگېرلىرىغا تۇتقۇن قىلىنغانلىقىغا گۇۋاھ بەرمەكتە. شەرقىي تۈركىستانغا بارغان چەتئەللىكلەر ئۇ يەردە كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلىمەكتە.

« بۇ يىل 39 ياشقا كىرگەن بايمۇرات گۇچۇڭلۇق بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى بۇ ناھىيەدىكى خىتاي ج خ ئورگانلىرىغا ئىشلىگەن. ئۆتكەن يىلى ئائىلىسى بىلەن قازاقىستانغا قېچىپ چىققان بايمۇرات يېقىندا «نيۇ يورك ۋاقتى» گېزىتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ گۇچۇڭدىكى لاگېردا كۆرگەنلىرىنى ۋە قازاقىستانغا قېچىپ كېتىش سەۋەبلىرىنى ئاشكارىلىغان. «نيۇ يورك ۋاقتى» نىڭ 2- فېۋرال بەرگەن خەۋىرىدە ئاشكارىلىنىشىچە، بۇ يىل 39 ياشقا كىرگەن بايمۇرات 2017- يىلى گۇچۇڭ ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسىگە خىزمەتكە كىرىپ، يول ئۈستىدىكى بىر تەكشۈرۈش پونكىتىدا قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ھۆكۈمەتنىڭ قارا تىزىملىكىدىكى مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تەكشۈرۈش بولۇپ، بىر كۈنى دائىرىلەر ئۇنىڭغا قولى كويزىلانغان 600 كىشىنى گۇچۇڭدىكى يېڭى سېلىنغان بىر لاگېرغا ياللاپ ئاپىرىش ۋەزىپىسى بەرگەن. ».

« << ئامېرىكىدىكى كورنېل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئانتروپولوگىيە پروفېسسورى ماگنۇس فىسكەسيونىڭ بىلدۈرۈشىچە 1930 - يىللاردا ناتسىستلار گېرمانىيەسىمۇ يەھۇدىيلارغا قارىتا يۈرگۈزگەن جازا لاگېرلىرىنى ئاقلاشتا دەل مۇشۇنداق تەشۋىقات ئۇسۇلى قوللانغان ئىكەن. ئۇلارمۇ ئەينى چاغدا بۇ لاگېرلارنى << كەسپىي تەربىيىلەش ئورنى>> دەپ ئاتىغان ئىكەن. >، < ئۇ بۇ ھەقتىكى سېلىشتۇرما رەسىمنى تۋىتتېردا ئېلان قىلغاندىن كېيىن، << ئوخشىمىغان ئىككى تارىخىي دەۋردە يۈز بېرىۋاتقان بۇ ھەيران قالارلىق ئوخشاشلىق كىشىلەرنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغىغان. >> >، < مىيۇنخېن سىرتىغا جايلاشقان داخاۋ جازا لاگېرلىرىغا ئائىت خاتىرە كۆرگەزمىلىرىدە ساقلىنىۋاتقان ماتېرىياللاردا كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭمۇ ئەينى ۋاقىتتا يەھۇدىي تۇتقۇنلىرى لاگېرلىرىنى خىتايغا ئوخشاشلا زۇلمەتلىك ئورۇنلار ئەمەس، ئەكسىچە كىشىلەر خۇشاللىق بىلەن كەسپىي تەربىيە ئالىدىغان جاي سۈپىتىدە كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان. >، < ئەينى يىللاردا ناتسىستلار ھۆكۈمىتى خەلقئارالىق ئاخباراتلارنى ئالدىن تەييارلانغان، سەھنىلەشتۈرۈلگەن جايلارغا غەلىبىلىك ھالدا تەكلىپ قىلىپ، بۇ ئورۇنلارنى رەسىمگە تارتقۇزۇپ خەۋەر ئىشلەتكەن. بىر قىسىم ئاخباراتلار ھەقىقەتەن بۇ تەشۋىقاتلارغا ئىشىنىپ خەۋەر تارقاتقان. خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ ھازىر دەل مۇشۇ تەشۋىقاتنى قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. مەن بۇ ئوخشاشلىققا دىققەت تارتىشنى زۆرۈر دەپ قارايمەن. خىتاي ھۆكۈمىتى تەشۋىقات ئۈچۈن بىرىنچى قەدەمدە ئۆزىنىڭ ئاخباراتلىرىنى ئىشقا سېلىۋاتىدۇ. مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم ، ئۇلار ئەمدى ئىككىنچى قەدەمدە چەتئەللىك ژۇرنالىستلارنى بۇنىڭغا ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق سەھنىلەشتۈرۈلگەن ئورۇنلارغا تەكلىپ قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا دۇنيا بۇ تەشۋىقاتنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈپ يېتىشى كېرەك. ».

« << ۋاشىنگتون پوچتىسى>> گېزىتىنىڭ << شىنجاڭدىكى گۇلاگلار >> سەرلەۋھىلىك تەھرىرات ماقالىسىدە، خىتاينىڭ « شىنجاڭدىكى يۈز مىڭلىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلار قامالغان گۇلاگلارنى (جازا لاگېرلىرىنى)

ئاقلاشقا ئۇرۇنۇپ، بۇ ئورۇنلارنى << تېخنىكا تەربىيەلەش مەركەزلىرى >> دەپ سۈرەتلەۋاتقانلىقى، خىتاينىڭ دۆلەت تېلېۋىزىيە قانىلى بۇ ئورۇنلارنىڭ مەقسىتىنى << يېزىلاردىكى بىلىمسىز، قالاق ۋە نامرات ئاز سانلىق مىللەتلەر>> نى قۇتقۇزۇش، دەپ كۆرسىتىۋاتقانلىقى تەكىتلەنگەن. ماقالىنىڭ قەيت قىلىشىچە، بۇ خىل چۈشەندۈرۈشنىڭ ئۆزىدە ئېغىر مەسىلە بار ئىكەن. ماقالىدە < < بۇ خىل چۈشەندۈرۈشكە خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئوچۇق- ئاشكارا سىغدۇرماسلىق، ئۇلارغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك مەدەنىيەت يوقىتىشى ئېلىپ بېرىش يوشۇرۇنغانلىقى>> بىلدۈرۈلگەن. ».

2018- يىل 26- دېكابر « < جورجۇ ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى شان روبېرتس << شىنجاڭدىكى ۋەھىمە ۋە نەپرەت: 21 - ئەسىردىكى ئېتنىك تازىلاش >> ناملىق ماقالە ئېلان قىلىپ، لاگېر تۈزۈمىنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە سېلىۋاتقان زىيىنىنى ئانالىز قىلغان. >،< ئۇ لاگېر ئىچىدىكىلەرگە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئېغىر پىسخىكىلىق جازالارنى تىلغا ئالغاندا تۇتقۇنلارنىڭ ئەتىگەندىن ئاخشامغىچە مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ، شى جىنپىڭ ئىدىيىلىرىنى يادلايدىغانلىقى، خىتايچە ئۆگىنىدىغانلىقى، ئۆز- ئۆزىنى تەنقىدلەش، يېرىم كېچىدە قوپۇپ دەرس ئاڭلاش قاتارلىقلاردىن سىرت، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا پاراڭ سېلىشىنىڭمۇ قاتتىق چەكلىنىدىغانلىقى، ھەتتا ئىشارەتلىشىشىگىمۇ يول قويۇلمايدىغانلىقىدەك ئەھۋاللارنى بىر- بىر مىسال قىلىپ ئۆتكەن . ئۇنىڭ قارىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ئارقىلىق تۇتقۇنلارنى << مۇتلەق يالغۇز قالدۇرۇش ياكى مۇتلەق ئايرىۋېتىش >> نى ئىشقا ئاشۇرۇۋاتقان بولۇپ، بۇ تولىمۇ ئېغىر بىر خىل پىسخىك قىيناش ئىكەن. شۇڭا ئۇ لاگېردىكى بۇنداق << نورماللاشتۇرۇلغان >> كۈندىلىك پىسخىك جازالاش پەيدا قىلىدىغان ئاقىۋەت ئەمەلىيەتتە تەن جازاسىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر بولغانلىقتىن، لاگېرلاردا تۇتقۇنلار ئۇچراۋاتقان تەن جازالىرىدىن سۆز ئېچىپ ئولتۇرمايدىغانلىقىنى مەخسۇس ئەسكەرتىپ ئۆتكەن. >، < ئۇ لاگېر ئىچىدىكى تۇتقۇنلاردىن سىرت، لاگېر ئىچىدىكى ئۇيغۇر ساقچىلار ياكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئوخشىمىغان دەرىجىدە روھىي زەربىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ لاگېرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىنىپ قالغان بىر شارائىتتا كىشىلەرنىڭ ھەركۈنى لاگېرغا تۇتۇلۇشتىن ئىبارەت بىر تەھدىت ئىچىدە ياشىشىنىڭ تولىمۇ ئېغىر بېسىملىقىنى بايان قىلغان. >،< ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشىنىڭ تەتقىقاتچىسى ھېنرىي شاجېۋسكى شان روبېرتسىنىڭ ماقالىسىدە ھازىر پۈتكۈل بىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۇچراۋاتقان ئېغىر روھىي زەربىنىڭ ياخشى يورۇتۇلغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ بۇ ھەقتە ئىنكاس قايتۇرۇپ مۇنداق دېدى : << بىز ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ناھايىتى ئېغىر روھىي زەربىنىڭ نورماللاشتۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ كۈندىلىك ھاياتنىڭ ئادەتتىكى بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرماقتىمىز. مەنچە، بۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىر ئەھۋال. دېمەك، ھېچكىم بۇ قورقۇنچتىن مۇستەسنا ئەمەس. نورماللاشتۇرۇلۇۋاتقان بۇ پىسخىك جازانىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە بېرىدىغان زەربىسىنىڭ ئېغىر بولىدىغانلىقى ئېنىق. >>، << ئۇنداقتا، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ئارقىلىق نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى ؟ >>، شان روبېرتس بۇنى<< خىتاي ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇرلۇقىنى يوقاتماقچى دېگەن سۆز بىلەن ئىپادە قىلغان.>> > ، ئۇنىڭ قارىشىچە ، < خىتاي ئىسلامنى يوقىتىش ، جەمئىيەتتىكى سىياسىي سادالارنى جىمىقتۇرۇش، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي كاپىتالىنى ۋەيران قىلىش، ئۇيغۇر تىلىنى بېسىم ئاستىدا تۇتۇش، پەقەت دۆلەت قوبۇل قىلالايدىغان ناخشا، ئۇسسۇل ۋە مىللىي كىيىم- كېچەكلەردىن باشقا بارلىق ئۇيغۇر ماددىي مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىشقا مەركەزلەشكەن ئىكەن. >، < ئۇنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشىچە، خىتاينىڭ پىلانى خۇددى

ئۇلار قەشقەرنى بىر قۇرۇق مۇزېيغا ئايلاندۇرۇپ قويغاندەك ئۇيغۇر مىللىتىنىمۇ بىر سۈنئىي مەدەنىيەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئىكەن. شۇڭا ئۇ بۇ جەھەتلەردىن قارىغاندا، خىتاينىڭ يۇرگۈزۇۋاتقىنى << ئىرقىي قىرغىنچىلىق >> نىڭ يېڭى بىر تۈرى ئىكەن. >، < شان روبېرتىس بۇنى مۇنداق ئىزاھلىغان: << بىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا ھەم 21- ئەسىرنىڭ ئىلغار تېخنىكىسى تەمىنلىگەن كونترول قىلىش ئىمكانىيىتى ھەم شۇنداقلا ئۆتمۈشتىكى ۋەھشىيلىكلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن يېڭىچە بىر ئېتنىك تازىلاشقا شاھىت بولۇۋاتىمىز. ئۇنىڭ ئوبيېكتى زېمىن بولماستىن، بەلكى شۇ ئېتنىك مىللەتلەرنىڭ دەل ئۆزىدۇر. يۇگوسلاۋىيە پارچىلانغاندا يۈز بەرگەن ئىرقىي تازىلاشتا سېربلار شۇ زېمىندىكى باشقا مىللەتلەرنى تازىلىغان ئىدى، ئەمما شىنجاڭدا خىتاي دۆلىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇرلۇقىنى تازىلاشقا كىرىشكەندەك قىلىدۇ. >> >، < ئامېرىكىدىكى << ئەركىنلىك سارىيى>> نىڭ تەتقىقاتچىسى ساراھ كۇك خانىم رادىيومىزغا قىلغان سۆزىدە خىتاي ھۆكۈمىتى يۇرگۈزۈۋاتقان بىر كىشىنى ئۆزىنىڭ ئېتىقادىدىن، قىممەت قاراشلىرىدىن تاندۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ شۇ كىشى ۋە ياكى شۇ جەمئىيەتتە پەيدا قىلىدىغان ئەگەشمە ئاقىۋەتلىرىگە سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ساراھ خانىم مۇنداق دېدى : << ئادەتتە بۇنداق تاندۇرۇش ھەرىكىتىگە ئۇچرىغانلار تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنمۇ ناھايىتى ئېغىر روھىي ئازابتىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى، بالىلىرىمۇ ئوخشاش زەربىگە ئۇچرايدۇ. دېمەك، بىر ئائىلە ۋە بىر جەمئىيەتنىڭ توقۇلمىسى زىيانغا ئۇچرىدى دېگەن گەپ. بۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تولىمۇ قىيىن. شۇڭا بىز بۇ لاگېرلاردا زور كۆلەملىك قىرغىنچىلىق يۈز بەرمىگەنلىكىگە قاراپلا مەسىلىگە سەل قارىساق بولمايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق زور كۆلەملىك يىغىۋېلىش ئورۇنلىرى ئاساسەن زور قىرغىنچىلىق بىلەن ئاياغلىشىپ كەلگەن. >> > ».

ئاۋستىرالىيە ABC خەۋەر قانىلى مۇخبىرى ئاۋستىرالىيەدىكى « ئىستراتېگىيە ۋە سىياسەت ئىنستىتۇتى » (ASPI) نىڭ 3 نەپەر تەتقىقاتچىسى 31- ئۆكتەبىر كۈنى ئۇيغۇر ئېلىدىكى لاگېرلار خەرىتىلەشتۈرۈلگەن چوڭ ھەجىملىك بىر دوكلاتقا ئاساسەن ئىشلىگەن مەخسۇس خەۋىرىدە مۇنداق دەيدۇ : « < خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى شىنجاڭ رايونىدىكى بۇ مۇسۇلمان خەلقىگە كەسىپ ئۆگىتىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارغا قانداق قىلغاندا ياخشى پۇقرا بولۇشنى ئۆگىتىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇلار بۇنى تېررورلۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ياخشى ئۇسۇلى، دەيدۇ. بىراق كۈنسايىن ئاشكارىلىنىۋاتقان پاكىتلار بۇ ئورۇنلارنىڭ مەكتەپتىن بەكرەك تۈرمىگە ئوخشايدىغانلىقىنى جۇملىدىن بۇ خەلققە مېڭە يۇيۇش ھەرىكىتى يۇرگۈزۈشنى مەقسەت قىلىپ، تېز سۈرئەت بىلەن كېڭەيتىلىۋاتقان تۇتقۇن قىلىش لاگېرلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا. >، < دوكلاتنى تەييارلىغۇچى تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرى بولغان فېرگۇس راين ABC خەۋەر قانىلىغا قىلغان سۆزىدە ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقىنى ئەسكەرتكەن. ئۇ مۇنداق دېگەن : << مېنىڭچە خىتايدا تيەنئەنمىن ۋەقەسىدىن بېرى بۇنداق ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى يۈز بېرىپ باقمىغان. >> > ».

« بىر قانچە كۈن ئاۋۋال ئەنگلىيە رادىئو شىركىتى (ب ب س) نىڭ << بۈگۈنكى ئەڭ ياخشى >> پروگراممىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ جازا لاگېرلىرىغا قامىلىشى ھەققىدىكى رادىئو خەۋىرىنى ئاڭلاتتى. خەۋەردە ب ب س نىڭ ئۇيغۇر دىيارىدا زىيارەتتە بولغان مۇخبىرى جون سادۋورسىنىڭ شۇ جايدا كۆرگەن ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدىكى مەنزىرىلەر نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. ئۇ شۇ مەنزىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ : << سىز شىنجاڭدا ئەرلەرنىڭ ئۇزۇن ساقال قويغانلىقىنى قەتئىي كۆرەلمەيسىز، چۈنكى ئۇ چەكلەنگەن . مەسچىتلەردە ناماز ئوقۇۋاتقان مەنزىرە ئەسلا يوق. ھېچكىم بىزنىڭ سوئالىمىزغا جاۋاب بېرىشكە پېتىنالمايدۇ، چۈنكى كەينىمىزدە

پېيمىزغا چۈشكەن ئادەم بار. بىز 100 مىڭ ئادەمنىڭ قامالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان لاگېرنى زىيارەت قىلىشقا تىرىشتۇق، ئەمما يولنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي ئېتىۋېتىلگەن ئىكەن. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى تەربىيەلىنىۋاتىدۇ، دەۋاتىدۇ. ئەمما نۇرغۇن باللارنىڭ ئاتا- ئانىلىرى لاگېرلارغا ئەكىتىلىپتۇ. پۈتۈن بىر مىللەت كرىزىسقا دۇچ كەلمەكتىكەن. >> » دېيىلگەن.

« < ئاۋستىرالىيە دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى گرېيم سمىس ۋە ئىلگىرى BBC، دۆلەتلىك ئاۋام رادىيوسى (NPR) قاتارلىق ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ مۇخبىرى بولۇپ ئىشلىگەن لۇيىزا لىم بىرلىكتە ساھىبخانلىق قىلغان << شى جىنپىڭنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇشى >> سەرلەۋھىلىك ئۇزۇن سۆھبەتتە ئاۋستىرالىيەنىڭ ئادېلايد شەھىرىدىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى ئۆزلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ نەچچە مىڭ كىلومېتىر نېرىسىدىكى ئۇرۇق تۇغقانلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەردى. ئالدى بىلەن لۇيىزا لىم سۆز ئېلىپ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بەردى. ئۇ خىتاي ھۆكۈمىتى << شىنجاڭ>> دەپ ئاتايدىغان، ئەمما ئۇيغۇرلار << شەرقىي تۈركىستان >> دەپ ئاتاۋاتقان بۇ رايوندا نۆۋەتتە مىليونلاپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ << قايتا تەربىيەلەش مەركىزى >> نامىدىكى لاگېرلارغا سولىنىۋاتقانلىقىنى، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىزچىل بۇ پاكىتنى ئىنكار قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر تۇتقۇنلارنىڭ ھۈنەر - تېخنىكا ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىۋاتىمىز، دەۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا پروفېسسور سمىس ئالاقىدار ماتېرىياللار ئاساسىدا بۇ مەركەزلەردىكى ئەھۋالنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى ئېيتىۋاتقاننىڭ دەل ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى، بۇ جايغا قامالغانلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە مېڭىسى يۇيۇلۇپ، دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىپ، چوشقا گۆشى يېيىشكە مەجبۇرلىنىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتى. >، < ئالدى بىلەن گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردىن ئابدۇسالام ئالىم ئاۋستىرالىيەگە كەلگىلى 20 يىلچە بولۇپ قالغان كۆچمەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىرى. ئۇ بۇ قېتىمقى سۆھبەت ئۈچۈن تەييارلاپ كەلگەن ئىسىملىكتە ئۇنىڭ ۋە ئايالىنىڭ ۋەتەندىكى ئائىلە ئەزالىرىدىنلا ئۆتكەن ئىككى يىل ئىچىدە تۇتقۇن قىلىنغان 12 كىشىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى بېرىلگەن. ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى << دىنىي ئەسەبىيلىك>> بىلەن ئەيىبلەنگەن، ئۇلاردىن بەش كىشى 10 يىلغا قەدەر قاماققا ھۆكۈم قىلىنىپ بولغان. ئەمما ئابدۇسالامنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى << ئەسەبىي >> دەۋاتقان بۇ مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار پەقەت كۈندىلىك بەش ۋاق نامىزىنى قازا قىلماي ئوقۇشقا تىرىشىدىغان، رامىزان ئايلىرىدا روزا تۇتىدىغان نورمال مۇسۇلمانلار ئىكەن. ئەمما شى جىنپىڭ باشچىلىقىدىكى خىتاي ھۆكۈمىتى ئىسلام دىنىنى << زەھەر >> ، << ئەپيۇن >> ياكى << روھىي كېسەللىك >> دەپ تەسۋىرلەۋاتقان ئەھۋالدا ئىسلام ئېتىقادىدىكى ئۇيغۇرلار بىردەك تۇتقۇن ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. >، < رىياسەتچىلەرنى ھەممىدىنمۇ بەك ھەيران قالدۇرغىنى ئابدۇسالام ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ بىۋاستە تۇغقانلىرىنىڭ ھەرقانداق مۇسۇلمان ئۈچۈن نورمال بولغان دىنىي ئېتىقادقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا تۇتقۇن قىلىنىش بولغان. ئۇلار بۇ ھەقتە ئابدۇسالامدىن بۇنىڭدىن باشقا بىرەر جىنايىتى بولغانمۇ دەپ سورىغاندا ئۇ ئاچچىق قىلىپ << ئۇلارنىڭ بىردىن بىر جىنايىتى ئۇيغۇر بولغانلىق. ھازىر ئۇيغۇر بولۇشنىڭ ئۆزى جىنايەت ! >> دەيدۇ. >، < ئابدۇسالامنىڭ بايان قىلىشىچە، بۇ تۇتقۇن ھەرىكىتىدە ئۇيغۇرلارغا نومۇر قويۇش ئۇسۇلىنىڭ رولى بەكمۇ چوڭ بولغان. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ھەرقايسى مەھەللە كومىتېتلىرى بىردەك جەدۋەل تارقىتىپ ئۇيغۇرلارغا سىياسىي جەھەتتە نومۇر قويۇپ چىققان. شۇنىڭدەك ئۇلارنى << ئىشەنچلىك >>، << مەسىللىك >> ۋە << ئىشەنچسىز>> دەپ ئۈچ كاتېگورىيەگە ئايرىغان. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئېتىقاد بىلەن باغلىنىشلىق

بولغانلار، چەتئەلگە ساياھەتكە بارغانلارنىڭ ھەممىسى << ئىشەنچسىز >> لەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ھەمدە بىردەك لاگېرلارغا قامالغان. > ، < ئابدۇسالامدىن كېيىن سۆز قىلغان يەنە بىر كىشى بولسا ئىسمىنى ئېيتىشنى خالىمىغان. ئەمما ئۇمۇ ئىسلام دىنى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان مەزمۇنلارنىڭ ھازىر ئەڭ چوڭ ھۇجۇم نىشانى بولۇۋاتقانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇ ئاساسلىقى ئايالىنىڭ ئىسلامىي شەكىلدىكى ئۇزۇن كۆڭلەكلەرنى كىيگەنلىكى سەۋەبىدىن كۆپ قېتىملاپ سوئال- سوراققا دۇچ كەلگەنلىكىنى، ئۆزى سودا ئىشى بىلەن ئىچكىرىگە بارغاندا شۇ جايلاردىكى ساقچىلارنىڭ ئۇلارنى ساقچىخانىغا ئېلىپ بېرىپ سوئال- سوراق قىلغانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ قان ئەۋرىشكىسى، ئاۋاز ئەۋرىشكىسى دېگەندەك فىزىئولوگىيەلىك ئەۋرىشكىلىرىنى ئالغانلىقىنى، << بۇلارنى ئۇرۇمچىدە بىر قېتىم ئېلىپ بولغان >> دەپ چۈشەندۈرگەنىنىڭ پايدىسى بولمىغانلىقىنى، بۇ خىلدىكى سوئال- سوراقلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى سەۋەبلىك گويدەك ئىككى پەرزەنتىنىڭ تەقدىرىدىن خاتىرجەم بولالماي باللارنى ئېلىپ ئاۋستىرالىيەگە كەلگەنلىكىنى، ئايالىنىڭ ئۇزۇن ئۆتمەي لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى بايان قىلدۇ. >، < ئەمما گۇۋاھچىلارنىڭ بايانلىرى نۆۋەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يالغۇز دىنىي ئېتىقادقا ئىگە بولغان كىشىلەرنىلا قاماققا ئېلىش بىلەن چەكلىنىپ قالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . قارامايدىن كەلگەن پەرھات ئىسىملىك يەنە بىر ياش ئاتا- ئانىسىنىڭ << غايىب بولۇپ كەتكەنلىكى >> گە ئالتە ئاي بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ . پەرھاتنىڭ دادىسى شەھەرلىك رادىيو- تېلېۋىزىيە ئىدارىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، ئانىسى بولسا 30 يىللىق تارىخقا ئىگە ساقچى خادىمى ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغۇلغاندىن تارتىپ قىزىل بايراق ئاستىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغانلىقىنى، ئاتا- ئانىسىنىڭمۇ مۇشۇ قىزىل بايراق ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن كادىرلار ئىكەنلىكىنى، دادىسى كومپارتىيەگە قەتئىي ئەگەشكەنلىكى ئۈچۈن ھازىرقىدەك مۇھىم ۋەزىپىگە قويۇلغانلىقىنى، ئۆمرىدە دادىسىنىڭ بىرەر قېتىم ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى، شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا ئاقىۋەت ئۆتكەن يىلى ئاشۇ خىلدىكى تەربىيەلەش لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى، نۆۋەتتە ئۇيغۇر بولۇشنىڭ ئۆزى ھەرقانداق ئۇيغۇرغا يېتەرلىك << قالپاق >> بولۇۋاتقانلىقىنى ئاچچىق ئىچىدە بايان قىلدۇ. > ».

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ2018- يىل 9- ئوكتەبىردىكى تور بېتىدە « قەشقەردىكى بىر لاگېر ساقچىسى لاگېرنىڭ ئۆزى ئىشلىگەن قەۋەتتىدىكى 200 چە كىشىدىن 10- 20 سىنىڭ 70 ياشتىن ئاشقان بوۋايلار، 5- 10 نەپىرىنىڭ بولسا 15- 18 ياش ئارىسىدىكى ئۆسمۈرلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. ئۇ يەنە لاگېردىكى تۇتقۇنلارغا كۈنىگە 3 ۋاق، يېرىم قاچىدىن تاماق بېرىلىدىغانلىقى، ناشتىلىقىنىڭ بولسا شىفەن ئىكەنلىكىنى، تاماقنى ھالالمۇ ياكى ھارامىمۇ دەپ سوراشقا بولمايدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ يەنە تۇتقۇنلارنىڭ تاماق تاللاش ياكى تاماقتىن شىكايەت قىلىش ھەققى يوقلۇقىنى تىلغا ئالدى . » دېگەن خەۋەرنى بەردى.

« << گېرمانىيە ئاۋازى >> نىڭ 7- يانۋاردىكى رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرىدىن نەقىل ئېلىپ بايان قىلىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى بىر گۇرۇپپا چەتئەل مۇخبىرلىرىنى تەشكىللەپ، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ قەشقەر، خوتەن ۋە قاراقاش 3 جايدىكى ئالدىن تەييارلانغان << قايتا تەربىيەلەش مەركەزلىرى>> نى زىيارەت قىلدۇرغان. > ، < مۇخبىرلار << قايتا تەربىيەلەش مەركەزلىرى >> دىكى بىر سىنىپقا كىرگەندە مۇئەللىمنىڭ خىتاي تىلىدا << توي- تۆكۈن ۋە نەزىر- چىراغلاردا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشنى چەكلەش رادىكاللىقنىڭ ئىپادىسى>> دەپ دەرس ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان. مۇخبىرلار بۇ لاگېرلارنىڭ ئىچىدىكى مەنزىرىلەردىن ئىلگىرى ئۆزلىرى ئاڭلىغان قاتتىق تەقىب مۇھىتنى بايقىمىغان. >،< خەۋەردە تىلغا ئېلىنىشىچە، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قورچاق رەئىسى

شۆھرەت زاكىر مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇ << قايتا تەربىيەلەش مەركەزلىرى >> دە تەلىم ئېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قانۇن ۋە خىتاي تىلى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئەسەبىيلىكتىن ئۇزاقلاشتۇرۇلغانلىقىنى، << قايتا تەربىيەلەش مەركەزلىرى >> گە كىرىدىغانلار ساننىڭ بۇندىن كېيىن تەدرىجىي ئازىيىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئەمما ئۇ لاگېرلارنىڭ تاقىلىدىغانلىقى ھەققىدە گەپ ئاچمىغان ھەمدە تۇتقۇنلارنىڭ سانى توغرىسىدا مەلۇمات بەرمىگەن. ئۇ سۆزىدە << 1 مىليون دېگەن سان ئاڭلىماققا قورقۇنچلۇق بولۇپلا قالماي ، بەلكى ئەمەلىيەتكە ھەم ئۇيغۇن ئەمەس، بۇ پۈتۈنلەي بىر ئىغۋا. >> دېگەن. >، < خەۋەردە ، چەتئەل مۇخبىرلىرىنىڭ ئۆزلىرى زىيارەت قىلغان بۇ << قايتا تەربىيەلەش مەركەزلىرى >> نىڭ ئالدىن ئالا تەييارلىق قىلىنغانلىقى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىدىن گۇمانلانغانلىقى، خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرى مەسىلىسىدە كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان خەلقئارا بېسىمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر تەدبىرنى يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولغانلىقى> خەۋەر قىلىنغان. » .

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ تور بېتىدە « < فىرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقى يېقىندا خىتاينىڭ خەلققە ئاشكارا تور ئارخىپلىرىدا ساقلىنىپ قالغان ئۇيغۇر رايوندىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا ئائىت ھۆكۈمەتنىڭ ھۆججەت، خەۋەر، توختامنامە ۋە ئۇقتۇرۇش قاتارلىق يازما ماتېرىياللىرىنى توپلاپ چىققان. جەمئىي 1500 دىن ئارتۇق بۇ خىل ماتېرىيالنى كۆزدىن كەچۈرگەن مەزكۇر ئاگېنتلىق خوتەندىكى بىر تەربىيەلەش مەركىزىگە 2768 ساقچى كالتىكى، 550 توك كالتەك، 1367 كويزا، 2792 قۇتا كۆز ياش ئاققۇزغۇچ سېتىۋېلىنغانلىقىنى بايقىغان. > ، < ماتېرىياللارنىڭ يەنە بىرىدە مەلۇم بىر تەربىيەلەش مەركىزىنىڭ بۆرە چىشى دەپ ئاتىلىدىغان كالتەك، يولۋاس ئورۇندۇق دېيىلىدىغان قىيىن- قىستاق ئەسۋابى سېتىۋالغانلىقى قەيت قىلىنغان. >، < فىرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ بۈگۈنكى بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بايان قىلىنىشىچە، توپلانغان ماتېرىياللاردىن بىرىدە ئۇيغۇر رايونىنىڭ پارتكوم سېكرېتارى چېن چۈەنگونىڭ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنى مەكتەپتەك ئىشلىتىش، ھەربىي گازارمىدەك باشقۇرۇش ۋە تۈرمىدەك قوغداش كېرەكلىكى ھەققىدىكى بۇيرۇقى تىلغا ئېلىنغان. > » دېگەن خەۋەرلەرنى ئېلان قىلدى.

ئەگەر ئۇيغۇر ئېلىدا قۇرۇلغان بۇ جازا لاگېرلىرى « رەئىس » شۆكرەت « تېخنىكا ئۆگىتىش مەكتەپلىرى » بولسا، بۇ كويزا- كىشەن قاتارلىق جازا قۇراللىرىنىڭ بۇ خىل تېخنىكا ئۆگىتىش مەكتەپلىرىدە نىمە كېرىكى بار؟ بۇ « قايتا تەربىيەلەش » مەكتەپلىرى جازا لاگېرلىرى بولمىسا، نىمە ئۈچۈن « كۇرسانتلار » مەھبۇسلاردەك ئوخشاش بىر خىل كىيىملەر بىلەن كىيىندۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ بارلىق ئىش- ھەركىتى يىگىرمە تۆت سائەت كۆزىتىلىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن « كۇرسانتلار » يەيدىغان تاماقلىرى ھەققىدە « ھالالمۇ » دەپ سورالمايدۇ؟ نىمە ئۈچۈن « كۇرسانت » لار دەرسخانىلارغا ساقچىلارنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا رەت بولۇپ تىزىلىپ بارىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن بۇ ئەسلىھەلەردە خىزمەت قىلغۇچى مىللىي كادىرلارنىڭ ئۆيىگە قايتىشقا رۇخسەت بېرىلمەيدۇ؟ « ئۆيىگە قايتىش » رۇخستى پەقەت جىددىي ئەھۋال چىقىپ قالغاندا يۇقىرى دەرىجىلىك بىر رەھبەرنىڭ يازما رۇخسەتنامىسىدىن كېيىنلا لاگېر دەرۋازىسىدىن چىقىشىغا يول قويۇلىدۇ؟

« رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 6- نويابىردىكى خەۋىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئۇيغۇرلار دىيارىدىكى بىخەتەرلىككە چېتىشلىق خىراجەتنىڭ ئومۇمى مىقدارى 2017- يىلى 20 مىليارد سوم (ئۈچ مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېقىن) ، يەنى 213 پىرسەنت ئاشقان. مەزكۇر خۇلاسىنى ئامېرىكىدىكى جېيمىس تاۋن فوندىنىڭ خادىملىرى خىتاي ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان خام چوت ھەققىدىكى تۈرلۈك سانلىق مەلۇماتلار ۋە ئالاقىدار قۇرۇلۇشلارغا سەرپ بولغان

خىراجەتلەر ئاساسىدا ھېسابلاپ چىققان. مەزكۇر دوكلاتنى تەييارلاپ چىققان گېرمانىيەلىك مۇتەخەسسىس ئادرىيان زېنز بۇ ھەقتە توختىلىپ < بۇ خىراجەتلەر << كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرى>> گە ئەمەس، بەلكى يۇز مىڭلىغان ئۇيغۇرلار قامالغان << تەربىيەلەش لاگېرلىرى >> قۇرۇلۇشىغا ھەمدە بۇنىڭ نورمال ئايلىنىشىغا سەرپ بولغان> دەپ كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ لاگېرلاردا قانداق دەرسلەرنىڭ ئۆتۈلۈشىدىن قەتئىينەزەر بۇلارنىڭ باشقۇرۇلۇشى ياكى خىراجەت سەرپ قىلىنىشىنىڭ ھېچقانداق << كەسپىي تەربىيەلەش>> كە ئوخشىمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. » .

70 يىلدىن بېرى « شىنجاڭ » دا ئاران دېگەندە بىر قانچە ئالىي مەكتەپ ۋە بىر نەچچە ئون تېخنىكۇملارنى قۇرۇشقا قۇربى يەتكەن « ش ئۇ ئا ر ھۆكۈمەت » نىڭ بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىر مىليوندىن ئارتۇق كۇرسانتلارنى سىغدۇرۇدىغان مۇنچىلىك كۆپ « كەسپىي تەربىيەلەش مەركەز » لىرىنى قۇرۇپ چىققانلىقى كىمنى ئىشەندۇرەلەيدۇ ؟

يەنە بىر تەرەپتىن تۇتقۇن قىلىنماي قالغان جەمىيەتتىكى بارلىق تۈرك مۇسۇلمانلار، تۇڭگان ۋە تاجىك مۇسۇلمانلار ھەمدە باشقا يەرلىك مىللەت خەلقلەر قاتتىق تەقىب ئاستىغا ئېلىندى. ئۇلار ئاسارەت ئىچىدە ياشىماقتا. مىڭلاپ- مىڭلاپ مىللىيلار كۈندۈزلۈك ئىدىيە ئۆزگەرتىش كورسلىرىغا قاتناشتۇرۇلماقتا. دىكتاتور شى جىنپىڭنىڭ گېستاپوچىلىرىنىڭ مىللىيلارنىڭ ئۆيلىرىگە يېرىم كېچىلەردە باستۇرۇپ كىرىپ، كىملىكنى تەكشۈرۈشى ۋە تۇتقۇن قىلىشى ئادەتتىكى ئىشقا ئايلاندى. نۆۋەتتە شۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان زۇلخۇمار ئىسھاق مۇنداق يازىدۇ « < 1988- يىلى قۇمۇلدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان زۇلخۇمار ئىسھاق كىچىكىدىن تارتىپ خىتاي تىلىدا ئوقۇغان ۋە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ، شۇ مەكتەپنىڭ ئاخبارات كەسپىدە ئوقۇغان. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن بېيجىڭدا خىزمەت قىلىپ قالغان. بىراق ئۇ «گەرچە چىرايىم بەك ئۇيغۇرغا ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، كىملىكىمدە << ئۇيغۇر >> دەپ يېزىلغانلىقى ئۈچۈن ساقچىلارنىڭ مېنى توختىماي ئىزدەپ سوراق قىلىشىدىن قۇتۇلالمىدىم، دەيدۇ. >، < ئەسلى كەسپى ئاخبارات ۋە تاراتقۇ بولغان زۇلخۇمار مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ كەسپىدە داۋاملىق سەپەرگە چىقىپ تۇرۇشى كېرەكلىكىنى، ئەمما ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپ مېھمانخانىلارغا چۈشۈشىنىڭ تولىمۇ قىيىن بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاخىرى ئوقۇغان كەسپىنى قىلماي، بېيجىڭدا باشقا خىزمەت ئىزدەشكە مەجبۇر بولغان.>، < ئۇ 2017- يىلىدىن باشلاپ بېيجىڭدا ساقچىلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئىزدەپ سوراق قىلىشى ئېغىرلاپ كەتكەنلىكى، بېيجىڭدا بىر ئۇيغۇر بولۇپ ياشاش مۇمكىن بولمايدىغان ھالغا كەلگەنلىكىنى بىلدۈردى. >، < بېيجىڭغا قاتنايدىغان پويىزدا بىر قېتىم پويىز خادىمى زۇلخۇمارنىڭ كىملىكىنى ئالاھىدە تەكشۈرمەكچى بولغاندا زۇلخۇمار بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، ئۇنى رەت قىلغان. بۇنىڭ بىلەن پويىز خادىمى كىيىمىدە «ئالاھىدە ھەرىكەت قىسمى» دەپ خەت يېزىلغان ئالاھىدە ساقچىنى چاقىرغان. شۇ قېتىم ئۇ پويىز خادىمىنىڭ قولىدا << پويىزدىكى نۇقتىلىق كىشىلەر>> تىزىملىكى بارلىقىنى ۋە ئۇ تىزىملىكتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇيغۇرلۇقىنى بايقىغان. > ».

« يېقىندا قۇمۇل شەھەرلىك مۇقىملىقنى ساقلاش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئۇندىدار ئارقىلىق ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ ئاتالمىش << تېررورلۇق، ئاشقۇنلۇق ۋە بۆلگۈنچىلىك >> بىلەن زەھەرلەنگەن كىشىلەرنىڭ 30 كۈن ئىچىدە ئۆزىنى ئالاقىدار ئورۇنلارغا مەلۇم قىلىشى لازىملىقىنى تەلەپ قىلغان. ».

هەربىر مىللىي ئائىلە ۋە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى كېچە- كۈندۈزلۈك كۆزىتىش ئاستىغا ئېلىندى. هەر بىر ئائىلە ئۈچۈن بىردىن مەخسۇس ئارخىپ تۇرغۇزۇلدى. (ھەتتا چەت ئەلدىكى ئائىلە ئەزالىرى ھەم مەزكۇر ئارخىپنىڭ ئىچىدە). كېچە - كۈندۈز نۇقتىلىق كۆزىتىلىدىغان ئائىلىلەر بېكىتىلدى. بۇ خىل ئائىلىلەر ئاھالىلار كومىتېتىنىڭ سوتكىلاپ كۆزىتىشى ئاستىدا تۇرماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە « قوشماق تۇغقان بولۇش » تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، تۈرك مۇسۇلمان ئائىلىلەرنى تىخمۇ چىڭ كونتروللۇق ئاستىغا ئالغان. خىتاي دائىرلىرىنىڭ نۇمۇسىزلىقى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ئەرلىرى تۇتقۇن قىلىنغان ئۆيلەرگە « قوشماق تۇغقان بولۇش » باھانىسى بىلەن خىتاي ئەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرماقتا. بۇ خىتاي ئەرلەر ئۇيغۇر خانىم- قىزلارغا قىلىقسىزلىق قىلمىشلارنى قىلىشقا تەمشىلمەكتە. « خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان << خەلق گېزىتى >> نىڭ 7- نويابىر ساندا ئېلان قىلىنغان خەۋەردە بۇ يىل سېنتەبىرگىچە جەمئىي بىر مىليون يۈز مىڭدىن ئارتۇق كادىرنىڭ بىر يېرىم مىليوندىن ئارتۇق يەرلىك كىشىلەر بىلەن تۇغقان بولغانلىقى، شۇلار قاتارىدا پولك دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەنسىپى بولغان 4700 دىن كۆپرەك خىتاي ھەربىي كادىرنىڭ مۇشۇ شەكىلدە يەرلىكتىكى كىشىلەر بىلەن << تۇغقان >> بولغانلىقى ئالاھىدە خەۋەر قىلىندۇ. ».

« < ئامېرىكادىكى بلۇمبېرگ خەۋەرلىرى گېزىتىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى پېتىر مارتىن يېقىندا ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن ۋە قورغاس قاتارلىق جايلىرىدا زىيارەتتە بولغان. ئۇ 10 كۈنلۈك زىيارەت داۋامىدا كۆرگەنلىرىنى 24- يانۋار كۈنى << خىتاينىڭ بىر بەلۋاغ بىر يول قۇرۇلۇشىنىڭ مەركىزىدىكى زور ساقچى دۆلىتى >> ماۋزۇسىدا ئېلان قىلغان. >، < ئۇ زىيارەت خاتىرىسىنى ئالدى بىلەن ئۇيغۇر ئېلىدىكى بىر داڭلىق زىبۇزىننەت دۇكىنى خىزمەتچىلىرىنىڭ كۈندە ئىككى نۆۋەت ئوق ئۆتمەس پىنجەك كىيىپ، قوللىرىغا ئۇزۇن توقماق ۋە قالقانلارنى ئېلىپ بولغۇسى ھۇجۇملارغا قارشى مەشىق قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ نىشانىنىڭ زىبۇزىننەت بۇلاڭچىلىرى ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مەجبۇرىي ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ مانېۋېرنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان بېسىم سىياسىتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش بىلەن باشلىغان. >، < ئۇ مۇنداق دەپ بايان قىلغان : << ئۇيغۇرلار داۋاملىق ساقچى تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلىش خەۋپى ئاستىدا ياشايدىكەن. ساقچىلار ئۇيغۇرلارنى كوچىدا خالىغانچە توختىتىپ ئۇلارنىڭ نەگە، نېمە ئۈچۈن ماڭغانلىقىنى سورايدىكەن. ھەممە يەردە مېتال تەكشۈرگۈچى ئۆسكۈنە، يۈز تونۇش سىستېمىسى، كىملىك كونترول قىلىش ئورۇنلىرى باركەن. ھەممىلا يەردە ھەتتا ھاجەتخانىدىمۇ نازارەت كامېرالىرى باركەن. مەن بىر مەسچىتنىڭ ئۆزىدىلا 40 كامېرانى ساناپ چىقتىم. مەسچىتكە كەلگەن ئادەم ناھايىتى ئاز ۋە مەن پۈتكۈل زىيارەت داۋامىدا بىرەر قېتىممۇ ئەزان ئاۋازى ئاڭلاپ باقمىدىم. >> ».

ئامېرىكىلىق ئانتروپولوگىيە تەتقىقاتچىسى دوكتور دەررېن بايلېر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدا يولغا قويغان ئاتالمىش « قوشماق تۇغقان » سىياسىتى ھەققىدە يېقىندا مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلغان. « << خىتاي ئارخىپى>> ناملىق تور ژۇرنىلىدا 24- ئۆكتەبىر كۈنى ئېلان قىلىنغان مەزكۇر ماقالىنى ئاپتور بۇ يىلنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر ئېلىگە قىلغان بىۋاستە زىيارىتى جەريانىدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرى ۋە توپلىغان ئۇچۇرلىرى ئاساسىدا تەييارلىغان. >، < ئاپتور ئۆز ماقالىسىدا تۆۋەندىكى نوقتىلارنى تەكىتلىدى : خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدا << يېپىق تەربىيە >> لاگېرلىرىنى يولغا قويۇپ، بىر مىليوندىن ئارتۇق يەرلىك خەلقنى لاگېرغا قامىغانلىقى نۆۋەتتە خەلقئارا تاراتقۇلاردا زور دىققەت قوزغاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نەچچە يۈز مىڭلىغان كادىرلارنى

تۆۋەنگە ئەۋەتىپ، ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە نازارەتچىلىككە قويۇشتەك تەقىب سىستېمىسىنىڭ تېخىچە يېتەرلىك دىققەتكە ئېرىشمىگەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتكەن. دەررىن بايلېر ماقالىسىدە ختاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن يەرلىك ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەرگە ئەۋەتىلگەن بۇ ئاتالمىش << تۇغقان>> لارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئۆيىدە نازارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىش- ھەرىكىتى، كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ياشاش ئۇسۇلى قاتارلىق ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلەرگىچە خاتىرىلەپ يۇقىرىغا دوكلات قىلىدىغانلىقىنى، بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ لاگېرغا ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.> ».

« ئاۋستىرالىيەدىكى داڭلىق ئاقىللار مەركىزى بولغان لوۋي ئىنستىتۇتى باشقۇرۇشىدىكى << تەرجىمان>> مەجمۇئەسىدە 7- نويابىر كۈنى ئېلان قىلىنغان لۇئىزا لىم ئىمزاسىدىكى ماقالىدا مۇشۇ مەسىلە نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەشۋىقات ماتېرىياللىرىدا ئاشكارا تەكىتلەنگەن << يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش >> ھەققىدىكى باياناتلار ئاساسىدا ئاپتور نۆۋەتتە لاگېر سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلغان بۇ خىل << تۇغقانلىشىش >> پائالىيىتىنى << ئۇيغۇر كىملىكىنى قايتا قۇرۇش >> دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ».

**ختاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى يەنە « ئىتتىپاق ئۆتۈش » نى دەستەك قىلىپ، مىللىيلارنى تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە مەجبۇرىي قاتناشتۇرۇپ، ئۇلارنى ختايچە سۆزلىتىش، ختايچە كىيىم- كېچەكلەرنى كىيىندۈرۈپ ختايچە ناخشىلارنى ئېيتقۇزۇش، ختايچە ئۇسسۇللارنى ئوينىتىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلاپ، ئۇلارنى مىللەت مەۋجۇدىيەتلىكىدىن ( كىملىكىدىن ) يەنى مىللەت روھىدىن تىلىدىن، دىنىدىن، مەدىنىيىتىدىن ۋاز كەچكۈزۈپ، ختاي مەدىنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا زۇرلىماقتا. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇيغۇر قىزلىرىنى ختايلار بىلەن نىكاھلىنىشقا زورلىماقتا. « ختايلار بىلەن توي قىلغانلارغا زور مىقتاردا ماددى مۇكاپات بېرىلىدۇ » دەپ جاڭ ئۇرۇپ تەشۋىق قىلماقتا. ئۇيغۇرلارنى نىكاھ توي مۇراسىملىرىنى ختايچە توي مۇراسىمى بويىچە ئۆتكۈزىشكە مەجبۇرلىماقتا. قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر نىكاھ توى موراسىمى ختايچە توي مۇراسىمى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن. ئۇيغۇرلارنى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۆرپە- ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ختايچە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇرلىماقتا. تۇرالغۇ ئۆي- جايلارنى ختايچە بېزەشكە ۋە سەرەمجانلاشتۇرۇشقا مەجبۇرلىماقتا. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۇزۇن كۆڭلەكلىرىنى كەسمەكتە. ختاينىڭ چاغان بايرىمى مەزگىلىدە زىياپەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، مۇسۇلمانلارنى ھاراق ۋە تاماكا چېكىشكە زورلىماقتا. يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ كىملىكىنى يوقىتىشنى نىشان قىلىپ، مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ كىملىكىنىڭ ئالاھىدە ئالامەتلىرىگە ئايلانغان « چۇشقا گۆشى » يېمەسلىك ئادىتىنى ئۆزگەرتىشنى تۇتۇش قىلىپ، چۇشقا گۆشىنى « چاغان بايرىمى سوۋغىسى » قىلىپ مۇسۇلمان ئائىلىلىرىگە ئەكىرمەكتە. مىللىيلارنى ختاينىڭ چاغان بايرىمنى ئۆتكۈزىشكە مەجبۇرلىماقتا. چاغان مەزگىلىدە ئۇيغۇر قىزلىرىغا ختايچە كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، ختايچە ئۇسسۇللارنى ئويناتقۇزۇپ، ئۆزلىرى تاماشا كۆرمەكتە.**

« 6- فېۋرال << فىرانسىيە ئاۋازى >> رادىئوسى << چوشقا يىلى چاغان بايرىمىدا : شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار چاغان ئۆتكۈزۈشكە، چوشقا گۆشى يېيىشكە مەجبۇرلاندى >> نامىلىق خەۋەر ئېلان قىلدى. >، < خەۋەردە يەنە ئىلى ۋىلايىتىدىكى قازاقلارنىڭ ھاراق ئىچىشكە، چوشقا گۆشى يېيىشكە، ئۆيلىرىگە پانۇس ۋە چاغان بايرىمنى تەبرىكلەيدىغان قىزىل لاتىلارنى ئېسىپ، ختايلار بىلەن بىرگە چاغان ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلانغانلىقى، قارشى چىققۇچىلارنىڭ « ئىككى يۈزلىمچى » ئاتىلىپ جازا لاگېرلارغا سولىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ختاينىڭ بۇ خىلدىكى پائالىيەتلەرگە مەجبۇرلاش ھادىسىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قەشقەر، خوتەن

ۋىلايەتلىرىدە تېخىمۇ ئېغىرلىقى ھەم ئەسكەرتىلگەن.> ». قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنى ئۇيغۇرلۇقىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىماقتا.

يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئىستىمال قىلىنىدىغان زورۇر نەرسىلەر، مەسىلەن، شىكەر ۋە سەرەڭگە قاتارلىق نەرسىلەرنى بەلگىلىك مىقتاردا سېتىۋېلىشنى بەلگىلىدى. ئاشخانىدا ئىشلىتىلىدىغان پىچاقلارغا بەلگىلىك كودلارنى باسماقتا. مىللىي قاسساپلارنى تۆمۈر قەپەستەك رەشەتلىك دۆكانلاردا گۆش ساتقۇزماقتا.

مىللىيلارنى تېخىمۇ قاتتىق كونترول قىلىش ئۈچۈن « ش ئۇ ئا ر خەۋپسىزلىك نازارىتى » ئامېرىكىنىڭ « تېرموفىشىر » شېركىتىدىن 12 مىليوندىن ئارتۇق ئامېرىكا دوللىرى خەشلەپ سېتىۋالغان. ئادەملەرنىڭ DNA ئەۋرىشكىسىنى ئالىدىغان ئەڭ ئىلغار تېخنىكىلىق تىببىي ئۈسكۈنە بىلەن « ئومۇمىيۈزلۈك سالامەتلىك تەكشۈرۈش » نى باھانە قىلىپ، ئىنساننىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەخلىسىزلىكىنى دەپسەندە قىلىپ، قانۇنسىز رەۋىشتە مىللىيلەرنىڭ DNA قاتارلىق بىئولوگىيىلىك ئۇچۇرلىرىنى يىغماقتا.

« < گوللاندىيەدىكى GDI فوندىنىڭ تور بىخەتەرلىكى مۇتەخەسسىسى ۋېكتور گېۋېرس ئالدىنقى كۈنى تاسادىپىي ھالدا شېنجېندىكى بىر خىتاي يۇقىرى تېخنىكا شىركىتىنىڭ ساندانى، يەنى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدا ساقلىنىۋاتقان مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرىنى بايقىغان. مەزكۇر ساندانىدا ئۇيغۇر دىياردىكى 2 يېرىم مىليوندىن ئارتۇق كىشىنىڭ كىملىك نومۇرى، ئىسىم- فامىلىسى، جىنسى، ئادرېسى، تۇغۇلغان يىل- ئاي- كۈنى، ئىش ئورنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆتكەن 24 سائەت ئىچىدىكى چىراي تونۇش تېخنىكىسى ئارقىلىق كامېرا ئارخىپىغا يوللانغان ھەرىكەت ھالىتى ۋە يۆرۈش- تۇرۇشى قاتارلىق شەخسىي ئۇچۇرلىرى خاتىرىسى بار ئىكەن. >، < بۇ خەۋەر بۇگۈن ئەتىگەن، يەنى 17- فېۋرال رويتېرس ئاگېنتلىقى، << جەنۇبىي خىتاي ئەتىگەنلىك پوچتىسى>>، << ئەل- جەزىرە >> ۋە << ئامېرىكا ئاۋازى >> قاتارلىق كۆپ ساندىكى دۇنياۋى تاراتقۇلاردا ئۇلاپ خەۋەر قىلىندى. > ».

مىللىي كەمسىتىش شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، مىللىيلار سىرت- ياقا جايلارغا بارماقچى بولسا، قوللىرىدا مۇناسىۋەتلىك ئىدارە- ئورگانلارنىڭ قاتلاممۇ قاتلام تەستىقلىغەن تەستىقنامىسى بولۇشى بەلگىلەندى. ھەر مىللەت كىشىلىرى ئىشتىراك قىلغان ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە پەقەت مىللىيلارنىڭ كىملىكىنى تەكشۈرۈش ئومۇمىي ئەھۋالغا ئايلانغان. مىللىيلارغا چەت ئەلگە چىقىش پاسپورتى بېرىش توختىتىلدى ۋە بېرىلگەن بېرىلگەن پاسپورتلار يىغىۋېلىندى.

ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە تىجارەت قىلىشى چەكلەندى. خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە تىجارەت قىلىۋاتقان مىللىيلار يۇرتلىرىغا قايتۇرۇلدى. خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۇيغۇرلارغا بېيجىڭدىكى مېھمانخانىلار ياتاق بەرمەيدىغان بولدى. قىسمەن ئۇيغۇرلار مېھمانخانىدا ياتاق ئالغان تەقدىردىمۇ ج خ ئىدارىلىرى تەرىپىدىن قاتتىق تەكشۈرۈلىدىغان بولدى. ئايرودروملاردا ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق تۈركىي مىللەت مۇسۇلمانلىرى خىتايلاردىن ئايرىم ھالدا مەخسۇس جايلاردا تەكشۈرۈلىدىغان بولدى. شەرقىي تۈركىستاندىن خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە بېرىپ ئىش قىلىدىغانلار قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنىدى.

2019- يىلى 15- ئاپرېلدىكى تور بېتىدە « << نيۇيورك ۋاقتى گېزىتى>> خىتايدىكى بىخەتەرلىك كامېرالىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن چىراي پەرقلەندۈرۈش تېخنىكاسىنىڭ مەخسۇس ئۇيغۇرلارنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە

ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. » دېگەن خەۋەرنى بەردى. خەۋەردە « << نيۇيورك ۋاقتى گېزىتى>> مۇخبىرىنىڭ مۇشۇ ساھەگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئاز دېگەندە 5 كىشىدىن ئىگىلىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى مەزكۇر چىراي پەرقلەندۈرۈش تېخنىكاسىنى خىتاينىڭ فۇجيەن، گۇئاڭجۇ، ۋېنجۇ قاتارلىق ئۆلكە ۋە شەھەرلىرىدە ئىشقا سېلىپ ئۇيغۇرلارنى ئىزدەش ئۈچۈن قوللانغان. خۇئاڭخې دەرياسى بويىدىكى سەنمېنشىيا شەھىرىدىكى ساقچى ئورگانلىرى بولسا ئاھالىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئۇيغۇرلارنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن بىر ئاي ئىچىدە 500 مىڭ ئادەم چىرايىنى سىكانىرلىغان ئىكەن. ».

29- ئۆكتەبىر كۈندىكى « شىنجاڭدىكى ۋەزىيەت » سۆھبىتىدە « تاشقى سىياسەت » ژۇرنىلىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇھەررىرلىرىدىن جەيمىس پالمېر: « < ئۇيغۇرلارنىڭ مەيلى ئۇ خىتايلاشقان بولسۇن بولمىسۇن ھەممىسىنىڭ ئورتاق ھالدا دۈشمەن قاتارىدا قارىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغاندا ئۆزى تونۇيدىغان بىر ئۇيغۇر ئائىلىنى مىسال كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئۇيغۇر ئائىل ناھايىتى مۇكەممەل ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان بىر ئۇيغۇر ئائىل بولۇپ، ئۇ خىتايچىنى سۇدەك سۆزلەيدىغان، ئىچكىرى ئۆلكىدە ناھايىتى ياخشى ئورۇندا خىزمەت قىلىدىغان، ئېرى خىتاي مىللىتىدىن بولغان، بالىسمۇ يېرىم خىتاي بولغان بىر ئۇيغۇر ئائىل. بىراق ئۇ بىر كۈنى بالىسى بىلەن باشقا بىر خىتاي ئۆلكىسىگە ساياھەتكە بارغىنىدا كىملىكىدە << شىنجاڭ >> دەپ يېزىقلىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا مېھمانخانىغا كىرە- كىرمەيلا يېرىم سائەت ئىچىدە نەزەربەندكە ۋە سوراققا ئېلىنغان. ئۇلار بىر ھەپتە بويىچە شۇ يەردە تۇتقۇن قىلىنغان ۋە بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇلارنى ساقچىلار ئۆزلىرى ئايروپىلانغا سېلىپ يولغا سېلىۋەتكەن. >، < جەيمىس پالمېر: << مانا بۇ ھازىر خىتاي سىستېمىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قانچىلىك دەرىجىدە ئىشەنمەيدىغانلىقىنىڭ بىر ئۆرنىكى >> دەيدۇ. ».

خىتاي دائىرىلىرىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىنىڭ ساقچىلىرى چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرىنى بالىلىرىغا مەجبۇريي تېلېفون قىلدۇرۇپ، خىتايغا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر قىلماقتا ياكى ساقچىلار ئۆزى بىۋاستە ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ، قايتىپ كېلىشكە ياكى خىتاينىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىك ۋە جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا قىستىماقتا.

« < مەلۇم بولۇشىچە قۇمۇل ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇۋەلى 2017- يىلى خىزمەت ئىشى بىلەن مالايسىياغا كەلگەن ۋە بۇ مەزگىلدە مالايسىيادىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا خىزمەت قىلىۋاتقان ياردەمچى پروفېسسور بۇرھان ستىنى خىتاي تەرەپ بىلەن ھەمكارلىشىشقا دەۋەت قىلغان. بۇرھان ستى بۇ تەكلىپنى سىلىق سىپايە رەت قىلىپ، خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن تۈركىيەگە يۆتكەلگەن. ساقچى باشلىقى ئابدۇۋەلى ئۇنىڭغا ئۇندىداردىن ئۈچۇر يوللاپ ئۆزىنىڭ مالايسىياغا خىزمەتكە كەلگەنلىكى ۋە ئۇنى ھەمكارلىشىشقا دەۋەت قىلغانلىقىنى ھېچكىمگە دېمەسلىكنى تاپىلىغان ۋە ئاشكارىلاپ قويسا ئائىلە- تاۋابىئاتلىرىنىڭ زىيان- زەخمەتكە ئۇچراپ قالىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. 2018- يىلى ئۇ تۈركىيەدىكى مەزگىلدە مەزكۇر ساقچى باشلىقى ئۇنىڭ قۇمۇلدىكى دادىسىنى ئۇنىڭغا تېلېفون قىلغۇزۇپ، ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باققان. بۇرھان ستى بۇ قېتىم ئۇ ساقچىغا تېلېفون قايتۇرۇپ، ئەگەر ئۆزى ۋە ئائىلىسىنى يەنە ئاۋارە قىلسا، بۇ ئاۋاز ۋە سىن خاتىرىلىرىنى دۇنياغا ئاشكارىلايدىغانلىقىنى بايان قىلغان. نەتىجىدە، 2018- يىلى 11- ئايغا قەدەر ئۇنىڭ بىۋاستە ئائىلە ئەزالىرىدىن ھېچكىم لاگېرغا ئەكېتىلمىگەن. ئۇ پەقەت مەلۇم بىر تونۇشى ئارقىلىق 11- ئاينىڭ 11- كۈنى سىڭلىسىنىڭ لاگېرغا ئەكىتىلگەنلىكىنى ئۇققان. ئۇ بۇ چاغدىكى قولىدىكى ئاۋاز ۋە سىن

خاتىرىسىنى رەتلەپ، مەزكۇر ساقچى باشلىقىغا يوللىغان ھەم دەرھال قويۇپ بەرمىسە، قولىدىكى پاكىتلارنى دۇنياغا ئاشكارىلايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ساقچىلار ئۇنىڭ سىگنالىسىنى شۇ كۈنىلا قويۇپ بەرگەن. >، < سىگنالىسى بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشكەن بۇرھان سىتى، ئانىسىنىڭ سىگنالىسىدىن بىر ھەپتە بۇرۇن لاگېرغا ئەكىتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان؛ ئۇ ساقچى باشلىقى ئابدۇۋەلىگە قايتا تېلېفون قىلىپ، ئانىسىنىمۇ 3 كۈن ئىچىدە قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ تەلەپمۇ دەرھال بېجا كەلتۈرۈلگەن. >، < ئۇ يەنە مەلۇم تونۇشلىرى ئارقىلىق دادىسىنىڭ 11- ئاينىڭ 23- كۈنى لاگېرغا ئەكېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ۋە ساقچى باشلىقىغا تېلېفون قىلىپ، دادىسىنىڭمۇ قويۇپ بېرىلىشىنى قولىغا كەلتۈرگەن. >، <ئۆتكەن يىل 12- ئاينىڭ 8- كۈنى ئۇنىڭ سىگنالىسى ھاممىسى بىلەن بىرلىكتە ئىككىنچى قېتىم تۇتقۇن قىلىنغان. ئۇ بۇ ئۇچۇرنى ئالغاندىن كېيىن مەزكۇر ساقچىغا يەنە تېلېفون قىلغىنىدا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان.

ختاي ھۆكۈمىتى چەت ئەللەرگە مىللىي جاسۇسلارنى ئەۋەتىپ ياكى چەت ئەلدە ياشاۋاتقان بىر ئوچۇم مىللىي مۇناپىقلاردىن پايدىلىنىپ، چەت ئەلدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ئائىت ئۇچۇر- ئاخباراتلارنى توپلىماقتا. چەت ئەلدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇرۇق- جەمەت ياكى تونۇش- بىلىشلىرى بىلەن بولغان نورمال ئالاقىلىشى مۇتلەق ئۈزۈپ تاشلانغان. ختاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان چەت ئەللەر بىلەن بولغان شەخسى ۋە شىركەتلەر ئارىسىدىكى پۇل مۇئامىلىسى ۋە پول پېرېۋوتى شەرقىي تۈركىستاندا پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلانغان.

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ خەۋرىدە « < رادىيومىز ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن نۆۋەتتە تۈركىيە، نورۋېگىيە، گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىلەن بۇ دۆلەتلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتلىرىدىكى ئاتا- ئانا، ئۇرۇق- تۇغقانلىرى تۇتقۇن قىلىنىپ لاگېرلارغا قامالغانلىقى، ختاي ساقچىلىرىنىڭ داۋاملىق تېلېفون قىلىپ، ئۇلارنى يۇرتىغا قايتىشقا مەجبۇرلاۋاتقانلىقى مەلۇم بولماقتا. ھەتتا بەزى ساقچىلار چەتئەللەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا شەرت قويۇپ، ئەگەر ئۆزلىرى ئۇچۇن ئىشلەپ بەرسە، لاگېرلارغا قامالغان قېرىنداشلىرىنىڭ تۇتقۇندىن ئازاد بولىدىغانلىقىنى؛ ئۆزلىرى بىلەن ھەمكارلاشمىسا، ئۇلارنىڭ ۋەتەندىكى ئاتا- ئانا ۋە باشقا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارغا تەھدىت سالغان. > ، < تۈركىيەدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن مەمەت ئابدۇخالىق ئەپەندىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئۇ 2016- يىل 10- ئايدا تۈركىيەگە ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەندىن بۇيان ختاي ساقچىلىرىنىڭ تېلېفون ئارقىلىق قىلغان پاراكەندىچىلىكى ۋە تەھدىتلىرىگە ئۇچرىغان. > » قاتارلىق خەۋەرلەر ئاڭلىتىلدى.

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئاڭلىتىشىدا « < << شۋېتسىيە رادىيوسى>> نىڭ 9 - نويابىردىكى خەۋرىدە ئېيتىلىشىچە، ختاي دۆلەت بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ بىر قىسىم خادىملىرى شۋېتسىيەدىكى ئۇيغۇرلارغا تېلېفون بېرىش ۋە ئېلخەت يوللاش ئارقىلىق بىر قىسىم كىشىلەرنى ئۆزلىرى ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىپ بېرىشكە دەۋەت قىلغان. شۇنىڭدەك شۋېتسىيەدىكى ۋە باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاقىدار ئۇچۇرلىرىنى توپلاپ بېرىشكە بۇيرۇغان. >، < ئەنگلىيەدە چىقىدىغان << مۇستەقىللىق >> گېزىتىنىڭ 12- نويابىر سانىدىكى مەخسۇس ماقالىدا ئېيتىلىشىچە، ختاي ھۆكۈمىتى تۈركىيەدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىشقا قىزىقتۇرماقچى بولغان. شۇلاردىن بىرى بولغان ئەيسا ئىسىملىك بىر ياش بۇنى رەت قىلغاندا ختاي ساقچىلىرى << سەنىڭغۇ تۈركىيەدە ئۆزۈڭنى ساق- سالامەت دەپ ئويلىشىڭ مۇمكىن. ئەمما بۇ جايدىكى

قېرىنداشلىرىڭ ۋە باشقا تۇغقانلىرىڭنى قانداق قىلسەن؟ >> دەپ قورقۇتقان. شۇنداقلا << سەن قەيەرگە كەتسەڭمۇ بىز سېنى تاپالايمىز >> دەپ ھەيۋە قىلغان. > » لىقى خەۋەر قىلىندى.

2019- يىلى 31- يانۋاردىكى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ تور بېتىدە ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇخبىرى بىلەن خىتاي يۇ مىتال سودىگىرى لو نىڭ سۆھبەت خاتىرىسىدە سودىگەر لۇ مۇنداق دېگەن:

« ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىنىشى بىلەن بىر ئائىلىدە بىر قانچە ئادەم لاگېرلارغا قامالغانلىقتىن بالىلار تالادا قالغانلىقىنى ئاڭلاۋاتىمىز. مېنىڭ ئېچكىرىكى دوستلىرىمنىڭ قەيت قىلىشىچە، بۇ يېتىم بولۇپ قالغان بالىلارنى خىتاي ئۆلكىلىرىگىمۇ يۆتكىگەن ئىكەن. ئۇلار بالىلارنىڭمۇ مېڭىسىنى يۇيۇپ ئەجدادلىرىنى تونۇماس قىلىۋەتمەكچى، ئۇلارغا كىچىكىدىن خىتايچە ئۆگىتىپ، خىتاي مەدەنىيىتىنى سىڭدۈرۈپ، چوشقا يېگۈزۈپ دېگەندەك پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنى پىلانلىغان. ئاتا- ئانىلىرى بولسا لاگېرلاردا ھەر خىل قىيىن- قىستاقلارغا ئۇچرىماقتا. ئۆلگەنلەرنىمۇ ئاڭلاۋاتىمىز. بۇ خىل ئېغىر ۋەزىيەت يەنە قانچە داۋاملىشىدۇ، بۇنى بىلمەيمەن، ئەمما بۇنىڭغا شاھىت بولۇپ تۇرۇۋاتقان خىتايلار ئاۋاز چىقىرىشى كېرەك. ئۇلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىلا ئەمەس، ئۆزلىرىنىمۇ شۇنداق يوقىتالايدىغىنىنى ئويلىشى كېرەك. بۇ مىللىي مەسىلە ئەمەس، بۇ مونوپول قىلغۇچى بىلەن مونوپول قىلىنغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. بۇ ئىنسانلىققا قارشى بىر جىنايەت. بۇنى بىلگەنلەر پاش قىلىش يوللىرىنى ئىزدىشى، ئىچىدە ئاڭلىتالمىسا ماڭا ئوخشاش سىرتقا چىقىپ، ئەركىن دۆلەتلەردە ئاڭلىتىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر دەپ قارايمەن.».

ئەنگلىيەدىكى يېڭى قەلئە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى دوكتور جوئاننا سمىس فىنلېينىڭ ئېيتىشىچە « < ئۇ ئۆتكەن 27 يىل جەريانىدا كۆپ قېتىم ئۇيغۇرلار دىيارىغا بېرىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ بۇ جايدىكى ئەھۋالنىڭ ھېچقاچان 2018- يىلى ياز ئايلىرىدىكىدەك قاباھەت ۋە ۋەھىمىگە تولغانلىقىنى ھېس قىلىپ باقمىغان. ئۇنى ھەممىدىنمۇ بەك ھەيران قالدۇرغان ئىشلارنىڭ بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ھېچقانداق جايدا، ھەتتا ئۆز ئۆيلىرىدىمۇ ئۆزىنى بىخەتەر ھېس قىلالماسلىقى، ھەممىلا جايدا << قۇلاق >> بار، دەيدىغان قاراشنىڭ ئومۇملىشىپ بولغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ خىيالىدىن كەچكەن ئىشلارنىمۇ ئېغىزىدىن چىقىرالماس بولۇپ قالغانلىقىدۇر. >،

< ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: << ھەممىلا جايدا مەسچىتلەر بوش قالغان، مەسچىتلەرنى تولدۇرۇپ تۇرىدىغان جامائەتنىڭ ئورنىنى بولسا خىتاي بايرىقى ئىگىلىگەن، رېستورانلارنىڭ ھېچقايسىسىدا << ھالال>> دېگەن بەلگىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. يەرلىك ئۇيغۇرلاردا ھېچقانداق تەقۋادارلىق ئالامەتلىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. مەن بۇ جەرياندا ئىككى ئۇيغۇر بىلەن ئۇچراشتىم. بىرى بىلەن كەچقۇرۇن، يەنە بىرى بىلەن تۈن نىسبىدە كۆرۈشكەن بولساممۇ ئۇلار مەن بىلەن ئولتۇرغىلى ئۇنىمىدى، گەپمۇ قىلمىدى. ئۇلارنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن مەن روشەن قورقۇنچ تۇيغۇلىرىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. كىشىلەرنىڭ چىراي ئىپادىسىدىكى بۇ خىل ئورتاق قورقۇنچ تۇيغۇسىنى مەن 2016- يىلى سېنتەبىر ئېيىدا ئۈرۈمچىگە بارغاندا ھېس قىلىشقا باشلىغان ئىدىم. شۇ ۋاقىتتا چېن چۈەنگونىڭ تىبەتتىن يۆتكىلىپ كەلگىنىگە تېخى بىرنەچچە ئايلا بولغان ئىكەن. مەن ئۆزۈمنىڭ تونۇش ئۇيغۇرلىرىمدىن بىرەيلەن بىلەن ئاۋۋال بىر ئاشخانىدا ئۇچراشتۇق. تاماقتىن كېيىن بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە باردۇق. ھەيران قالغىنىم بۇ خانىم مەيلى ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقاندا بولسۇن ياكى ئۆيىدە ماڭا چاي قۇيۇۋاتقاندا بولسۇن ئىككى گەپنىڭ بىرىدە << دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ سىياسىتى ھازىر بەك ياخشى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ >> دېگەننى تەكرارلاپ قوياتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ مېنى شەھەرگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر تاغلىق رايونغا ئويۇنغىلى ئېلىپ باردى. ئىككى

سائەتچە ماشىنىلىق يول يۈرۈپ، بىرنەچچە تەكشۈرۈش نۇقتىلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ماشىنىسىنى مەيدانغا توختىتىپ قويىدى. ئاندىن بىز تاغقا يامىشىشقا باشلىدۇق. تاغنىڭ خېلى ئېگىز بىر يېرىگە بارغاندا ئۇ ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ << راستىنى دېسەم، سىزگە دەيدىغان شۇنچە جىق گەپلىرىم بار ئىدى. ئەمما ئۇلارنى ئۆيدە ياكى ماشىنىدا ۋە ياكى ھېچقانداق يەردە دېگىلى بولمايدۇ. دېسەممۇ بۇنى ھېچكىم ئاڭلاپ قالماسلىقى لازىم دېدى. > ».

« كىشىلىك ھوقۇق كۆزىتىش تەشكىلاتى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى سوفىيە رىچاردسون < 17- يانۋار نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە توختىتىلىپ، مەزكۇر رايوندىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ لاگېر سىرتىدىكى ئەھۋالى بىلەن لاگېر ئىچىدىكى ئەھۋالدا چوڭ پەرقىنىڭ يوقلىغىنى بىلدۈردى. ئۇ لاگېر بىلەن لاگېر سىرتىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز يەنە شۇ نۇقتىنى تەكىتلەشكە تىرىشتۇق: شىنجاڭدا ياشاۋاتقان لاگېرنىڭ سىرتىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمانلىرى ئوخشاشلا كۈندىلىك ھاياتىدا پەۋقۇلئاددە ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىلىكى ۋە چەكلىمىلەرگە ئۇچرىماقتا. مەيلى ئۇلار دۆلەتنىڭ كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىشى ياكى ئىسلامى دىنىي ئېتىقادىغا ئەمەل قىلىشىنىڭ چەكلىنىشى، ساياھەت ئەركىنلىكىنىڭ مەنئى قىلىنىشى جەھەتلەردە بولسۇن، لاگېرلارنىڭ ئىچىدىكى ئەھۋال بىلەن سىرتىدىكى ئەھۋالىنىڭ بەك چوڭ پەرقى يوق. > » دېدى.

« < غەرب ئاخبارات ۋاستىلىرى ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنىڭ خەلقئارا سەھنىلەردىكى ئېتىبارىنى ئاشۇرۇشتا ئىنچىل كۈچ چىقىرىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭدەك << زىمىستان>> تورىمۇ مۇشۇ رەتنىڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقان تور تاراتقۇلىرىنىڭ بىرى. > ، < ھالبۇكى، يېقىندا << زىمىستان >> تورىنىڭ خىتايدا ۋە ئۇيغۇر دىيارىدا تۇرۇشلۇق لاگېرلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالى ۋە باشقا دەپسەندىچىلىكلەرنى ئەينەن پاكىتلار بىلەن ئېچىپ بېرىۋاتقان 45 مۇخبىرى << دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلىغان >> ياكى << چەت ئەلنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىنى سىڭدۈرۈشكە قاتناشقان>> دېگەندەك ئەيىبلەشلەر بىلەن تۇتقۇن قىلىنغان. >، < ئۇلاردىن 40 قا يېقىنى ئۇيغۇر دىيارىدىن تۇتۇلغان.>. < شىنجاڭدىكى 40 قا يېقىن مۇخبىرىمىز تەربىيىلەش لاگېرى ھەققىدە ماتېرىيال توپلىغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلدى.>، < << زىمىستان>> تورى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن << چەت ئەلنىڭ دۈشمەن تور بېتى >> دەپ تەبىر بېرىلگەن. دۆلەت ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇق مەزكۇر تور بەت ئارقىلىق دۇنياغا ئاشكارىلىنىپ كەتكەنلىكتىن، خىتاي ھۆكۈمىتى مەزكۇر تورغا ھۇجۇم قىلىش ۋە مۇخبىرلىرىنى تۇتقۇن قىلىش ئارقىلىق ئۇلاردىن ئۆچ ئالغان. > ».

2019- يىلى « 22- مارتتىن 25- مارتقا قەدەر ئۇيغۇر رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان خىتاي مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋاڭ ياڭ، بىر يېرىم مىليوندىن ئارتۇق ئىنسان يىغىۋېلىش لاگېرىدا سولىنىپ ياتقان ئۇيغۇر رايونى ۋەزىيىتىنى « مۇقىم ۋە تىنچ » دەپ مەدھىيەلىگەن ۋە رايوندا ئاتالمىش « 3 خىل كۈچ » لەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان باستۇرۇش سىياسەتلىرىنىڭ داۋاملىشىشىنى تەشەببۇس قىلغان.

مۇنداق قورقۇنۇشلۇق ۋەزىيەتتە مىللىيلار ۋەسۋەسكە چۈشۈپ، تەشۋىش-ئەندىشە ، دەككە-دۈككە ئىچىدە تۇرمۇش كۆچۈرىدىغان بولۇپ قالدى. قىسقىسى، بۇ ئۆلكىنىڭ ئاسمىنىنى دۆلەت ئاق تېررورلۇقى قاپلىدى. بۇ ماكان تامامەن ئىنگلىز يازغۇچىسى جېئورج ئورۋېلنىڭ« 1984 » رومانىدىكى تەسۋىرلەنگەن ئىستىبداتلىق بىر رايونغا ئايلىنىپ قالدى.

## شەرقىي تۈركىستان تۈركىي مىللەتلەرنىڭ كىملىكىنى يوقىتىش

خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى ئۆتمۈشتىكى خىتاي سۇلالە ۋە ھۆكۈمەتلىرى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ يەتمىش يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلالمىغانلىقىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، بىر مىللەتنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقىتىش ئۈچۈن ئىشنى شۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇدىيەت (كىملىك) ئالاھىدىلىكلىرىنى تۈپتىن يوقىتىش يەنى بىر مىللەتنىڭ مەجۇدىيەتلىكىدىكى (كىملىكىدىكى) ئەڭ تۈپكى ئامىللارنىڭ بىرى بولغان مىللەتنىڭ ئېتنىك بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى (كىملىكى) -- ئىرسىيەت ئالاھىدىلىكلىرى -- بىئولوگىيىلىك تاشقى كۆرۈنۈش قىياپىتىدىكى ئوخشاشلىق ئالامەتلىرى ۋە ئىجتىمائىيلىق ئالاھىدىلىكلىرى (كىملىكى) -- ئورتاق تىل - يېزىق، ئورتاق زېمىن، ئورتاق دىنىي ئېتىقادى، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە ئورتاق مەدەنىيەت - مائارىپ ھەمدە بۇ خىل ئورتاق مەدەنىيەتتە ئىپادىلىنىدىغان ئورتاق پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەرنى يەنى شۇ مىللەتنىڭ ئېتنىك بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى، ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە ئۈستقۇرۇلمىسىنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىلىرىنى يۇقىتىشتىن باشلاش كېرەك ئىكەن، دېگەن ئاڭغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى « خىتاي دۆلەت تېررىتورىيەسى » ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق تۈرك قوۋملىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىش ئۈچۈن بۇ مۇدھىش ئىشنى-- مىللەت مەۋجۇدىيەتنى ( كىملىكنى) يەنى ئۇيغۇرلۇق، قازاقلىق ۋە قىرغىزلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقىتىشتىن باشلىدى. پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى دەرھال توختىتىش ھەققىدىكى قەتئىي تەلەپلىرىگە پەرۋا قىلماي، خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۆزلىرىنىڭ يىرتقۇچلۇق ماھىيىتىنى تېخىمۇ تولۇق ئاشكارلاپ، ھېچ قانداق ۋاستە تاللىماي، بۇ فاشىستلىق پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن غالجىرلەرچە كىرىشىپ كەتتى.

2017- يىلدىن بۇيان خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت كىملىكىدىكى ئەڭ تۈپكى ئامىللارنىڭ بىرى بولغان ئېتنىك بىئولوگىيىلىك ئامىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەر خىل يولسىز ۋە ئىنسان قىلىپدىن چىققان ئۇسۇل ۋە ۋاستىلار بىلەن ئۇيغۇر قىزلىرىنى خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلىماقتا. خىتاي دائىرلىرى ئۇيغۇر قىزلىرىنى خىتايلار بىلەن توي قىلمىساڭ، ئاتا- ئاناڭ ، ئاكا- ئۇكاڭ، ھەدە- سىڭىللىرىڭ ۋە ئۇرۇق- تۇغقانلىرىڭ مەڭگۈ جازا لاگېرلىرىدىن چىقمايدۇ، دەپ تەھدىت سالماقتا. شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاندىكى بەزى ناھىيەلىردە مەجبۇرلانغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ خىتايلار بىلەن كوللېكتىپ توي موراسىملىرى ئۆتكۈزۈلماقتا. ئۇيغۇر قىزلىرىنى تۈركۈم- تۈركۈملەپ مەجبۇرىي ھالدا خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە يۆتكىمەكتە. ئەقلاقسىزلىق، نومۇزسىسزلىك ۋە شەرمەندىچىلىكتە دۇنيادا تەڭدىشى يوق، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان خىتاي كوممۇنىستلىرى كومپارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك بىئولوگىيىلىك ئامىل ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان قانداقتۇر ئاتالمىش « قوشماق تۇغقان بولۇش » سىياستىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى بىلەن ھېچقانداق قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتەلمەي جازا لاگېرلىرىغا سولانغان ئەرلەرنىڭ ئۆيلىرىگە زورلۇق- زومبۇلۇق بىلەن باستۇرۇپ كىرىپ قونماقتا.

گېرمانىيەلىك ئىسلامشۇناس پروفېسسور پائۇلا شرودې شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالنى مۇنداق تەسۋىرلىدى : « بۇ يەردە بىر ئىنسان ئۆزى تولىمۇ خاتا دەپ قارىغان بىر ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. مەن ئۇيغۇر دىيارىدىكى ۋاقتىمدا دەل مۇشۇنداق ئەھۋاللارغىمۇ دىققەت قىلغانىدىم.

باشقا بىر نەرسە يېيىش ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنى پەرقلەندۈرۈش، يەنى مۇسۇلمان بىلەن مۇسۇلمان بولمىغانلارنى ئايرىشتا ھالال ۋە ھارام يېمەكلىكلەر، پاكىز ۋە مەينەت نەرسىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىش، يەنى چوشقا گۆشى بىلەن ئوزۇقلىنىش ۋە ئوزۇقلانماسلىق ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيىتىدىكى كىملىكنى ئېنىقلىشىدا ئالاھىدە سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە. بۇ خىل سىمۋوللۇق مەنە تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن قارىلىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە چوشقىنىڭ مەينەت ئىكەنلىكىگە ئوخشاش ناھايىتى كۆپ چۈشەنچىلەر بىلەن باغلانغان بىر نازۇك تېما. ئەگەر ئۇيغۇرلار ئۆز ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنى ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان جەمئىيەت قارىشىغا قارشى بىر ئىش قىلىشقا مەجبۇرلاش، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى ئاشۇ كۈچلۈك جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىن يىراقلاشتۇرۇش، ئۇلارنى باشقا بىر خىل ئادەم قىلىپ ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە قىلىنغان ئىشلاردۇر. بىزنىڭ بۇ كۈنلەردە كۆرۈۋاتقىنىمىزمۇ دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدۇر. بۇنداق قىلمىشلارغا مەجبۇرلاش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ نازۇك كىملىك قارىشىغا دەخلى- تەرۇز يەتكۈزگەنلىكتۇر. ».

خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى، سەن بىر مىللەتنىڭ كىملىكىنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرىدىن بولغان ئېتنىك بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى (كىملىكى) -- ئىرسىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئىجتىمائىيلىق ئالاھىدىلىكلىرى (كىملىكى) -- مىللەت روھى، ماكانى، تىلى- يېزىق ، دىنىي ئېتىقادى، تارىخى، ئارخېئولوگىيىسى، ئېتنوگرافىيىسى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات - سەنئىتى قاتارلىقلارنى زوراۋانلىق بىلەن يوقىتىپ، خىتايلارنىڭ كىملىكىگە ئوخشاپ قالغان يەنى خىتايلارغا (جۇڭخۇالارغا) ئوخشاش تىل ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇپ قالغان ئۇيغۇرلارغا سىلەر خىتايدىكى مىللەتلەرنىڭ بىرى دېسەڭ ، سىلەرنىڭ بۇ گېپىڭلار جىڭ باسامدۇ؟!

شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن جاللات شېڭ شىسەي شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە چىداپ بولغۇسىز زۇلۇملارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق مۇسۇلمان تۈرك مىللەتلەرنىڭ كىملىكى-- مەۋجۇدىيەتلىكىگە چېقىلمىغان ئىدى. لېكىن، خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى تۈرمە، جازا لاگېرى ۋە جەمئىيەتتە بولمىسۇن، بارلىق تۈرك مىللەتلىرىگە قارىتا « دۆلىتىم جۇڭگو» ، « مىللىتىم جۇڭخۇا» دېگەنلەرنى زوراۋانلىق بىلەن تېڭىپ، ئۇلارنىڭ مىللەت كىملىكىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنماقتا.

تۆۋەنكىدىكى بايانلاردا ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ كىملىكىدىكى ( مەجۇدىيەتلىكىدىكى ) ئىجتىمائىيلىق ئالاھىدىلىكلىرى (كىملىكى) -- ئورتاق تىل - يېزىق، ئورتاق زېمىن، ئورتاق دىنىي ئېتىقادى، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە ئورتاق مەدەنىيەت- مائارىپ ھەممە بۇ خىل ئورتاق مەدەنىيەتتە ئىپادىلىنىدىغان ئورتاق پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قانداق يوقىتىلىۋاتقانلىقى ۋە قانداق قىسمەتلەرگە ئۇچراۋاتقانلىرى نۇقتىلىق تەسۋىرلىنىدۇ.

### شەرقىي تۈركىستان تۈركىي مىللەتلەرنىڭ دىنىي كىملىكنى ( ئېتىقادىنى ) يوقىتىش

نۆۋەتتە خىتاي جۇڭخۇا ئىمپېرىيىسى ھازىرقى زاماندىكى مۇستەملىكىسى بولغان شەرقىي تۈركىستاننى مەڭگۈلۈك ئۆزىنىڭ زېمىنى قىلىۋېلىش ئۈچۈن يەرلىك مىللەتلەر بولۇپمۇ مۇسۇلمان تۈركىي مىللەتلەر جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كىملىكىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت بولغان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت بىلەن جىددى ۋە ۋەھشىلارچە شۇغۇللانماقتا. خىتاي جۇڭخۇا ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ جىنايىتى بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنى تۈرمە ۋە جازا

لاگېرلارغا سولاش ئارقىلىق ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ خىتاي مىللىتىگە ئوخشىتىپ قويۇشتىن ئىبارەت. خىتاي جۇڭخۇا ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ ئاسسىمىلياتسىيىسى كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ مەزمۇنلارنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت.

دىن بىلەن تېررورلۇق ھەركەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ھېچ قانداق « قانداشلىق » مۇناسىۋەت مەۋجۇت ئەمەس. ئىسلام دىنىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئىسلام دېگەنلىك تېررورلۇق دېگەنلىك ئەمەس. بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر سادىر بولغان تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىر قۇر تەتقىق قىلىنسا، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ ھەر خىل مىللەت ۋە ھەر خىل دىن ياكى دىنسىز ئادەملەر ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ مەلۇم بۇلىدۇ. ئەملىيەتتە « ئىسلام » دېگەن بۇ ئەرەپچە سۆز « ئىتائەت » قىلىشتىن ئىبارەت لېكسىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى « تىنچلىق يولى بىلەن بىردىنبىر ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇش » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ، ئەسىرلەر داۋامىدە دۇنيادىكى مىليون - مىليونلىغان مۇسۇلمانلار تىنچ يول بىلەن بىردىنبىر خۇداغا -- ئاللاھغا ئېتىقاد قىلىپ ئۇنىڭ ئىرادىسىگە بۇيسۇنۇپ كەلگەن.

ئىسلام دىنى « تىنچ يول بىلەن ئاللاھقا بويسۇنۇش» دىن ئىبارەت ماھىيەتلىك مەنە بىلەن يۇغۇرۇلغانلىقتىن ھەتتا ئامېرىكىدا « 11- سېنتەبىر » ۋەقەسى سادىر بولغاندىن كېيىن بەزى كىشىلەر بۇ يەردىكى مەلۇم مەسچىتلەرنى ۋەيران قىلماقچى بولۇپ ئۇرۇنغاندا ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نېگىزلىك ماھىيىتىنى چۈشەنگەن خرىستىئانلار كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، پىدائىيلىق بىلەن جەمئىيەت تىنچىغىچە بىر مەزگىل كېچە- كۈندۈزلەپ، ھەر قايسى مەسچىتلەرنى مۇھاپىزەت قىلغان. ھەي، شى جىنپىڭ، چېن چۈەنگو، سەنلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى دېمەي تۇرايلى، ئۆزەڭلەرنىڭ خىتايلارنىڭ داۋجاۋ ى( 道教) دىنى توغرۇلۇق ئاز- تولا بىلىمڭلار بارمۇ- يوق ؟

دۇنيادىكى بارلىق دېموكراتىك دۆلەتلەر ئەگەر مەملىكەتلىرىدە تېررورلۇق ۋەقەلىرى سادىر بولسا، خىتاي ھۆكۈمىتىدەك ئاللاق- جاللاق بولۇپ، نىمە قىلىشنى بىلەلمەي قىلىپ، تەلۋىلەرچە ئىش قىلماستىن، شۇ ۋەقەگە چېتىشلىك كىشلەرنى قانۇن بۇيىچە بىر تەرەپ قىلماقتا، دۆلەتنىڭ تېررورلۇققا تاقابىل تۇرۇش قابىلىتىنى ئۆستۈرمەكتە ۋە پۇقرالىرىنىڭ تېررورلۇق قارشى تۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرمەكتە. بۇنىڭ ئەكسىچە، مەركىزىي خىتاي ھۆكۈمىتى يەرلىك ھۆكۈمەتكە « شىنجاڭ » دا يۈز بەرگەن ئانچە- مۇنچە « تېررورلۇق » ۋەقەلىرىنى قانۇن بۇيىچە بىر تەرەپ قىلىشقا كۆرسەتمە بېرىشىنىڭ ئورنىغا، قىنى- قىنىغا پاتماي « ياخشى بولدى، ھەممىسىنى بىر يولىلا جايلايمىز » دېيىشىپ، قاقاقلىشىپ، گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، غەرەزلىك ھالدا بۇ ۋەقەلەرنى سۈيئىستېمال قىلىش بىلەن بىرگە يەنە يەرلىك خىتاي ھۆكۈمىتى دائىرلىرىنىڭ « شىنجاڭ » دىكى « تېررورلۇق » ۋەزىيىتىنىڭ « ئېغىر ۋە جىددىيلىقى » نى خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە كۆرسۈتۈپ ئىسپاتلاش ئۈچۈن سۈيىقەستلىك بىلەن پىلانلىغان « تېررورلۇق » ۋەقەلىرىنى دەستەك قىلىپ، « ئىسلام دىنىغا بارلىق تېررورلۇق ھەركەتلىرىنىڭ تۈپ ئىدېئولوگىيە مەنبەئەسى، « شىنجاڭ » غا تېررورلۇق ھەركەتلىرىنىڭ ماكانى، ئۇيغۇرلارغا « تېررورچى » دەپ دىئاگنوز قويۇپ، ئىسلام دىنىنى پۈتۈن خىتاي مىقياسىدا يوقۇتۇش ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنى بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنى بىر تەرەپتىن يوقىتىش، بىر تەرەپتىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشتىن ئىبارەت سۇيىقەستلىك شۇم نىيىتىگە يەتمەكچى بولدى . قىسقىسى، « جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا » دېگەندەك، خىتاي كومپارتىيىسى ۋە خىتاي ھۆكۈمتى « تېررورلۇق » نى تۈپ يىلتىزىدىن قىرقىشنى باھانە قىلىپ، « بىر چامىمدا

ئىككى پاختەكنى سوقماق» نى پىلانلاپ خىتايدا ئىسلام دىنى ۋە بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك مۇسۇلمانلىرى ، تۇڭگان ۋە تاجىك مۇسۇلمانلىرىنىڭ كىملىكىنى يوقاتماقچى.

خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ 2018- يىل 4- ئاينىڭ 19- كۈنى تارقاتقان « << نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە ئىسلام دىنى خىزمىتى ھەققىدىكى تەكلىپ لايىھىسى >> دەپ ئاتالغان 24- نومۇرلۇق ھۆججەتتىدە ھەرقايسى ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلاردىن << خىتاي دۆلەت ئىچىدىكى ئىسلام دىنىي ئېتىقاد رايونلىرىدا خىتاي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىن يىراقلىشىش ياكى يوقىتىش خاھىشى >> چەكلەش ياكى تۈزىتىش تەلەپ قىلىنغان. ھۆججەتتە بولۇپمۇ ئىسلام دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى بولغان مەسچىتلەر قۇرۇلۇشى، دىنىي ئۇسلۇبتىكى كىيىنىش، دىنىي پائالىيەت، دىنىي ئېتىقاد ئادەتلىرى، دىنىي تەلىم-تەربىيە ۋە ئەرەب تىلى ئۆگىنىشى قاتارلىقلاردا << ئەرەبلىشىش >> كە چەكلىمە قويۇش تەلەپ قىلىنغان. > دېيىلگەن. ».

ھەي، خىتاي دائىرلىرى ئۆزەڭلەرنىڭ نىمە ھەققىدە سۆزلەۋاتقىنىڭلارنى ئۆزەڭلەرنىڭ قولۇقىڭلار ئاڭلاۋاتامدۇ-قانداق ؟ ئۆزەڭلەر سۆزلەۋاتقان تېمىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەنتىقلىق مۇناسىۋەتنىڭ بار- يوقلىقىنى بىلەمسىلەر-قانداق ؟ ئىسلام دىنى بىلەن خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ ئارىسىدا قانداقمۇ باغلىنىش ( مۇناسىۋەت ) بولسۇن ؟ ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ دىنى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ئارىسىدا مۇئەييەن باغلىنىش (مۇناسىۋەت) مەۋجۇت. مەسىلەن، خىتايلارنىڭ داۋجاۋ دىنىنىڭ خىتاي مەدەنىيىتى بىلەن مۇئەييەن باغلىنىش (مۇناسىۋىتى) مەۋجۇت. ئىسلام دىنىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرى بىلەن باغلىنىش (مۇناسىۋىتى) مەۋجۇت. ئىسلام دىنى ئەرەپ ئىدېئولوگىيىسى ۋە ئەرەپ مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىر خىل دىن. ئەرەپ مىللىتىدىن باشقا مىللەتلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىدا بۇ دىنغا ئۆز مىللىتىنىڭ بەزى ئۆرپە- ئادەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز مىللىتىگە خاس بولغان يەرلىك تۈسنى ئالغان ئىسلام دىنى ئېتىقادى ۋە مەدىنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭلاشقا، قانداق قىلىپ ئىسلام دىنىنىڭ « خىتايدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان خىتايلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىدىن يىراقلىشىش » دىن گەپ ئېچىش مۇمكىن؟ گەپىڭ پوستكاللىسى، سەنلەرنىڭ بۇنداق گەپلىرىڭلار « بىزنىڭ مەقسىتىمىز خىتايدا ئىسلام دىنىنى يوقىتىش » دېگەن گەپىڭ باشقىچە ۋارىيانتى، خالاس.

گەرچە خىتاينىڭ ئاساسىي قانۇندا پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بار دەپ ئېنىق يېزىلغان تۇرۇقلۇق، خىتاي دائىرىلىرى تۈرك مۇسۇلمانلىرى ، تۇڭگان ۋە تاجىك مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسلامىي پەرزلەرنى ئادا قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلماقتا ۋە چەكلىمەكتە. ئىسلام دىنىنىڭ ئىبادەت سورۇنى-- مەسچىتلەر« مەسچىتلەرنى ئىخچاملاشتۇرىش » باھانىسى بىلەن چاقتۇرۇ لماقتا. « << ئۇيغۇر خەۋەر ۋە تەتقىقات مەركىزى >> نىڭ خەۋىرى بۇيىچە ئېيتقاندا خوتەن شەھەر ئىچى ۋە ئەتراپىدا چېقىۋېتىلگەن قەدىمىي مەسچىتلەردىن ئاۋرال مەسچىتى، نۇرلۇق جامەسى، ھېيتگاھ مەسچىتى، بەيتۇللاھ مەسچىتى، بەيتۇلمەمۇر مەسچىتى، جۇجان دەرۋازا مەسچىتى ۋە ئاتبازىرى مەسچىتى قاتارلىق 13 مەسچىت ئىكەن. »، « ئاقسو توقسو ناھىيىسىنىڭ يۇلتۇز باغ بازىرىدىكى20 مەسچىتتىن11چېقىۋېتىلگەن. ». ئەركىن رادىئوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئاڭلىتىشىچە، قومۇل شەھەرىدىكى 800 دىن ئارتۇق مەسچىتدىن 80 نەچچىسى ساقلىنىپ قىلىپ، قالغانلىرى چېقىۋېتىلگەن. ساۋان ناھىيىسىنىڭ شۇمۇگو دېگەن جايدىكى تۇڭگانلارنىڭ بىر مەسچىتى ئۇقتۇرۇشسىز چېقىپ تاشلانغان. »، « يېقىندا ئەنگلىيەدىكى بىر تور بەتنىڭ كېرىيە ناھىيەسىدىكى 800 يىللىق ھېيتگاھ جامەسىنى چېقىۋەتكەنلىكىنى

دەلىللىگەنلىكى بىلدۈرۈلگەن. ». خىتاي دائىرلىرى  رەزىللىكتە شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، نامازخانىلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا مەسچىتلەرنى چېقىپ، چىرايىدا ئۆزگىرىش بولغان نامازخانىلارنى جازالىغان. خىتاي چېقىلماي قالغان مەسچىتلەرنى قەدەممۇ قەدەم ھەر خىل تىجارەت قىلىش ئورۇنلىرىغا ئۆزگەرتمەكتە. ئاز ساندىكى ساقلىنىپ قالغان مەسچىتلەر يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ كېچە- كۈندۈز قاتتىق نازارىتى ئاستىدا تۇرماقتا. يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرلىرى مەخسۇس كادىرلارنى بەلگىلەپ، مەسچىتلەردە تۇغۇزۇپ، نامازخانىلارنىڭ پۈتۈن پائالىيەتلىرىنى كۆزەتمەكتە. ناماز ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتلەرگە كىرىشتە نامازخانىلارنىڭ قوللىرىدا ناھىيىدىن يوقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن تارقىتىلغان كىنىشكا ھازىر بولۇشى شەرت. « خىتاينىڭ << يەر شارى ۋاقتى گېزىتى >> نىڭ 10- ئىيۇندىكى ئىنگلىزچە خەۋىرىدە بۇ يىللىق روزا ھېيت ھارپىسىدا پۈتكۈل خىتاي مىقياسىدا بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنىڭ كۈچەيتىلگەنلىكى، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا يەرلىك دائىرىلەرنىڭ كۆزىتىش ئاپپاراتلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگەنلىكىنى بىلدۈرگەن. خەۋەردە يەنە خىتاي دۆلەتلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىسى 1- ئىيۇن چىقارغان ئۇقتۇرۇشىدىن نەقىل ئېلىنىپ، مەسچىتكە كىرىپ ناماز ئوقۇيدىغانلارنىڭ چوقۇم كىنىشكا ئېلىشى كېرەكلىكى، كىنىشكىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورگاننىڭ تەستىقلايدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. ».

دىنى تەلىم تەربىيە قەتئىي چەكلەنگەن. كىمكى بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانسا، تۈرمىگە تاشلانغان. « ئاتۇشنىڭ ئازغان كەنتىدىكى تىجارەتچى ۋەلى مەمەت لاگېردا جان ئۈزگەن. ۋەلى مەمەتنىڭ تۇتۇلۇش سەۋەبى ۋەلى مەمەت 10 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا پەرزەنتلىرىنىڭ قۇرئان ساۋاتىنى چىقىرىش ئۈچۈن مەھەللىدىكى بىر ئائىلىۋى دىنىي مەكتەپكە بەرگەن. بۇ قىلمىش ئۆتكەن يىلغا كەلگەندە دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ ئالامىتى دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭ تۇتۇلۇشىغا سەۋەب بولغان. »، « قىرغىزىستاندا تىجارەت قىلىۋاتقان 40 ياشلار چامىسىدىكى مەمەتجان ئېلىنىڭ ئاتۇشتا بۇنىڭدىن 15 يىللار ئىلگىرى ئالەمدىن ئۆتكەن مەشھۇر دىنىي زات رۇستەم قارىھاجىنىڭ ئۆلۈم مۇراسىمىدا شاھادەت بارمىقىنى كۆتۈرۈپ تەكبىر ئىشارىتى قىلغانلىقى ئۈچۈن لاگېرغا سولانغان. ».

ئىسلام دىنىغا ئائىت  ھەر قانداق كىتاب- ژورناللار ۋە بۇيۇملارنى ئىشلىتىش چەكلەنمەكتە، ھەتتا بۇ كىتاب- ژورنال ۋە بۇيۇملار يىغىشتۇرۇلماقتا ۋە كۆيدۈرلمەكتە؛ بۇ بۇيۇملارنى ساقلىغانلار جازا لاگېرغا سۇلانماقتا. ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى-- « قۇرئان كەرىم » نى ئۆيدە ساقلاشقا رۇخسەت قىلماي، تەشكىلگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرلىماقتا. ھاتتا كىشلەردىن مەجبۇري يىغىپ ئېلىنغان « قۇرئان كەرىم » باشقا دىنىي كىتابلار بىلەن بىرگە قوشۇپ دۆۋە- دۆۋە قىلىپ كۆيدۈرۈلمەكتە. خىتاي دائىرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ساۋان ناھىيىسىدە « قۇرئان كەرىم » نى دۆۋىلەپ كۆيدۈرۈشى ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشىنىڭ تىپىك مىسالى. باللارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكسىدىكى ئەرەبچە - فارسچە سۆزلەر بىلەن قويۇلغان ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىماقتا. نۆۋەتتە ھەر قايسى جايلاردىكى مېيىت يۇيىدىغان ئۆر- ئاياللار تۇتۇن قىلىنىپ كەتكەنلىكتىن مۇسۇلمانلارنىڭ مېيىت چۈشۈرۈش ۋە دەپنە قىلىش ئىشلىرى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان.  قەبرىستانلاردا قەبرىلەرنى سېمونتتىن نەچچە قەۋەتلىك قىلىپ قورۇشقا كىرىشتى. تۇراقلىق ئاھالىلارنىڭ مۇتلەق كۆپى ئۇيغۇرلار بار يەرلەردە جەسەت كۆيدۈرۈش ئورۇنلىرىنى قورۇپ، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ مېيىتلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۆرپە- ئادەتلىرىغا زىت ھالدا مېيىتلارنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىشقا ھەدەپ تەييارلىق قىلماقتا.

خىتاينىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىدارە- ئورگانلىرىدا مۇسۇلمان خىزمەتچىلەرنى ئاتېئىست بولۇش، ھالال-ھارامنى پەرقلەندۈرمەسلىك ۋە ھەر ۋاقىت خىتايچە سۆزلەشكە مەجبۇرىي قەسەم قىلدۇرماقتا. خىتاي مەمۇرىيەتلىرى خىتاي ئاشخانىلىرىدا زىياپەت تەييارلاپ، ئۇيغۇر كادىرلارنى تەشكىللەپ، ئۇلارغا توڭگۇز گۆشنى يېگۈزمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردە مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئىسلام دىنىغا قارشى بولغان تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئۈچۈن قەسەم قىلدۇرماقتا. يېزىلاردا دېھقانلارغا مەجبۇرىي ھالدا چوشقا باققۇزماقتا. رامازان ئېيىدا مۇسۇلمانلارنىڭ روزى تۇتۇشنى چەكلىمەكتە. رامازان ئېيى مەزگىلىدە خىتاي دائىرلىرى زىياپەتلەرنى تەييارلاپ مۇسۇلمانلارنى مەجبۇرلاپ چۇشقا گۆشى يېگۈزمەكتە، ھاراق ئىچكۈزمەكتە، تاماكا چەكتۈرمەكتە.

« چېگدۇ شەھرىدىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ، مەمۇرىي خىزمەت ئىشلەۋاتقان يۈسۈپ رىشىت ئۆزىنىڭ << دوستۇم، سەن ماڭا مۇسۇلمانچە ئاشخانا كۆرسىتىپ، ئاۋارە بولما >> سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھالال يېمەك ئادىتىنىڭ نۇرغۇن قۇلايسىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى، يېمەك- ئىچمەك پەرھىزىنى ئۆزگەرتىشنىڭ << ئاشقۇنلۇقنى تۈگىتىش >> كە ئالاقىدار زور مەسىلە ئىكەنلىكى، شۇڭا ئۆزىنىڭ << ھارال- ھارام >> دەپ ئايرىپ ئولتۇرماسلىقنى قارار قىلغانلىقىنى ئىلان قىلغان. ». « ئۆتكەن ھەپتە ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئالتاينىڭ قابا ۋە بۇرچىن ناھىيەلىرىدە چوشقا گۆشى يېيىشنى رەت قىلغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزگەن 400 دىن ئارتۇق قازاق ئوقۇغۇچىنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ھەققىدە خەۋەرلەر تارقالغان ئىدى.... ئالتاي شەھەرلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە بۇرچىن ناھىيەلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقى، تۇتقۇنلاردىن 20 نەچچە نەپىرىنىڭ بۇرچىن ناھىيەسىنىڭ قولتۇق بازىرىغا تەۋە ئوقۇغۇچىلار ئىكەنلىكى دەلىللەنگەن ئىدى. ».

خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى ئاتالمىش « قايتا تەربىيەلەش مەركىزى » دېگەندەك ۋېھشىيلىكلارنى ئېسىۋالغان يېپىق جازا لاگېرلىرىنى قۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار-- ئۇيغۇر، قازاق ،قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، سالار ۋە تاجىك، توڭگان قاتارلىق مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئاتالمىش « دىنىي ئەسەبىلىك» ۋە « دىنىي ئاشقۇنلۇق » دېگەندەك يوقلاڭ گۇناھلار بىلەن ئەيىبلەپ، قانۇنىي رەسمىيەتسىز ھالدا ئۇلارنى تۈركۈم -تۈركۈملەپ تۇتقۇن قىلىپ، بۇ مۇدھىش جازا لاگېرلارغا سۆلاپ، « مىڭە يۇيۇش » يەنى « قىزىللاشتۇرۇش » تەربىيىسىنى ئېلىپ بارماقتا. « قىزىللاشمىغانلار » نى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىشتەك جىنايەت بىلەن شۇغۇللانماقتا. رۇقىيە پەرھاتنىڭ تۈرمىدىكى قىسمەتلىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. رۇقىيە پەرھات ئىسلام دىنى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، 9 ياشتىن 16 ياشلاردىكى ئۇن نەچچە باللارغا دەرىس بېرىۋاتقاندا ساقچىلار تەرىپىدىن باللار بىلەن بىرلىكتە تۇتقۇن قىلىنىپ، 9 يىلغا كېسىلىپ تۈرمىگە تاشلانغان. ئۇ باللار بىلەن بىرگە قىيىن- قىستاق ۋە تەن جازالىرىغا ئۇچرىغان. ئۇلارنى ئىتلارغا تالاتقۇزغان، كىچىك باللاردىن تۆت- بەشى قۇرقۇپ كېتىپ، نەق مەيداندا جان ئۆزگەن. « < قاراقاشنىڭ زاۋا يېزىسى تۆگەتوغراق كەنتىدىكى بانۇخان روزىمەمەت ئىسىملىك 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال ئۆتكەن ھەپتە تۈرمىدە جان ئۈزگەن. > ، < بۇ يىل 40 نەچچە ياشلارغا كىرگەن، 3 بالىنىڭ ئانىسى بولغان بانۇخان روزىمەمەت قاراقاش ناھىيىسىدىكى ئاتالمىش بوستانكۆل << تەربىيلەش مەركىزى >> بىلەن يانمۇ يان جايلاشقان بوستانكۆل تۈرمىسىدە جازا مۇددىتىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە

هاياتىدىن ئايرىلغان.> ، < بانۇخان روزىمەمەت << توپلىشىپ تەبلىغ ئاڭلاش >> جىنايىتى سەۋەبلىك 11 يىللىق كېسىلگەن ئىكەن.> ».

ھەي، ختاي ھۆكۈمىتى، سەنلەر باستۇرۇش ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىپ شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلارنى مەجبۇرىي ھالدا ختايلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ جىنايى قىلمىشلىرىڭلارنىڭ چارروسىيەنىڭ ئايال پادىشاھى II يېكارتېرىنانىڭ XIX ئەسىردە 200 مىڭ مۇسۇلمان تاتارنى مەجبۇرىي خرىستىيان قىلغانلىقىدىن نىمە پەرقىڭلار قالدى؟ *( ئامېرىكا ، گاۋىن ھامىلى : « ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تېزىسلىرى » دىن ، 2008- يىل نەشرى )*

گېرمانىيەلىك ئىسلامشۇناس پروفېسسور پائۇلا شرودې « بۇنداق بىر خەۋەرگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئەسلىدە چوقۇم قولغا ئېلىشقا تېگىشلىك بىر سەۋەب ئېنىق بولغان بولسا ئىدى ياكى بىر گۇناھ سادىر قىلغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭ تۇتۇلۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولاتتى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن تۇتۇلغانلىقىنى بىلگەن بولاتتى. بۇنداق بىر مەلۇمات بولغاندىلا باشقىلار ۋەقەنىڭ جەريانىنى كۆزىتەلەيتتى. قولغا ئېلىنىش سەۋەبىنى بىلەلەيتتى. ئەپسۇسكى، ھېچكىمنىڭ خەۋىرى بولماستىن، ئۇنىڭ ئىز- دېرەكسىز غايىب بولۇشى ھەقىقەتەن قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئىش. ».

ھەي، ختاي كوممۇنىستلىرى، سەنلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارغا قانداقتۇر « دىنىي ئەسەبىلىك » ۋە « دىنىي ئاشقۇنلۇق » دېگەندەك بولمىغۇر گۇناھلارنى چاپلاپ، ئۇلارنى جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە تاشلاۋاتىسىلەر. ئەندى كېلىپ گەنسۇ، نىڭشا، يۈننەن ئۆلكىلىرىدىكى تۇڭگانلار ۋە تۈرك سالار مۇسۇلمانلارنىڭمۇ نورمال ئىسلام دىنىي پائالىيەتلىرىنىمۇ چەكلەۋاتىسىلەر. ئۇلارنىڭ مەسچىتلىرىگە قارىتا بۇزغۇنچىلىك قىلىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىسىلەر. يۈننەن ئۆلكىسىدىكى 1600- يىللىرى سېلىنغان قەدىمىي تارىخىي مەسچىتنى يەرلىك مۇسۇلمان تۇڭگانلارنىڭ قارشىلىقىغا قارىماستىن چاقماقچى بولىۋاتىسىلەر؟ ئەندى سەنلەر گەنسۇ، نىڭشا ۋە يۈننەنلىك مۇسۇلمان تۇڭگانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقىنىڭلارنى قانداق چۈشەندۈرۈسىلەر؟ ئۇلارمۇ سەنلەر « شىنجاڭ » دا تۇقۇپ چىقارغان قانداقتۇر « دىنىي ئاشقۇنلۇق »، « دىنىي ئەسەبىيلىك »، « بۆلگۈنچىلىك » ۋە « ئىككى يۈزلىمچىلىك » لەر بىلەن ھەپىلىشىۋېتىپتىمۇ؟ سەنلەرنىڭ گەنسۇ، نىڭشا، يۈننەنلىك مۇسۇلمان تۇڭگانلار ۋە مۇسۇلمان تۈرك سالارلارغا قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان جىنايى قىلمىشلىرىڭلار شۇنى ئېنىق ئاشكارلاپ بېرىدىكى، سەنلەرنىڭ شۇم نىيىتىڭلار پەقەت « شىنجاڭ » دىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ختاي مىقياسىدا ئىسلام دىنىنى يوق قىلىش بىلەن بىرگە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنى ۋە خەلقلەرنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ، خالاس.

« فرانسىيە ئاۋازى » نىڭ 7- يانۋاردىكى خەۋىرىدە بايان قىلىنىشىچە، 5- يانۋار كۈنى شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ ئىنگلىزچە تور بېتىدە ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ختايدىكى 8 ئىسلام دىنىي جەمئىيەتلىرى خادىملىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن 5 يىللىق « ئىسلامنى ختايلاشتۇرۇش » پىلانىنى ماقۇللىغانلىقى ئېلان قىلىنغان . ».

« بۇ يىل ياز پەسلىدىكى ساياھىتى جەريانىدا ئۇيغۇرلار دىيارىدىكى ئەھۋالنى ئېنىقلاپ بېقىشقا بەل باغلىغان بولسىمۇ، جوئاننا سىمىس باشقا چەتئەللىكلەرگە ئوخشاشلا يەرلىك كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىشكە قادىر بولالمىغان. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: < قەشقەردە مەن نۇرلان مېھمانخانىسىغا چۈشتۈم. ئەسلىدە بۇ مېھمانخانىنىڭ ئىسمى << سۇلتان مېھمانخانىسى >> ئىكەن. بۇ نام بەك سەزگۈر دەپ قارالغاچقا ئۇنىڭ نامى ئاشۇنداق ئۆزگەرتىلىپتۇ. بۇنىڭدىن ئازراقلا ماڭساق ھېيتگاھقا بارغىلى بولىدۇ. ھېيتگاھقا كىرىپ قارىسام تاملارغا

نەقش قىلىپ ئويۇلغان ئەرەبچە تېكىستلەر ئۇچرۇلۇپ، ئورنىغا << مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بەخت، بۆلگۈنچىلىك ئاپەت >> دېگەندەك تەشۋىقاتلار ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. مەن ئىلگىرى زىيارەت قىلغان بىرنەچچە مەسچىتكە بېرىپ باقسام ھەممىسىگە پېچەت سېلىپ قويۇپتۇ. يول بويىدىكى ئاياللىرى بۇ مەسچىتكە كىرىدىغانلار نەدە، دەپ سورىسام << ھەممىسىنى ئەكەتتى >> دېدى. نەگە ئېلىپ كەتكەنلىكىنى سورىسام ئۇ ئايال ئۈندىمىدى. بىز بۇ يەردە لاگېرلار ھەققىدە كەڭ- كۇشادە پاراڭلاشقان بىلەن ئۇ جايدا كىشىلەر لاگېر ھەققىدە سۆز قىلىشتىنمۇ قورقىدىكەن. مەن يول بويىدا گۈللەرنى سۇغىرىۋاتقان بىر بوۋاينى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن بىر نەرسە سورىماقچى بولۇپ ئاغزىمنى ئۈمەللىشىمگە ئۇ << ئارقىڭىزغا يېنىڭ. ماڭا سۆز قىلماڭ. سىز بىلەن گەپلەشسەم تۈگمەس بالاغا قالىمەن>>، دەپلا گەپنى ئۈزۈۋەتتى. ».

30 يىللىق ھاياتى خىتايدا ئۆتكەن ئامېرىكىلىق يازغۇچى تېرىسا بۇكزاكى خانىم مۇنداق دېدى: « < ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەڭ قورقۇنچلۇق مەسىلە. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئېتىقادى بار كىشىلەرنى كونترول قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئېتىقادتىن قورقىدۇ. ئۇلار كاتولىك مۇخلىسلىرىدىن، خرىستىئان مۇخلىسلىرىدىن، مۇسۇلمانلاردىن، فالۇنگوڭ مۇرىتلىرىدىن قورقىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلاردا ئېتىقاد بولغىنى ئۈچۈن. چۈنكى، مەيلى ئۇيغۇرلار بولسۇن، يەر ئاستى خرىستىيان مۇرىتلىرى بولسۇن، ياكى فالۇنگوڭ مۇرىتلىرى بولسۇن ئۇلار كوممۇنىزىمغا ئىشەنمەيدۇ، كومپارتىيەگىمۇ ئىشەنمەيدۇ. ئەمما بۇ دۆلەتنى كونترول قىلىش ئۈچۈن كومپارتىيە كىشىلەرنىڭ پەقەت ئۆزلىرىگىلا ئىشىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما ئېتىقادى بولغان بۇ كىشىلەر ئەمەلىيەتتە كومپارتىيەگە ئىشەنمەيدۇ. مانا بۇ مەسىلىنىڭ ھالقىلىق يېرى. مەن بۇنى ئەينى چاغدىلا ھېس قىلىپ يەتكەن ئىدىم. كومپارتىيە ئېتىقادى بولغان كىشىلەردىن بەك قورقىدۇ. >، < ئۇيغۇرلار، قازاقلار، قىرغىزلار شىنجاڭدا ياشاۋاتقىنىغا 1000 يىللاردىن ئاشقان مىللەتلەر. بۇ ئۇزۇن مەزگىللىك تارىختا ھېچقانداق خىتاي ھاكىمىيتى ئۇلارنى باشقۇرغان ئەمەس، ئۇلارغا كاشىلا قىلغان ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا ئېھتىياجى يوق ئىدى. ئۇلار ناھايىتى تىنچ ئىناق ھالدا ئۇ جايلاردا ياشايتتى. كېيىنكى چاغلاردىكى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭخۇا مىنگو دۆلىتىمۇ يەرلىكتىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بۇ مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ئارىلاشمىغان ئىدى. پەقەت كومپارتىيە دەۋرىدىلا بۇ خىل دىنىي ئېتىقاد چەكلىمىسى پەيدا بولدى. > ».

ئەلجەزىرە تورىنىڭ بۈگۈنكى ساندا ئېلان قىلىنغان خالىد بەيدون تەرىپىدىن يېزىلغان « خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئىسلام دىنى چوقۇم داۋالاش كېرەك بولغان << روھىي كېسەل >> » ناملىق ماقالىدا « ئاپتور << ئاتلانتىك >> ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى سىگال سامۇئەل خانىمنىڭ ئۇيغۇر تۇتقۇنلار ھەققىدىكى دوكلاتىمۇ نەقىل ئېلىنغان بولۇپ، دوكلاتتا تۇتقۇنلارنىڭ ئىسلام دىنىدىن ۋاز كېچىشكە، ئىسلام ئەقىدىسىنى ئەيىبلەشكە زورلىنىدىغانلىقى، شۇنداقلا ھەر كۈنى نەچچە سائەت خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى مەدھىيلەيدىغان قىزىل ناخشىلارنى يادلاشقا مەجبۇرلىنىدىغانلىقى بىرمۇ بىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. دوكلاتتا يەنە ئەر تۇتقۇنلارنىڭ چېچىنىڭ مەجبۇرىي چۇشۇرۇۋېتىلىپ، ئىسلام دىنىدا ھارام بولغان چوشقا گۆشى ۋە ھاراق- شارابنىڭ مەجبۇرىي يېگۈزۈپ- ئىچۈرىلىدىغانلىقىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. >، < ئاپتورنىڭ ماقالىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ << مېڭە يۇيۇش >> پروگراممىسىدىن كىچىك بالىلارمۇ قېچىپ قۇتۇلالمىغان. لاگېرغا ئەكېتىلگەن ئاتا- ئانىلارنىڭ بالىلىرى مەجبۇرىي ھالدا ھۆكۈمەت ئېچىۋالغان دارىلئېيتاملارغا ئاپىرىپ قويۇلغان. ئاپتورنىڭ دېيىشىچە، بۇنداق قىلىشنىڭ مەقسىتى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ دىنىي ئەقىدىسى ۋە مىللىي كىملىكىنى بىراقلا

ئۈزۈپ تاشلاش ئىكەن. بۇ خىل دارىلئېتاملار تاشقى دۇنياغا << مەكتەپ >> دەپ تونۇشتۇرۇلىدىغان بولۇپ، ئۇ يەردىكى باللار دىنسىزلىق ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىشقا، خىتاي كىيىم- كېچەكلىرىنى كىيىشكە شۇنداقلا ئائىلىسىدىكىلەردىن ۋاز كېچىشكە قاراپ يۈزلەندۈرۈلۈۋاتقان ئىكەن. > ».

قىسقىسى، خىتاي جۇڭخۇا ئىمپېرىيىسى شەرقىي تۈركىستانغا ئەبەدىي ئىگە بولۇش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىر قىسمىنى تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىغا سۆلاپ قىيناپ ئۆلتۈرۈش بىلەن بىرگە شەرقىي تۈركىستان تۈرك جەمئىيىتىدە قالغان بىر قىسمىنى تەلتۆكۈس ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كىملىكىدىكى  ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى بولغان ئىسلام دىنىي ئېتىقادىنى  سىستېمىلىق ھالدا يوقاتماقتا.

## تۈركىي مىللەتلەرنىڭ زىيالىيلىرىنى يوقىتىش

خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا پۈتكۈل خىتاي مىقياسىدا بىر خىل ئىدېئولوگىيىلىك، بىر خىل مىللەتلىك، بىر خىل مەدەنىيەتلىك دۆلەت بارپا قىلىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك رەزىل پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئوپېراتسىيىسىنىڭ مۇقەددىمىسىنى شەرقىي تۈركىستاندا ئالدى بىلەن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھەر ساھەدىكى سەرخىل زىيالىيلىرى ۋە دىنىي زاتلارنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىغا تاشلاپ يوقىتىشتىن باشلىدى.  خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان نەتىجىلىك مىللىي تەبىئىي پەن ئالىم ۋە تەتقىقاتچىلىرىنى تەجرىبىخانىلاردىن يىراقلىشتۇرۇش تەدبىرىنى قوللىنىپ كەلدى.

خىتاي دائىرلىرى دىكتاتور ماۋزېدوڭنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، يەنە ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تۆمەنلىگەن خىتاي زىيالىيلىرىنى ئۆلتۈرگەن خىتاي ئىمپېراتورى چىن شى خۇاڭنىڭ تەدبىرىنى قوللىنىپ، ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق تۈرك مۇسۇلمان زىيالىيلارنى-- دۆلەت مەمۇرىي ئىدارە - ئورگانلىرى، ئىدېئولوگىيە، ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت- مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت، رادىئو- تېلېۋىزىيە، ئاخبارات- مەتبۇئات، نەقلىيات، سودا -سانائەت، سەھىيە - تەنتەربىيە، پوچتا -تېلېگراف قاتارلىق ساھەلەردىكى مىللىي سەرخىللەرنى -- دۆلەت ئەرباپلىرى، مۇتەپەككۇرلار، ئالىملار، مۇتەخەسسىلار، دوكتورلار ، پروفېسسورلار، تارىخشۇناسلار، تىلشۇناسلار، ئارخېئولوگلار، ئەدىپلەر- يازغۇچى- شائىرلار، سەنئەتكارلار، مۇزىكانتلار، ناخشىچىلار، تەنھەركەت چېمپىيونلىرى  ، لېكتورلار، پروگراممىا رىياسەتچىلىرى ، مۇھەررىرلەر، تەرجىمانلار، نەشرىياتچىلار، ژورنالىستلار، ئاخباراتچىلار، فوتوگرافلار، مۇخبىرلار، سودىگەر ۋە كارخانىچىلار ھەمدە جامائەت ئەربابلىرى — دىنىي زاتلار، مىللەتپەرۋەر، تەرەققىپەرۋەر، مەدەنىيەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، ئىلىمپەرۋەر، مائارىپپەرۋەر ۋە ساخاۋەتپەرۋەر زاتلارنى يەنى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىيەتلىرى تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى جان پىدالىق بىلەن ئادا قىلىپ كەلگەن دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرى ۋە دۆلەت مەمۇرىيەتلىرىنىڭ قانون- پەرمانلىرى بويىچە ئىجتىمائىي جامائەت ئىشلىرى ھەمدە پاراۋانلىق ۋە خەير- ساخاۋەتلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان زاتلار، سودىگەر ۋە كارخانىچىلارغا مەقسەتلىك ھالدا  قەستەن يوق يەردىن تۆھ ئۇندۇرۇپ، قۇسۇر تېپىپ، تەيپۇنەم زامانىسىدا يۈز بەرگەن ھېچ بىر ئەرزىمەس يوق ئىشلارنى غەرەزلىك بىلەن سوراشتۇرۇپ، جىگدا توختىغۇدەك سەۋەبى بولمىسىمۇ « ئىككى يۈزلىمچى »، « بۆلگۈنچى » ۋە « دىنىي ئاشقۇنچى » دېگەندەك بۆھتانلارنى چاپلاش

بىلەن قولغا ئالماقتا. ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتىدىكى مەلۇماتىدا 435 نەپەر سەرخىل ئۇيغۇر زىيالىسى تۇتۇن قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان.

خۇددى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئويدۇرۇلۇپ چىقىرىلغان « بۇرھان شەھىدى ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى » غا ئوخشاش ئۇلار يەنە ئۇيىالماستىن « ساتتار ساۋۇت بۆلگۈنچى گۇرۇھى » دېگەنلەرنى ساختىلىق بىلەن قۇراشتۇرۇپ چىقىرىپ، بۇ « ئىككى يۈزلىمچى » ۋە « بۆلگۈنچى » لارغا ئۆلۈم جازاسى ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى قاتارلىق ئېغىر جازالارنى بېرىش ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ زىيالىلار قوشۇنىنى سەۋەرلىرىنى يۇقاتقان قۇشۇنغا يەنى سەركىسىز بىر « قوي پادىسى » غا ئايلاندۇرۇپ قۇيۇشنىڭ كويىدا بولماقتا. ھەممە « ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك- پوك » دېگەندەك بۇ « بۆلگۈنچىلەر» ۋە « ئىككى يۈزلىمىلەر» ھەققىدە ۋدېئو فىلىم ئىشلەپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى كۆرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، جېنىنىڭ بارىچە تەشۋىق قىلماقتا.

ھەي، جاللات چىن چۋەنگو، سەن ئۆزەڭ ئىشلىتىۋاتقان « ئىككى يۈزلىمچى »، « بۆلگۈنچى » دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى ئۆزەڭ تۈزۈك چۈشىنەمسەن ؟! لىن بىياۋ ۋە جاڭچىڭلار بولسا دەل مانا سەن دېگەن « ئىككى يۈزلىمچى »، « بۆلگۈنچى » ئۇنسۇرلەردۇر. خىتاي زىيالىيلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى يازسا، بۇنىڭغا سۆت يوق، ئۇيغۇرلار ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى يازسا، سۆتلايسىلەر ؟! جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كونستىتۇتسىيەسىدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەرقايسى مىللەتلىرى ھوقۇقتا باراۋەر، ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇش ھوقۇقلىرىغا ئىگە دېگەن ماددىلىرىڭ ئەرشىئەلاغا چىقىپ كەتتىمۇ- نىمە ؟ سەن ئۆزەڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كونستىتۇتسىيەسىنى ئوقۇپ باققانمۇ- زادى ؟ سەن ئاتالمىش « ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەركىبى قىسمى » دېگەننى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمەيسەن. ئۇنداقتا، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۆز مىللەت تارىخىنى يازسا، گۇناھمۇ ؟! قورسىقىڭدا جىن بولمىسا، نىمدىن قورقىسەن ؟! مىللەت تارىخىنى يازغان ئادەم « ئىككى يۈزلىمچى »، « بۆلگۈنچى » گە ئايلىنىپ قالامدۇ ؟! سەن ئۆزەڭ ۋە سىنىڭ خوجايىنىڭ شي جىنپىڭ سېپى ئۆزىدىن بولغان سامان قوساقلار ئىكەنسىلەر. ئەملىيەتتە، سەنلەر دېگەندەك « جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەركىبى قىسمى » بولغان ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆز تارىخلىرىنى يازسا ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى تەرەققى قىلدۇرسا، سىلەر ئاغزىڭلاردىن چۈشۈرمەيدىغان « جۇڭخۇا مىللەتلىرى » ئۈچۈن پايدىلىق ئەمەسمۇ ؟! شۇنىڭ بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىتىنىڭ پۇقرالىرىنىڭ مەدەنىي سەۋىيەسى يوقىرى كۆتۈرۈلمەمدۇ ؟ شي جىنپىڭ بۇ سەن دېگەن « جۇڭگو ئارزۇسى » نىڭ ئەمەلىيەتتە ئەملىيىشىشى ئەمەسمۇ ؟! سەنلەرنىڭ ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ سەرۋەرلىرىنى يوقىتىشىڭلاردىكى رەزىل مۇددىئايىڭلار بولسا شۇندىن ئىبارەتكى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئۇستقۇرۇلمىسىنى خانىۋەيران قىلىپ، ئۇيغۇر ئاۋام خەلقىنىڭ بۇرنىغا چۇلۇك ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارغا ئۆزەڭلەر خالىغان ئىشلارنى قىلدۇرۇشتىن باشقا گەپ ئەمەس، خالاس.

قىسقىسى، خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرگە قارىتا يۈرگۈزۋاتقان ئىنسانىيەتكە قارشى بولغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز خەلقلىرىنىڭ مىللەت ئومۇرتقىسى بولغان زىيالىيلىرىنى يوقىتىشتىن باشلىدى.

شەرقىي تۈركىستاندا ھېچقانداق قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتەلمەي جازا ( يىغىۋېلىش ) لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇر سەرخىللىرىدىن: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئىلھام توختى ( مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلگەن )، « ش ئۇ ئا ر مائارىپ نازارىتى » نىڭ سابىق نازىرى ساتتار ساۋۇت (ئۆلۈم

جازاسى بېرىلگەن)، « ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى » نىڭ سابىق باش كاتىبى ئالىمجان مەمتىمىن، « ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل- يېزىق كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى مەھەممەت ئېلى، « ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى» نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرازاق سايىم، « شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى» نىڭ سابىق باشلىقى، يازغۇچى ئابدۇراخمان ئەبەي؛ « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» نىڭ سابىق مۇدىرى دوكتور تاشپولات تېيىپ (ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن)، پروفېسسورى ئابدۇكېرىم راخمان، ئوقۇتقۇچىسى دوكتور راھىلە داۋۇت؛ شىنجاڭ مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى دوكتور خالمۇرات غوپۇر ( ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن)، « شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى » نىڭ سابىق مۇدىرى، « ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى» نىڭ سابىق رەئىسى ئازات سۇلتان، « شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى » فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى ئابدۇقادىر جالالدىن، « قەشقەر پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى » نىڭ مۇدىرى، پروفېسسور ئەركىن ئۆمەر؛« ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتى » نىڭ سابىق رەئىسى، يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر، « شىنجاڭ گېزىتى » نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئىلھام ۋەلى، « شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىيىسى » دىن دۆلەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك رېژىسسور مۇختەر بۇغرا، « قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى » نىڭ سابىق باش مۇھەررىرى ئابلىز ئۆمەر، « شىنجاڭ مەدەنىيىتى » ژۇرنىلىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى قوربان مامۇت، ئىسلام دىنىي ئالىمى مۇھەممەت سالىھ داموللا، « ش ئۇ ئا ر مۇزېيى » دىن ئارخېئولوگ قىيۇم خوجا ، يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى، ئوبزورچى يالقۇن روزى (مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلگەن) ، غۇلجىلىق كارخانىچى ۋە ساخاۋەتچى نورتاي ھاجى، قەشقەر خىلىل خەلقئارا سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ خوجايىنى ئابدۇجېلىل خېلىل، كارخانىچى ئامىنە ئابدۇلھەمىت (جازا لاگېرىدا ئۆلتۈرۈلدى)، تۇمارىس مېھمانخانىسىنىڭ خوجايىنى ۋە « شاۋكەت كۆن- خۇرۇم شىركىتى » نىڭ باش دىرېكتورى شاۋكەت ئابلەت، كارخانىچى ئابدۇغاپپار ئابدۇرۇسۇل ( ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان) ، تىجارەتچى ۋە مەرىپەتپەرۋەر ئابدۇراھمان ھەسەن، ناخشىچى ئابدۇررېھىم ھېيىت، ناخشىچى سەنۇبەر تۇرسۇن، ئارتىس ئادىل مىجىت، پۇتبول چولپانى ئەرفان ھېزىم قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. ( قانۇنسىز تۇتۇن قىلىنغان ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ قىسمەن تىزىملىكى قوشۇمچە ئىككىنچىسىدە بېرىلدى. )

## ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز مىللىي يېزىقلىرىنىڭ يوقىتىلىشى مىللىي تىللاردا سۆزلەشلەرنىڭ چەكلىنىشى

تىل بىر مىللەتنىڭ روھىدۇر. خىتايدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ مىللىي يېزىقنى ئۆزگەرتىش « جۇڭگولۇقلار نۇقتىسىدا تۇرۇپ قارىغاندا بۇ كۆرۈك مۇھىم. چۈنكى ئۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى جۇڭگولۇقلارغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ، ئاسسىملياتسىيە قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. »*(« تىنچىماس ئۇيغۇر دىيارى» ).*

1956- يىلدىن باشلاپ خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ يېزىقلىرىغا قارىتا « يېزىق ئۆزگەرتىش » كە تۇتۇش قىلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋېتى ياخشى يىللىرى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ يېزىقلىرىنى سلاۋيان ھەرپىنى ئاساس قىلغان قىلغان يېڭى يېزىقلارغا ئۆزگەرتىشكە سۈكۈت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەستىن بۇ مىللەتلەرنىڭ يېزىقلىرىنى سلاۋيان ھەرپىنى ئاساسدا ئۆزگەرتىشنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانلىقتىن، مىللىي رەھبىرى كادىرلاردىن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ يېزىقلىرىنى سلاۋيان يېزىقىغا ئۆزگەرتىش قارارىنى

دەرھال توختىتىشنى تەلەپ قىلدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق باش مىنىسترى جۇئېنلەي 1957- يىلدىكى چىڭداۋ مىللەتلەر مەجلىسىدە بەرگەن دوكلاتىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ئۆزگەرتكەندە خىتاي تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھىسى ئاساسىدىكى لاتىن ھەرپىنى قوبۇل قىلىش ھەققىدە كۆرسەتمە بەردى. شۇنىڭ بىلەن « يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەركىتى » دە ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىقلىرىنىڭ خىتاي تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھىسى ئاساسىدىكى لاتىن يېزىقىغا ئۆزگەرتىلمەي، سلاۋيان ھەرپى ئاساسىدىكى يېزىقلارغا ئۆزگەرتىلىشكە « بۆلگۈنچىلىك » دەپ دىئاگنوز قويۇلۇپ تەنقىد قىلىندى. شۇندىن كېيىن 1958- يىلى بېيجىڭدا چاقىرىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل- يېزىق يىغىنىدا سلاۋيان يېزىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خىتاي تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھىسى ئاساسىدىكى لاتىن يېزىقىنى قوبۇل قىلىش قارار قىلىندى. 1959- يىلى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان تىل- يېزىق مۇھاكىمە يىغىنىدا « شىنجاڭ » دىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ يېزىقلىرىنى خىتاي تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھىسى ئاساسىدىكى لاتىن يېزىقىغا ئۆزگەرتىش رەسمىلەشتى.

1962- يىلى خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ « رېۋىزىئونىزمغا قارشى كۆرەش » قىلىش ھەرىكىتىنىڭ باھانىسى بىلەن ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز تىللىرىغا تۈمەنلەپ خىتايچە سۆز ۋە ئاتالغۇلار قوبۇل قىلىندى. بولۇپمۇ تەبىئىي پەن دەرسلىك كىتابلاردىكى بارلىق خەلقئارالىق تېرمىنلار خىتايچە ئاتالغۇلارغا ئۆزگەرتىلدى. ( خىتايچە ئاتالغۇلار شۇنچىلىك كۆپ قوبۇل قىلىندىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر تىلشۇناسى تۇرسۇن رەخىموۋ ئوتتۇرا ھەجىملىق بىر « خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆزلەر لۇغىتى » نى تۈزۈپ موسكۋادا نەشر قىلدۇرۇش دەرىجىسىگە يەتكەن ئىدى. ) نەتىجىسىدە مىللىيلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇلگەن دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشىدا ئەمەلىي قىيىنچىلىقلار يۈز بەردى. مىللىيلارنىڭ بۇ خىتايچە سۆز ۋە ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلماسلىقى تۈپەيلى بۇ خىتايچە سۆز ۋە ئاتالغۇلار ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز تىللىرىنىڭ لېكسىكىسىدىن ئاخىرى سىقىپ چىقىرىلدى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق باش مىنىسترى جۇئېنلەينىڭ « ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىق ئۆزگەرتكەندە خىتاي تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھىسى ئاساسىدىكى لاتىن ھەرپىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك » دېگەن كۆرسەتمىسى بويىچە بىر قۇر تەييارلىق خىزمەتلەردىن كېيىن 1965- يىلى1 - يانۋاردا « ش ئۇ ئا ر ھۆكۈمىتى » نىڭ سابىق رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى خىتاي تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئېلىپبە لايىھىسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر ۋە قازاق لاتىن يېزىقلىرىنى رەسمىي قوللىنىش ھەققىدە پەرمان ئېلان قىلدى. لېكىن ئۇيغۇر ۋە قازاق كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇزۇن يىللىق قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، 1982 - يىلىغا كەلگەندە بۇ سۇنئىي ھالدا ئىجاد قىلىنغان ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز لاتىن يېزىقلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەرەپ يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز يېزىقلىرىنى قوللىنىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز خەلقلىرىنىڭ خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ زوراۋان ھۆكۈمرانلىق تارىخى ئاستىدا قولغا كەلتۈرگەن بىردىنبىر زور غەلبىسى بولۇپ قالدى.

گەرچە ھەر دەرىجىلىك « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھاكىمىيەت تۈزۈمى » ئورنىتىلغان رايون، ئوبلاست، ناھىيە ۋە يېزا- قىشلاق قاتارلىق مەمۇرىي جايلار بولسىمۇ، ھەممىسىدە كېيىنكى يىللارغا كەلگەندە ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا خىتاي تىل- يېزىقى ئىشلىتىلدى. پارتىيە- ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى پەقەت خىتاي يېزىقىدا

تارقىتىلىدىغان بولدى. تەرجىمانلار ئىشخانىلىرى كەينى-كەينىدىن تاقالدى. ئىدارە-ئورگانلاردا مىللىيلار خىتايلار بىلەن بىللە يىغىن ئاچىدىغان بولدى. مىللىي ئەمەلدارلارمۇ خىتايچە دوكلات بېرىدىغان بولدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى 30 يىللىق يەرلىك مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋە نەتىجىلىك بولماسلىقىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، مىللىي مائارىپ بىلەن تەلىم-تەربىيە ئېلىۋاتقان يەرلىك مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ بولالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن قىرغىزىستانلىق يازغۇچى چىڭگىز ئايماتوۋنىڭ رۇسچە-قىرغىزچە ئىككى تىللىق بولۇشىدىكى « ئۈنۈملۈك تەجرىبىسى» نى ئۆرنەك ئېلىپ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىنىڭ بېشىدا ئۇرۇمچى شەھەر باشلىقى ھامدۇن نىياز نامىدىن « قوش تىللىق » بولۇشنىڭ ئەۋزەللىكلىرى ھەققىدە « شىنجاڭ گېزىتى » دە ماقالا ئېلان قىلىش قاتارلىق بىر قۇر تەييارلىق خىزمەتلەردىن كېيىن « شىنجاڭ » دا مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەردە « قوش تىللىق » ئوقۇ-ئوقۇتۇش مىتودىنى يولغا قويدى.

2012- يىللاردىن باشلاپ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش مەقسىتىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ھەر قايسى جايلاردا ئۇيغۇر باللىرىنى كىچىكىدىن خىتاي مەدەنىيىتى بىلەن تەربىيەلەپ چىقىدىغان ھەيتلىك ھەقسىز يەسلىلەرنى ئاچتى.

بۇ قېتىملىق پۇتكۇل ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان دەھشەتلىك ئېرقىي قىرغىنچىلىقتا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇن تۈزۈش-بەلگىلەش ئالىي ئورگانى-- پۈتۈن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتايىنىڭ ئۇچۇق ئېلان قىلىنغان ھېچبىر قارارىسىز، ھېچقانداق قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتۈمەي، مۇستەبىت چىن چۈەنگو ئۆز ئالدىغا « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون » بۇيىچە ھەر دەرىجىلىك « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك ھوقۇق » لارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، « شىنجاڭ » بۇيىچە ھەر دەرىجىلىك « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىلىك » ھۆكۈمەت ئىدارە-ئورگانلاردا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، مۇڭغۇل ۋە شىبە تىل-يېزىقلىرىنى قوللىنىشنى چەكلەش، مىللىي كادىرلارنىڭ خىتايچە سۆزلىشىنى بېكىتىش ۋە كۆپ يىللاردىن بۇيان مىللىي مەكتەپلەردە جار سېلىپ يۈرگۈزۈلۈپ كەلگەن ئاتالمىش« قوش تىللىق » ئوقۇش-ئوقۇتۇش نەزەرىيەلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپدىن تارتىپ تا ئالىي مەكتەپكىچە مىللىي تىل-يېزىقتا ئوقۇش-ئوقۇتۇشنى توختىتىش ھەمدە مەكتەپلەردە مىللىي تىلدا سۆزلەشنى چەكلاش قاتارلىق بىر قاتار قانۇنسىز ئەمىر-پەرمانلارنى چىقاردى. ئىمكانىيىتى بولسىلا، بارلىق مىللىي مەكتەپلەرگە خىتاي ئوقۇتقۇچىلارنى سەپلەشتۇرۇلماقتا، مىللىي ئوقۇتقۇچى-خىزمەتچىلەرنى ئىشتىن بۆشاتماقتا. مەكتەپلەردە مىللىي تىللاردا سۆزلەشنى چەكلىمەكتە، كىمكى مىللىي تىلدا ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق سۆزلەپ قويسا، « تەربىيەلەش ئورنى » غا ئەكەتمەكتە. باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنى خىتايچە كىيىندۇرۇپ، كوزىنىڭ ھەيكىلىگە چوقۇندۇرماقتا. يېزا-قىشلاقلاردا ھەقسىز ھەيتلىك يەسلىلەرنى قۇرۇپ ، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ باللىرىنى يىغىۋېلىپ، باللارغا خىتاي تىلى ئۆگىتىپ، خىتاي مەدەنىيىتى بىلەن تەربىيەلىمەكتە. دارىلئاتاملارنى ئېچىپ، ئاتا-ئانىلىرى جازا لاگېر ۋە تۈرمىلەردىكى قارانچۇقسىز قالغان مىللىي باللارنى يىغىۋېلىپ، بۇ باللارغا كىچىكىدىن خىتاي مەدەنىيىتىنى سىڭدۇرماقتا.

نۆۋەتتە، ئىجتىمائىي ئالەقلەردە، دۇكانلارنىڭ ۋېۋىسكىلىرى ۋە كوچا-يوللارنى كۆرسىتىدىغان بەلگىلەردىكى مىللىي يېزىقتىكى خەتلەر قاتارلىق بارلىق مىللىي يېزىقى بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزگەرتىلىپ، خىتاي يېزىقىغا

ئالماشتۇرماقتا. ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، مۇڭغۇل ۋە شىبە يېزىقلاردا چېقىدىغان قىسمەن گېزىت- ژۇرناللار نەشر قىلىنىشتىن توختىتىلدى. يەرلىك يەرناملىرى خىتايچىغا ئۆزگەرتىلمەكتە.

قىسقىسى، خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ قورچاق ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى ھاكىمىيىتىنى « مەڭگۈلۈك » ساقلاش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي تىل- يېزىقىدىن باشقا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تىل- يېزىقلارنى يوقىتىشتىن ئىبارەت رەزىل نىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشكە كىرىشتى. مىللىي تىل- يېزىقلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىدارە- ئورگانلىرى، مەكتەپلەردە ئىشلىتىلىشى كەسكىن رەۋىشتە مەجبۇرىي بۇيرۇق بىلەن قالدۇرۇپلا قىلىنماستىدىن، يەنە كۈندۈلۈك تۇرمۇشتا خىتاي تىلى بىلەن سۆزلىشىش زورلاش خاراكتىرىدە تەشۋىق قىلىنماقتا. زىمىستان سوغۇق قىشتا كۆچىلاردىكى تاملارغا دۇسكا ئېسىپ قويۇپ ياشانغان مىللىيلارنى « دۆلەت تىلى » نى ئۆگىنىشكە مەجۇرلىماقتا.

« < ئۇيغۇرلار دىياردا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى مەكتەپلەردە چەكلىنىشگە ئەگىشىپ، نۆۋەتتە بىر قىسىم جايلاردا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدىمۇ چەكلىنىشكە ئۇچراۋاتقانلىقى مەلۇم بولماقتا. يېقىندا قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق يېڭىشەھەر ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ تور بېتىدە ئېلان قىلىنغان << دۆلەت تىلىنى ئۆگىنىپ ۋەتەننى سۆيەيلى >> تېمىسىدىكى خەۋەر مۇشۇ ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. >، < سەپەرۋەرلىك يىغىنىدىن كېيىن ھەرقايسى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر، شۇنىڭدەك يەسلىلەر بىردەك << ئائىلىۋى تەربىيە >> نىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغانلىقى، ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى ۋە ئاتا- ئانىلارنىڭ دۆلەت تىلى سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئاشۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. >، < شۇنىڭغا ئۇلاپلا ھەممەيلەننىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ھەق- ناھەق مەسىلىلەرنى بىلىۋېلىشى، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىدىن ساقلىنىشى كەڭ تەشۋىق قىلىنغان. >، < خەۋەردە ئالاھىدە قىلىپ ناھىيەلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ << ئاتا- ئانىلارغا مەكتۇپ >> نامىدا ئوچۇق خەت باستۇرۇپ تارقاتقانلىقى تەكىتلىنىدۇ. مەزكۇر ئوچۇق خەتتە << دۆلەت تىلىنى ئۆگىنىش ۋە ۋەتەننى سۆيۈش>> پائالىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش، شۇنىڭدەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرىنى خىتايچە ئۆگىنىشكە، سۆزلەشكە ۋە قوللىنىشقا يېتەكلەش، شۇ ئارقىلىق << دۆلەت تىل- يېزىقىنى كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە خىزمەتكە ئېلىپ كىرىش >> دەۋەت قىلىنىدۇ. >، < ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر بۇ ھەقتە پىكىر قىلىپ، << بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئۇرۇنۇشىنىڭ يەنىمۇ بىر بالداق يۇكسىلىشى >> دەپ كۆرسەتتى. > ».

خىتاي دائىرلىرى يەنە دىنىي زاتلارنى ئىشقا سېلىپ، خىتاي تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەشۋىق قىلماقتا. « 2018 يىلى 11- نويابىر كۈنى قەشقەر ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئىمامى مەمەت جۇمە << دۆلەت تىل- يېزىقىنى ياخشى ئۆگىنىپ، جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىگە ئاكتىپلىق بىلەن سىڭەيلى >> سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلغان. مەزكۇر ماقالە << تەڭرىتاغ تورى >> نىڭ خىتايچە تور بېتىگە بېسىلغان..... ماقالىدە يەنە مەمەت جۇمەنىڭ خىتاي تىل- يېزىقىنى ياخشى ئۆگەنگەندىلا خەلقنىڭ ئىجادچانلىق ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، يۇقىرى مائاشلىق خىزمەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى تەشەببۇسىمۇ ئالاھىدە بايان قىلىنغان.... ئۇ يەنە ئاتالمىش << تەربىيەلەش مەركەزلىرى >> نى ماختاپ، دۆلەت تىلىنى بىلمەيدىغانلارنىڭ ھازىر ئۇ يەردە يازالايدىغان ۋە ئوقۇيالايدىغان بولغانلىقىدىن ئۆزىنىڭ مەمنۇن ئىكەنلىكىنىمۇ بىلدۈرگەن. ». نۆۋەتتە، خىتاي دائىرلىرى ئىماملارنى « دۆلەت تىلى » يەنى خىتاي تىلى ۋە خىتاي ئۆرپە- ئادەتلىرىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىماقتا.

بۇ يىل نويابىردا 1952- يىلى تەسىس قىلىنغان « شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل- يېزىقنى تەتقىق قىلىپ ئىسلاھ قىلىش ھەيئىتى»، كېيىن « مىللەتلەر تىل- يېزىق كومىتېتى » غا ئۆزگەرتىلگەن « شىنجاڭ » دىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىل- يېزىقىغا دائىر ئىشلارغا مەسئۇل ھۆكۈمەت ئورگانى رەسمىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل- يېزىقلىرىنى قوللىنىشىغا خاتىمە بېرىش ۋە بۇ جايدا ياشاۋاتقان بارلىق يەرلىك مىللەتلەرگە خىتاي تىل- يېزىقىنى قوللىنىشنىڭ سىگنالى رەسمىي چېلىندى.

## ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز مىللىي مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى

ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز مىللىي مائارىپ سېستىمىسىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قېتىملىق ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق مۇسۇلمان تۈركىي مىللەتلەرنى تەلتۆكۈس ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە قىرىپ يوقىتىش ئوپېراتسىيىسىدە ئەڭ يوقىرى پەللىگە چىقىپ، ئۆزىنىڭ خىتاي مائارىپ سېستىمىسى تەرىپىدىن « ئاسسىمىلياتسىيە » قىلىنىشتىن ئىبارەت تراگېدىيىلىك مۇساپىسىنىڭ ئاخىرى باسقۇچىنى بېسىپ تۈگەتتى.

1950- يىللارنىڭ يېرىمىدىن باشلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتى مىللىي مائارىپ سىستېمىسىنى پارچىلاپ، ئاسسىملياتسىيە قىلىشقا باشلىغان. شۇ يىللاردا ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بىر مەكتەپتە ئوقۇيدىغان مەكتەپلەرنى قۇردى. خەس مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيدىغان مەكتەپلەردە خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئوقۇيدىغان سىنىپلارنى ئاچدى. كېيىنرەك مۇنداق سىنىپلار كۆپىيىپ، مىللىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى ئىگەللەپ، مەكتەپ باشقۇرۇش مەمۇرىيەت ھوقۇقلىرى تەدرىجىي ھالدا خىتاي كادىر- خىزمەتچىلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن شارائىت بولسىلا، مىللىي باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەر خىتاي ۋە مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيدىغان مەكتەپلەرگە يۈزلەندۈرۈلدى.

ئىجتىمائىي پەنلەر دەرسلىكلىرىدە خىتاي مەدەنىيىتى كۆپلەپ تەشۋىق قىلىندى. تارىخ دەرسلىكلىرىدە پۈتۈنلەي خىتاي تارىخى سۆزلەندى. ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە كۆپلەپ خىتاي يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلۈشكە باشلاندى. دەرسلىكلەردە خىتايچە ئاتالغۇلار پەيدا بولۇشقا باشلاندى. 1958- يىللاردىن باشلاپ ئورتا مەكتەپلەردە ماۋزېدوڭ ئەسەرلىرى ئۆگىنىشكە باشلاندى. كېيىنرەك مىللىي ( مىللىي ۋە خىتاي ئوقۇغۇ- چىلار ئارىلاش ) ئوتتۇرا مەكتەپلەردە پۈتۈنلەي خىتاي تىلى بىلەن دەرس ئۆتۈلىدىغان مىللىي سىنىپلار ئېچىلدى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكىلىرىغا چىقىپ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش پروگراممىسى 1960- يىللاردىكى جۇڭگو - سوۋېت دۆلەتلىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشى تۈپەيلى ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى. لېكىن ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلانغاندىن كېيىنمۇ بۇ پروگراممىسى زادى ئەكسىگە كەلمىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى « ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » نىڭ قىسمەن ھوقۇقلىرىنى چەكلەش بولسا، يەنە بىرى ئىتتىپاقداش

رېسپۇبلىكىلارنىڭ « شىنجاڭ » غا بولغان سىياسىي تەسىرىنى تۈساشتىن ئىبارەت ئىدى. ئىشكىنى ئېچىۋېتىش سىياستى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكىمۇ « ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رېسپۇبلىكىلار ئوتتۇرىسىدىكى مائارىپ جەھەتتىكى ئىلمىي مۇناسىۋەتلەر تولۇق ئەسلىگە كەلمىدى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھان سوئاللىرىنىڭ تەبىئىي پەنلەر قىسمى پۈتۈنلەي خىتايچە ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھان سوئاللىرىدىن تەرجىمە قىلىنىدىغان بولدى. شۇ يىللاردىن باشلاپ مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەردە « قوش تىللىق ئوقۇتۇش » مۇ باشلاندى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەزگىلىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نىسپەتەن يۇقىرى بولغان بىلىم ئېلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش سەۋىيىسى نۆۋەتتە خىتاي دۆلىتى بويىچە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالدى.

سانائەت ۋە مېدىتسىنا ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلار مۇتلەق كۆپ دەرسلەر خىتاي تىلىدا ئۆتۈش تەلەپ قىلىندى. « شىنجاڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى » ۋە « قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى » دا گەرچە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ كۆپ يىللىق ئەجىر سىڭدۇرۈشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈش بولۇپمۇ ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇتۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قېتىملىق ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى يوقۇتۇش ھەركىتىنىڭ زەربىسى بىلەن پۈتۈنلەي بەربات بولدى.

نۆۋەتتە يەسلى تەربىيىسىدىن تارتىپ تا ئالىي مەكتەپلەرگىچە بولغان مائارىپتا ئۇيغۇر ،قازاق، قىرغىز، موڭغۇل ۋە شىبە تىل- يېزىقلىرى بويىچە ئوقۇش- ئوقۇتۇش ئېلىپ بىرىش مۇتلەق چەكلىنىپ، خىتاي تىل- يېزىقى بىلەن ئوقۇش- ئوقۇتۇش ئېلىپ بىرىلىش كەسكىن مەمۇرىي بۇيرۇق ئارقىلىق يولغا قويۇلدى.

« قاراقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا يېزا 2 - ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى نۇسرەت ئەھەدباقى خىتاي تىلىنى ياخشى بىلمىگەچكە بەزىدە دەرس ۋاقتىدا بەزىدە خىزمەتداشلىرى بىلەن سۆزلەشكەندە ئۇيغۇرچە گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. مەكتەپ رەھبەرلىرى ئۇنى خىزمەت ئورنىدا ئۇيغۇرچە سۆزلىمەسلىك ھەققىدە بىرنەچچە قېتىم ئاگاھلاندۇرغان. ئۇ ئاخىرقى قېتىم بىر ئوقۇغۇچىسىغا خىتايچە سۆزلەپ چۈشەندۈرەلمىگەن بىر مەسىلىنى خالىي بىر جايدا ئۇيغۇرچە چۈشەندۈرگەن. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان مەكتەپ رەھبەرلىرى ئەھۋالنى قانۇن ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلغان. نەتىجىدە 2018 - يىلى 3- ئاينىڭ بېشىدا ئۇ لاگېرغا ئەكېتىلگەن. ».

« ئۇيغۇر رايونىدا ئىشلەۋاتقان بەزى خىتاي ئوقۇتقۇچىلار يېقىندا « زىمىستان » تورىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدا يولغا قويۇۋاتقان مائارىپ سىياستىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى يوقىتىشقا قارىتىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن. خەۋەردە بايان قىلىنىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى لاگېردىكى تۇتقۇنلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى مەكتەپلەرگە قاماپ، ئۇلارغا ئومۇميۈزلۈك خىتاي مەدەنىيىتى ۋە تىلىنى سىڭدۈرمەكتە ئىكەن. قەشقەردىكى لىۇ چى ئىسىملىك بىر خىتاي ئوقۇتقۇچى « زىمىستان » تورىنىڭ مۇخبىرىغا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياستىگە ئاساسەن « پۈتۈن ئۇيغۇر بالىلار خىتاي مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشى ۋە خىتاي ئورتاق تىلدا سۆزلىشىشى، بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈپ تاشلىنىشى كېرەك » لىكنى بىلدۈرگەن. ».

خىتاي ھۆكۈمىتى مۇستەملىكە قىلىۋالغان شەرقىي تۈركىستاننى « ئەزەلدىن خىتاينىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ، بۇ زېمىندا ئەزەلدىن خىتايلار ياشىغان. » دېگەن ئويدۇرما سەپسەتىسىنى خەلقئارادا ئىسپاتلاش ۋە خىتاي كۆچمەنلىرىگە ياشايدىغان ماكان تەييارلاش ھەمدە بۇ زېمىندىكى ھاكىمىيىتىنى ئەبەدى

ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن بۇ تۈپراقتا ئەسىرلەر بويى ياشاپ كەلگەن يەرلىك مىللەتلەرنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئىنسانىيەتكە قارشى مۇدھىش ۋە رەزىل پىلانىنى تۈزگەندىن كېيىن ئاتا- بوۋا سۇلالىرىدىن مىراس قالغان ھاكىمىيەتنى ساقلاش ئۈچۈن زىيالىيلارنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت چارە- تەدبىرىنى ئىشقا سېلىپ ، نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر مىللىتىگە قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ سەرۋەرلىرىنى يوقىتىشتىن باشلىدى.

2017- يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ خىتاي ھۆكۈمىتى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرىنى تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈردى. ئۇيغۇر سەرۋەرلىرىنى تۈركۈم- تۈركۈملەپ تۇتقۇن قىلىپ تۈرمە- جازا لاگېرلىرىغا تاشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ئۆلۈم جازاسى بەرسە، بەزىلىرىنى تۈرمە- جازا لاگېرلاردا تەن جازاسى بىلەن ئۆلتۈرمەكتە. بۇ خىل تەقىبنىڭ ئەڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىغان ئورۇنلاردىن بىرى « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى » نىڭ مەكتەپ رەھبەرلىكىدىكى مىللىيلار ۋە فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى بولدى. مەكتەپ رەھبەرلىكىدىن تۇتقۇن قىلىنغانلاردىن سابىق مەكتەپ مۇدىرى ، سابىق مۇئاۋىن پارتىيە سېكرتارى دوكتور تاشپولات تېيىپ (ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن) ؛ سابىق مەكتەپ مۇدىرى، سابىق مەكتەپ مۇئاۋىن پار تىيە سېكرتارى ۋەلى بارات ؛ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى دىلمۇرات غۇپۇر. فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى بويىچە نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان، تونۇلغان بىلىم ئەگىلىرى توپلانغان جاي. مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ پروفېسسورلاردىن ئابدۇكېرىم راھمان، ئارسلان ئابدۇللا، غەيرەتجان ئۆسمان؛ دوكتولاردىن زۇلپىقار بارات ئۆزباش، راھىلە داۋۇت، ئابدۇرېھىم راھمان ۋە نەبىجان ھەبىبۇللا قاتارلىقلار تۇتقۇن قىلىندى. يەنە بىرسى قەشقەر پىداگوككا ئۇنىۋېرسىتېتى بولۇپ، مەكتەپ رەھبەرلىكىدىن مەكتەپ مۇدىرى پروفېسسور ئەركىن ئۆمەر، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، پروفېسسور مۇختەبەر ئابدۇغۇپۇر، پروفېسسورلىرىدىن دوكتور گۈلنار ئوبۇل، قوربان ئوسمان ۋە « قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى » نىڭ سابىق باش مۇھەررىرى، ئىسمشۇناس مۇتەللىپ سىدىق قاھىرى قاتارلىقلار تۇتۇن قىلىندى.

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇر بۆلمىنىڭ 2018- يىلى 22- نويابىر تور بېتىدە تۆۋەندىكى خەۋەرنى بەردى: « < خىتاينىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە ئىلمىي ساھەدىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرىنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىپ، ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى ياكى قاماق جازاسى بېرىشى ۋە شۇنداقلا يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا قامىشى ياۋروپادىكى لىبېرال ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرى بولغان بىريۇسسېل ھۆرىيەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قاتتىق ئىنكاسىنى قوزغىغان.>، < مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېت ئۆتكەن ھەپتە رەسمىي بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەقىب قۇربانلىرىغا ئايلانغان ئۇيغۇر ئۇنىۋېرسىتېت خادىملىرىغا ھەمدەمدە بولىدىغانلىقى، ياۋروپادىكى باشقا ئۇنىۋېرسىتېتلارنى خىتاينىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا ھېسداشلىق قىلىشقا ۋە خىتاينىڭ ھەرىكىتىنى ئاشكارا تەنقىد قىلىشقا چاقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بىريۇسسېل ھۆرىيەت ئۇنىۋېرسىتېتى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ ۋە ئىلمىي ساھەدىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرىنى تۇتقۇن قىلىشىغا ئىنكاس قايتۇرغان تۇنجى غەرب ئۇنىۋېرسىتېتىدۇر.>، < بىريۇسسېل ھۆرىيەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باياناتىدا بۇ ئاكادېمىكلارغا ھېچقانداق ئاشكارا سوت ئېچىلمىغانلىقى، رايوندىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ چەتئەل تەتقىقاتچىلىرىغا غەيرىي رەسمىي تاقالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، فرانسىيە، گوللاندىيە ۋە بېلگىيەلىك كەسىپداشلىرىنىڭ ئاكتىپ ھەرىكەتكە ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. باياناتتا يەنە مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پىكىر ۋە ئاكادېمىك ئەركىنلىككە بولغان تەۋرەنمەس مەيدانى تەكىتلىنىپ، مۇنداق دېيىلگەن: << بىريۇسسېل ئۇنىۋېرسىتېتى يەنە بېلگىيە ۋە ياۋروپادىكى باشقا ئۇنىۋېرسىتېتلارنى خىتاينىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى

ئۇيغۇر ئاكادېمكلرى دۇچ كېلۋاتقان تەقبنى تەنقد قلشقا، بۇ ئارقلىق ئۇلارغا ھەمدەمدە بولۇشقا چاقىردۇ. شنجاڭ ۋە ئۇنڭ سرتدىكى ئۇنۋېرستېتلاردا غايىب بولغان كەسپداشلرىمزغا ئائت ئۇچۇرلارنىڭ ھەممسى ئشەنچلىك. بۇنڭغا سۈكۈت قلش كەسپداشلرىمزنڭ قولغا ئېلننشى ۋە تۈرمگە تاشلننشنى قۇلايلاشتۇردۇ. شۇڭا بىرىۇسسېل ھۆرىيەت ئۇنۋېرستېتى بلىم ۋە ئلم- پەن ئەركنلكى نامدىن بۇ سۈكۈتنى بۇزۇپ تاشلاپ، سىياسىي دائىرىلەر بەرپا قىلغان ئىدېئولوگىيەلىك رامكدىن قۇتۇلۇشقا، بىرىۇسسېل ھۆرىيەت ئۇنۋېرستېتنىڭ قەلبدىن ئورۇن ئالغان كىشلىك ھوقۇق قىممەت قارىشدا چىڭ تۇرۇشقا ئلھاملاندۇردۇ. >> > ».

## مىللىي مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى

« ئۇيغۇرلار مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىرلەردىن بۇرۇنلا تەڭرىتاغ ۋادىلرى، كوئىنلۇن، قاراقۇرۇم تاغلىرى، تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىدە ئوتتۇرا ئاسيادا ياشاپ، ئۆزىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى، ئۇزاق تارىخنى ياراتقان. » *(ھاجى نۇرھاجى: « قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىلار » دىن ، 2009- يىل نەشرى) .*

خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىشنى ئۇلارنىڭ ھاياتى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان دىنىي ئېتىقادى-- ئىسلام دىنىنى شەرقىي تۈركىستاندا تۈپتىن يوق قىلىۋېتىشتىن باشلاش بىلەن بىرگە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت مەۋجۇدىيەتلىك ( كىملىك ) ئالامەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولغان پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بەربات قىلىشتىن باشلىدى. چۈنكى « جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى » نىڭ باشلىقى لاڭ يىڭ « جۇڭگو ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى << قۇتادغۇبىلىك >> تېمىسىدىكى ئىلمىي ماقالىسىدا: ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيە 10- ئەسىردىلا ( 8- ئەسىر دەپمۇ ئېيتىلىۋاتىدۇ) 27 پەردىلىك قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى << مايترى سىمىت >> بولغان. 11- ئەسىردە دۇنياغا مەشھۇر شېئىر دراما << قۇتادغۇبىلىك >> دۇنياغا كەلگەندە، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تىياتىرلىرى ۋە جەنۇپ كۈيلىرى تېخى تەرەققىي قىلمىغانىدى. » *(لاڭ يىڭ : « جۇڭگو ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى << قۇتادغۇبىلىك >> »، « قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىلار» دىن)* ۋە گېرمانىيە ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، تۈركشۇناس ئا. ۋ. گابائىن « قارا قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى » دېگەن ئىلمىي ئەسەردە: « ھازىرقى تۇرپاندىن تېپىلغان قولىيازمىلاردىن قارىغاندا، تۈرك ۋە ئۇيغۇر يېزىقلىرىدا يېزىلغان سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ۋەقەلىكى خەنزۇچە سەھنە ئەسەرلىرىنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. » *( ئا. ۋ. گابائىن: « قارا قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى » ( 850- يىلدىن 1250- يىلغىچە ) »، « قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىلار» دىن )* دەپ يازغانلىرىدەك ئۇزۇن تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە ئۇيغۇر مىللىتىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنىڭ تولىمۇ مۇشكۈل ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مىللىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى يوقىتىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. خىتاي دائىرىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى بىتچىت قىلىش بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلارغا خىتاي (جۇڭخۇا) مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدۇرۇپ سىڭدۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويدى.

خىتاي دائىرلىرى « ئۇيغۇر مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى » دېگەندەك سەپسەتىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئۇيغۇرلارنى خىتاي مەدىنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىماقتا. ئەمىلىيەتتە « جۇڭخۇا » دېگەن سۆزگە « ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىنىڭ لۇغىتى » ( *汉语词词典* “ 第 6 版 )نىڭ بەرگەن ئىزاھىتى تۆۋەندىكىچە : « قەدىمكى زاماندا خۇاڭخې ۋادىسى ئەتراپى << جۇڭخۇا >> دەپ ئاتالغان. بۇ جايلار خەنزۇ مىللىتىنىڭ دەسلەپ شەكىللەنگەن جايى ئىدى. » دەپ ئىزاھ بېرىلگەن ئىدى. دېمەك، « جۇڭخۇا مىللەتلىرى » دېگەن ئۇقۇم ئەزەلدىن مەۋجۇت ئەمەس. جۇڭخۇا مىللەتلىرى دېمەك، ماھىيەتتە خىتاينىڭ ئەپسانە-رىۋايەتلىرىدىكى خىتاي ئىمپېراتورى-- خۇاڭدىنىڭ ئەۋرە- چەۋرەلىرى دېگەننىڭ باشقىچە بىر خىل ئاتىلىشىدۇر. « جۇڭخۇا مىللەتلىرى » دېگەن بۇ ئاتالغۇنى خىتاي ھۆكۈمرانلىرى « خىتاي دۆلىتى تېررىتورىيىسى ئىچىگە كىرىگۈزۈلگان زېمىن » دىكى مىللەتلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنى مۇددىئا قىلىپ، ئويدۇرۇپ چىقارغان، ئىرقىي يوقىتىش مەنىسىنى ئىچىگە سىڭدۈرگەن بىر ئاتالغۇدۇر. « جۇڭخۇا مىللەتلىرى » دېگەن بۇ ياسالما ئاتالغۇ ئەمەلىيەتتە خىتاي دېمەكتۇر.

خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى قەدىمىي مىللەتلەردىن بىرى بولغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىي مىراسلارغا باي پۈتكۈل ئىدېئولوگىيە ۋە مەدەنىيىتىنى -- پەلسەپەسى، ئەدەبىيات - سەنئىتى، مۇزىكىسى، تارىخى، ئارخېئولوگىيىسى، ئېتنوگرافىيىسى، قول ھۈنەر سەنئىتى، مېمارچىلىقى، خەتتاتچىلىقى ۋە ئۆرپە- ئادەتلىرى قاتارلىقلارنى بۇ جاھاندىن ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن بىرگە پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىشقا كىرىشتى.

كلاسسىك ئەدەبىيات - سەنئەت تەشۋىق قىلىنمايدىغان بولدى. تارىختا ئۆتكەن ئۇيغۇر مەشھۇرلىرى -- سۇتۇق بۇغراخان، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ئەھمەد يۈكنەكى، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگان، ئامانىنساخان، نۇزۇگۇم، ئەمرىئابدۇرۇسۇل بەگ، سادىر پالۋان، مۇسابايوۋ، ھۆسەنباي ۋە باۋۇدۇنباي (مۇسابايوۋلار)، تۆمۈر خەلپە، مۇللا مۇسا سايرامى، موللا بىلال نازىمى، تۆمۈر خەلپە، ئابدۇقادىر داموللا، قۇتلۇق شەۋقى، مەمتىلى تەۋپىق، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇلېرىمخان مەخسۇم، مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتى، جوجىنىياز ھاجىم، ئەخمەتجان قاسىمى، زۇنۇن تېيىپوۋ، غېنى مەمەتباقى ( غېنى باتۇر)، رىزۋانگۈل، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، تۇردى ئاخۇن ( مۇقامچى ) ۋە رۇزى تەمبۇر قاتارلىقلار سۆزلەنمەيدىغان بولدى، بۇ ئۆتكەن مەشھۇرلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيەت سەھىپىسىدىن غايىپ بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت غەزىنىسىگە قوشقان مەشھۇر مەدەنىي مىراسلىرى-- « قۇتادغۇبىلىك »، « تۈركىي تىللار دىۋانى »، « ئەتەبەتۇل-ھەقايىق »، « تارىخى رەشىدىي » ۋە « ئون ئىككى مۇقام » قاتارلىق مەشھۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىنى كىتابخانىلاردا كۆرگىلى بولمايدىغان بولدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى زاماندىكى نادىر ئەسەرلىرى -- ئەدەبىيات - سەنئەت، تىل، تارىخ ۋە ئېتنوگرافىيە قاتارلىق ساھەلەرگە دائىر ئاجايىپ ئەسەرلىرى، مەسىلەن، « ئىز »، « زېمىن »، « ئانا يۇرت »، « يۇسۇپ خاس ھاجىپ »، « مەھمۇد قەشقەرى»، « ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى »، « ئۇيغۇرلار »، « ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، « قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىلار»، « ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگرافىيىسى»، « قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى »، « شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» ۋە « ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملەردىن ئۈنچىلەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى ھەممە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ناماياندىسى ھەممە پلاتفورما خاراكتېرلىك گىگانت ئەسىرى-- ئالتە توملۇق « ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى »، « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەدەبىي

تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»، « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاكۇستىكىلىق قانۇنىيەتلىرى »، « ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيىسى»، « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن دىيالېكتى »، « ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىيالېكتى»، « ئۇيغۇر خەلق ماقال- تەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى»، « ئىسىم قويۇش قوللانمىسى » ۋە « دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ھەققىدە » قاتارلىق كىتابلىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن غايىپ بولدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ھەر ساھەدىكى مەشھۇرلىرى-- شائىر ۋە ئەدەبىياتشۇناس ئەھمەد زىيائى، مۇقامشۇناس ۋە كومپوزىتور زىكرى ئەلپاتتا، سەنئەتكار قەمبەرخان، سەنئەتكار ھاجى راخمان، يازغۇچى زۇنۇن قادىرى، شائىر نىم شېھىت ئەرمىيە ئېلى سايرامى، تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتىئى، شائىر- يازغۇچى ۋە ئەدەبىياتشۇناس ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئالىم ئىمىن تۇرسۇن، تىلشۇناس خەمىت تۆمۈر، تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، تىلشۇناس ۋە لۇغەتشۇناش ئابلىز ياقۇپ، شائىر، تىلشۇناس ۋە لۇغەتشۇناش غەنىزات غەيۇرانى، تىلشۇناس ئامىنە غاپپار، تىلشۇناس تۇردى ئەخمەت، تىلشۇناس نەسرۇللا يۇلبۇلدى، رەسسام غازى ئەمەت، تارىخشۇناس ھاجى نۇر ھاجى، شائىر تېيىپجان ئېلىيوۋ، شائىر رەشىدىن تاتلىق، شائىر ۋە تارىخشۇناس تۇرغۇن ئالماس، يازغۇچى زوردۇن سابىر، ئالىم، ئەدەبىياتشۇناس ۋە مەدەنىيەتشۇناش ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، ئەدەبىي تەنقىدچى مۇھەممەد پولات، ئىسلام دىنى ئالىمى ۋە تەرجىمان مۇھەممەد سالىھ داموللا، يازغۇچى مىرزاھىد كېرىم، سەنئەتكار پاشا ئىشان، ئېتنوگراف ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا، بىئوگراف شىرىپ خۇشتار، كارتوگراف نىياز كېرىمى، مۇزىكانت ھۇسەنجان جامى، مۇزىكانت غىياسىدىن بارات، چاقچاقچى ھسامىدىن، ئەدەبىياتشۇناس ئەسقەر ھۇسەيىن، ئەدەبىياتشۇناس ئابدۇكېرىم راھمان ، ئەدەبىياتشۇناس ئازات رەھمىتۇللا سۇلتان ،ئىسىمشۇناس مۇتەللىپ سىدىق، تەرجىمان، نەشرىياتچى ۋە ئىسلام دىنى تەتقىقاتچىسى ھاجى خۇجائابدۇللا ئوسمان، شائىر- يازغۇچى ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئوبزورچى يالقۇن روزى، يازغۇچى ئەخەت تۇردى، يازغۇچى ئايشەم ئەخەت، يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل، يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى، يازغۇچى پەرھات جىلان ۋە شائىرە چىمەنگۈل داۋۇت قاتارلىقلار ھەم سۆزلەنمەيدىغان بولدى؛ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى يىغىشتۇرۇلدى، كۆيدۇرۇلدى، ئۆزلىرى تۇتقۇن قىلىنىپ، جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە تاشلاندى . بۇ سەرۋەرلەردىن بەزىبىرلىرى بۇ زۇلمەتلىك تۈرمىلەردە جان ئۈزدى، بەزىلىرى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، بەزىلىرى قاتتىق قىيىن- قىستاقنىڭ زەربىسىدىن سالامەتلىكىدىن ئايرىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت كىتاب- ژۇرناللار نىڭ نەشر قىلىنىشى چەكلەندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرلارغا دائىر كىتاب- ژۇرناللار يىغىشتۇرۇلماقتا، كۆيدۇرۇلمەكتە.

خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن خىتاي دېموكراتىك زىيالىيلىرى ۋە خىتاي يېزىقىنى بىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي يېزىقىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرلارغا ئائىت كىتاب- ژۇرناللاردىن پايدىلىنىپ كەلگۈسىدە « تەتۈر ھساپ » ئېلىشىدىن ئەنسىرىسە، يەنە بىر تەرەپتىن خىتايدا خىتايلىشىپ كەتكەن ھەر قايسى مىللەت كىشىلىرىگە تارىختا « ئۇيغۇر مىللىتى » دېگەن مىللەت بولمىغان چۈشەنچىسىنى بېرىش ئۈچۈن خىتاي يېزىقىدا نەشر قىلىنغان كىتاب- ژۇرناللارنى ھەم كۆيدۈرمەكتە.

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مىللىي نەشرىياتچىلىق ۋەيران بولدى. « خىتاي دائىرىلىرى ئۇيغۇر رايونىدا 2017- يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ نەشرىيات ساھەسىگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئاتالمىش<< مەسىلىلىك كىتابلار>> نى بېكىتىپ چىققان ۋە بۇ خىل كىتابلارنى يازغان، تەھرىرلىگەن ۋە تەستىقلىغانلارغا قارىتا تۇتقۇن

قىلىش دولقۇنى قوزغىغان. ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان 1000 دىن ئارتۇق كىتابنىڭ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان 600 دىن ئارتۇق كىتابنىڭ << مەسىلىلىك كىتاب>> دەپ بېكىتىلگەن. ئاتالمىش << مەسىلىلىك كىتاب>> لارنى يازغان، تەھرىرلىگەن ۋە تەستىقلىغانلارنىڭ تۇتقۇن قىلىنىۋاتقان.»، « قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدىن بولتۇر ۋە بۇ يىل ئىچىدە تۇتۇلغانلار ھەققىدىكى ئېنىقلاشلىرىمىز داۋامىدا، مەزكۇر نەشرىياتتا 49 نەپەر ئىشچى- خىزمەتچى بارلىقى، بۇلاردىن 4 نەپىرىنىڭ خىتاي ئىكەنلىكى، قالغان 45 نەپەر نەپەر خادىمدىن 14 نەپىرىنىڭ %30 ، پىرسەنتىنىڭ تۇتقۇندا ئىكەنلىكى ئاشكارىلاندى. ».

ھەر قايسى رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىستانسىيەلىرىدە ساقلانغان مىللىي مەدەنىيەتكە دائىر ئاۋازلىق لېنتىلىرى ۋە ۋىدېئو - سىنئالغۇ فىلىم لېنتىلىرى كۆيدۈرۈلماقتا. ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىزلارنىڭ مەدەنىيەت -- سەنئىتىگە ئائىت ھېچقانداق يېڭى پروگرامما ۋە كونسېرتلار كۆرسىتىلمەيدىغان ۋە ئاڭلىتىلمايدىغان بولدى. « شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىيىسىنىڭ دۆلەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك رېژىسسور مۇختەر بۇغرا، رېژىسسور مەخمۇتجان سىدىق، رىياسەتچى زۇلپىقار، تېخنىك ئەخمەتجان مەتروزى، ئىستانسىيە خادىمى ئابلەت زەيدىن ۋە بىر قىسىم ئاۋاز ئارتىستلىرى تۇتۇن قىلىندى. ».

خەلقسۆيەر داڭلىق ئارتىسلار ھېچقانداق قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتەلمەي تۇتقۇن قىلىندى. داڭلىق ناخشىچى ئابدۇرېھىم ھېيىت، داڭلىق ناخشىچى سەنۇبەر تۇرسۇن، داڭلىق كومېدىيە ئارتىسى ئادىل مىجىت، تېلېۋىزىيە پروگرامما رېژىسسورى ئەركىن تۇرسۇنلار تۇتقۇن قىلىندى.

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇر بۆلىمىنىڭ 2019- يىلى 17- يانۋار كۈندىكى تور بېتىدە « لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇيغۇر مۇزىكا تەتقىقاتچىسى، دوكتور راچېل ھاررىس خانىم << يەر شارى پوچتىسى >> گېزىتىدە بىر ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ئەدىب ۋە سەنئەتكارلىرىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان زۇلۇمنى ئاڭلاتتى. ئۇ << شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى>> دەپ نام بەرگەن ماقالىسىدە 2017- يىلىنىڭ ئاخىرى تۇتقۇن قىلىنىپ، 5 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلۈۋاتقان سەنۇبەر تۇرسۇندەك ئەل سۆيگەن بىر ناخشىچىنىڭ لاگېرغا قاملىشىنى رايوندا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى يوق قىلىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنىڭ ئەڭ جانلىق ئۆرنىكى دەپ كۆرسەتكەن. » دېگەن خەۋەر بېسىلدى.

خىتايدا « ئىشكىنى ئېچىۋېتىش سىياستى » يولغا قويۇلغاندىن كېيىن مەدەنىيەت ساھەسىدە راۋاجلانغان خەلقئارالىق بولۇپمۇ ئوتتا ئاسىيادىكى تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن بولغان ئۆزئارا بېرىش- كېلىش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىگە خاتىمە بېرىلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى شەھەرلىرىنى بۇزماقتا، قەدىمي شەھەرلەرنىڭ ساياھەتچىلەر ئۈچۈن بۇزۇلماي قالغان كىچىكىنە بىر قىسمى خۇددى كارتون فىلىملاردىكى كۆچا، ئوي ۋە ئادەملەردەك بولۇپ قالغان. باشقىچە ئېتساق، خۇددى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي » نىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمگە ئوخشاپ قالغان. مىللىي تۈسى قويۇق بولغان بارلىق دۇكان ۋە رېستورانلارنى تاقاتقۇزماقتا.

ئۈرۈمچىدىكى « مىراج » رېستورانى خىتاي دائىرلىرى تەرىپىدىن تاقالدى. « خىتاي دائىرىلىرىنىڭ مەزكۇر رېستوراننى تاقاشتا مەزكۇر رېستوراننىڭ قويۇق ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبتىكى بېزەك ۋە نەقىشلىرىنىڭ <<

بۆلگۈنچىلىك >> ۋە << ئاشقۇنلۇق >> ئىدىيەلىرىنى ئويغىتىش ۋە تەرغىب قىلىش رولى بار دېگەننى باھانە قىلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدى. ». قەشقەر، ئۈرۈمچى ۋە غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئاۋات ئۇيغۇر بازارلىرى چۆلدەرەپ قالدى.

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى يېزا- قىشلاق، كەنت- شەھەرلەردە، ھاتتا ئادەم قەدىمى باسمايدىغان جايلارغىمۇ خىتايچە قۇرۇلۇش ياڭزىسىدىكى ياڭزىمۇياڭزا راۋاق- دارۋازىلارنى سالماقتا. ئەسلىدە بار بولغان مىللىي پاسۇندىكى ئىمارەت ۋە قۇرۇلۇشلارنى بۇزدۇرماقتا. قىسقىسى، شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرك مۇسۇلمان مىللەتلىرىنىڭ مىللىي تۈس- پۇراقنى ئالغان بارلىق مەۋجۇدىيەت خىتاي دائىرىلىرىنىڭ يوقىتىش ئوبيېكتىغا ئايلاندى.

قازاق ۋە قىرغىز مىللەتلىرىنىڭمۇ ئەدەبىيات- سەنئىتىمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات- سەنئىتىگە ئوخشاش قىسمەتكە دۇچ كەلدى. قىرغىزلارنىڭ دۇنياغا مەشھۇر « ماناس» داستانى بۇ دۇنيادىن يوقالدى.

1950- يىللاردىن باشلاپ خىتاي دائىرلىرى تۈركۈم- تۈركۈم مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەبلەردە تەربىيەلەپ، ئۇلارنىڭ ئېڭىغا خىتاي مەدەنىيىتىنى سىڭدۈرۈپ، مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىتايلىشىش مۇساپىسىنى قىسقارتىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى.

« 2018- يىلى قەشقەر شەھرىدە زىيارەتتە بولغان مەزكۇر ئامېرىكىلىق ساياھەتچى بۇرۇندىن << ئۇيغۇر مەدەنىيىتى جۇغلانغان جاي >> دەپ تەرىپىنى ئاڭلاپ كەلگەن قەشقەر كوچا ئۆيلىرى مەھەللىسىدە ئىككى كۈن ساياھەتتە بولغان. ... بۇ قىسقىغىنە ئىككى كۈن جەريانىدا ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يوق قىلىنىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق بىئارام بولغان. ».

نۆۋەتتە، خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى تەشۋىقات ئاپاراتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىساندىكى مۇسۇلمان تۈرك مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى يوق قىلىپ، ئۇلارغا خىتاي مەدەنىيىتىنى سىڭدۈرۈشتەك ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قارشى جىنايى قىلمىشلىرىنى يوشۇرماقچى بولماقتا.

خىتاي دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ ئاخبارات ئىشخانىسى بۈگۈن يەنى 15- نويابىر كۈنى « شىنجاڭدىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ قوغدىلىشى ۋە تەرەققىياتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلغان. « شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ بۈگۈنكى بۇ ھەقتىكى خەۋرىدە دېيىلىشىچە، مەزكۇر كىتابتا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى قوغدىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتقانلىقى تونۇشتۇرۇلغان. خەۋەردە نەقىل ئېلىنىشىچە، مەزكۇر كىتابتا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شى جىنپىڭ دەۋرىدە يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقى، بۇ باسقۇچنىڭ مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىش ۋە سىڭىشىش باسقۇچى ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ».

ئەمەلىيەتتە ، ئاتالمىش« شى جىنپىڭ دەۋرى » دىكى شى جىنپىڭنىڭ رەزىل مەقستى خىتايدىكى خىتاي مىللىتىدىن باشقا مىللەتلەرنى خىتايلاشتۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. « سىڭىشىش» سۆزى ئەمىلىيەتتە شى جىنپىڭنىڭ « ئاسسىمىلياتسىيە» سۆزىنىڭ ئورنىدا ئىشلەتكەن سۆزىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەزكۇز ئاق تاشلىق كىتابتا دېيىلگەندەك « ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى قوغدىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتقان » بولسا، ئۇنداقتا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت- سەنئىتىنىڭ سەرخىللىرى قەيەرگە كەتتى ؟ ئۇلار تۇيۇقسىز غايىپ بولۇپ كەتتىمۇ؟ ھەجەپ، ئۇلارنى

كۆچىلاردا ئۆچراتقىلى بولمايدىغۇ؟ ئەھۋالغا قارىغاندا سەنلەر ئۇلارنى ئالەمشۇمۇل ئايروپىلانلارغا ئولتۇرغۇزۇپ، يىراق ئالەمگە ئۇزۇن مۇددەتلىك « راھەت » ساياھەتكە جۆنەتۋەتكىلارمۇ- قانداق؟ كىتابخانىلاردىكى ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز مەدەنيەت- سەنئىتىگە دائىر كىتاب- ژورناللار تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتىغۇ، ئۇلارنى كىتابخانىلاردا تاپقىلى بولمايدۇ- غۇ، ئۇلارنى جىن يوتۇپ كەتتىمۇ- نىمە ياكى ئۇلارنى چەت ئەللىكلەرگە كۆرسىتىش ئۇچۇن مۇزېيلارغا تېزىپ قويدىڭلارمۇ- نىمە؟ نىمە ئۈچۈن ھېچقانداق قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتمەستىن ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئىلمىي مۇئەسسەسەلەردە دەرس ئۆتىۋاتقان ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پروفېسسور، ئالىم- مۇتەخەسسىس ۋە تەتقىقاتچىلارنى ئالا قويماي تۇتقۇن قىلىپ، تۈرمە ۋە يېپىق جازا لاگېرلىرىغا تاشلايسىلەر؟ نىمە ئۈچۈن بىر مىللەتنىڭ مەدەنيەت سەۋىيەسىنى يوقىرى كۆتۈرۈشكە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغان مىللى نەشرىيات مۇئەسسەسەلىرى ئېغىر بۆزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى؟سەنلەر دېگەندەك « ئۇيغۇرلارنى مەدەنيەت- سەنئىتى ياخشى قوغدىلىۋاتقان» بولسا،ئۇنداقتا، نىمە ئۈچۈن ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ختايچە كۈيلەكلەرنى كېيگۈزۈپ، ختايچە ئۇسسۇللارنى ئوينىتىسلەر؟ ئۇلار ئوينايدىغان مىللىي ئۇسسۇلى يوق مىللەتمۇ؟ نىمە ئۈچۈن مىللىي پۇراق تۇسى كۈچلۈك بولغان رىستورانلار پىچەتلىنىپ كەتتى؟ نىمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي پۇراققا مول ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋى قىسمى بولغان « مەشرەپ » نى ئۆتكۈزۈشكە يول قويمايسىلەر؟ نىمە ئۈچۈن « مەشرەپ » ئۆتكۈزگەنلەرنى تۇتقۇن قىلىسلەر؟

ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ « ئاق تاشلىق » كىتابىدىكى « رايوندىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل- يېزىقىدا دىنىي ۋە مەدەنيەتكە ئائىت كىتابلارنى نەشر قىلىش ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنيىتى، دىنىي ئېتىقادىغا ئائىت ئەسەرلەر قوغدالدى. » دېگەن ئىبارىلەر قىپقىزىل يالغانچىلىق.

**« مەدەنيەت ئىنقلابى » دا ختاي كومپارتىيىسى ختاي ئەنئەنىۋى مەدەنيىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنيىتىنى سوتسىيالىستىك شەكىل ۋە مەزمۇنغا ئىگە قىلىشقا ئورۇنغان بولسا، بۇ نۆۋەت ئۇيغۇر مەدىنىيىتىنى ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن بىللە يوقىتىش نىيىتىگە كەلدى.**

**گەپنىڭ قىسقىسى، چوچۇرنى خام سانغان** ختاي كومپارتىيە ھۆكۈمىتى ئەينى زامانىسىدىكى ختاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ختاي مەدەنيىتى ئارقىلىق مانجۇر مىللىتىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئۇسۇل- چارىسى بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن سىڭدۈرۈلۈش جەھەتتىن ختاي مىللىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئۇزۇن قەدىمىي سىڭدۈرۈلۈش ئىگە بولغان ئۇيغۇر مىللىتىنى ختاي مەدىنىيىتى بىلەن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇر مىللىتىنى مەدەنيەت جەھەتتىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىش بىلەن بىرگە ، دۆلەت ھاكىمىيەتىنىڭ دېكتاتورلۇق فونكىيىسىنى ئىشقا سېلىپ، زوراۋانلىق كۈچى بىلەن شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا ئۇيغۇر مىللىتىنى يوقىتىشنى قارار قىلىپ، نۆۋەتتە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۇتۇش قىلدى.

## يەرلىك خەلقلەرنى ئىقتىسادىي جەھەتتە نامراتلىقتا تۇتۇش

خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا باشتىن- ئاخىر بۇ يەردىكى يەرلىك مىللەتلەرگە قارىتا ئۇلارنى نامراتلاشتۇرۇپ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش تەدبىرىنى قوللاندى. ئۇلار بۇ تەدبىرنىڭ تېز ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنىپ يەتكەن . ئەمىلىيەتتىمۇ نامرات مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۈچلۈك مىللەتلەر تەرىپىدىن ئاسان ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىش ئەھۋالى تارىخدا كۆپ كۆرۈلگەن.

1949- يىلى خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلىۋالغاندىن كېيىن ئەسلى ئانچە تەرەققى تاپمىغان بۇ رايوننى تەرەققى قىلدۇرۇشنىڭ ئورنىغا، بۇ بايلىققا تىنىپ كەتكەن بۇ جاينىڭ بايلىقىنى خالىغانچە بۇلاڭ- تالاڭ قىلىشقا باشلىدى. ( شەرقىي تۈركىستاننىڭ نېفت ۋە يەر ئاستى گاز زاپىسى « خىتاي دۆلىتى » نىڭ نېفت ۋە يەر ئاستى گاز زاپىسىنىڭ 1/3، كۆمۈر زاپىسى % 40 ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشى % 60 نى ئىگەللەيدۇ.) بۇ يەرنىڭ بايلىقلىرىنى-- كان بايلىقلىرى، يېزائىگىلىك ، چاۋرىچىلىق ۋە ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى بولۇپمۇ نېفت، گاز ۋە نادىر مېتاللىرىنى، قىسقىسى قولىغا چىققۇدەك نەرسە بولسىلا، ئۈزلۈكسىز ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇدى ۋە توشۇماقتا.

خىتايدا « ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش» قاتارلىق بىر قاتار يېڭى سىياسەتلەر يولغا قويۇلغاندىن كېيىن گەرچە خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى چوڭ غەربىي شىمالنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت كاتتا پىلاننى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئۈزلىرىنىڭ دېڭىز بويلىرىنى ئەۋۋەل تەرەققى قىلدۇرۇشدىن ئىبارەت پىلاندىن ۋاز كېچەلمەي، بۇ چوڭ غەربىي شىمالنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت « ئۇلۇغۋار» پىلانى قەغەز ئۈستىدىلا قالدى.

« < خىتاي دۆلەتلىك ستاتىستىكا ئىدارىسى ئەككى كۈن ئاۋۋال خىتايدىكى 31 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە چوڭ شەھەرنىڭ 2018- يىلدىكى دەسلەپكى 3 ئايلىق كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم كۆرسەتكۈچىنى ئېلان قىلدى. >، < خىتاي دائىرىلىرىنىڭ كۆرسەتكۈچدە كۆرستىلىشىچە، تىبەت بىلەن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خىتايدىكى كىرىمى ئەڭ تۆۋەن رايون بولۇپ، 30- ۋە 31- ئورۇننى ئىگىلىگەن. شاڭخەي شەھىرى خىتايدىكى پۇقرالارنىڭ كىرىمى ئەڭ يۇقىرى شەھەر بولۇپ، پۇقرالارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان 3 ئايلىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 17 مىڭ 277 يۈەن دەپ ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن قالسا بېيجىڭ شەھىرى، جېجياڭ ئۆلكىسى، جياڭسۇ ئۆلكىسى ۋە تيەنجىن شەھىرى پۇقرالارنىڭ كىرىمى ئەڭ يۇقىرى ئالدىنقى 5 ئۆلكە- شەھەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. > ، < خىتاي ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ كۆرسەتكۈچدە قەيت قىلىنىشىچە، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى پۇقرالارنىڭ بۇ يىلنىڭ دەسلەپكى 3 ئېيدىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 4593 يۈەن، تىبەتنىڭ 3136 يۈەن ئىكەن. خوڭكوڭدا چىقىدىغان << جەنۇبىي خىتاي ئەتىگەنلىك پوچتا گېزىتى >> نىڭ خەۋىرىدە، يۇقىرىقى رايونلاردىكى پۇقرالارنىڭ كىرىمى ئۆسكەندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن خىتاينىڭ شاڭخەي، جېجياڭ ۋە تيەنجىنگە ئوخشاش رايونلىرىنىڭ كىرىم پەرقىدىكى ھاڭنىڭ كېڭىيىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن. >، < بەزى ئانالىزچىلارنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشىچە، كىرىم پەرقىدىكى بۇ غايەت زور ھاڭنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياستى پەيدا قىلغان. ئامېرىكادىكى ۋەزىيەت ئانالىزچىسى، ئامېرىكا پرىنستون ئۇنىۋېرسىتېتى خىتاي تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئىلمىي خادىمى دوكتور چېن كۈيدې ئەپەندى بۇ رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق كىشىنى چۆچۈتىدۇ، دەپ

كۆرسەتتى. >، < ئۇ مۇنداق دەيدۇ: << 2018- يىلنىڭ 1- چارىكىدىكى ستاتىستىكا شۇنى كۆرسىتىدۇ، شىنجاڭ ۋە شىزاڭنىڭ دېڭىز بويىدىكى شاڭخەي، بېيجىڭدەك شەھەرلەر بىلەن بولغان كىرىم پەرقى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە. بۇ ئەھۋال ئىزچىل مەۋجۇت ھادىسە بولۇپ، دېمەك يەنە داۋاملىشىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ خەلق تۇرمۇشى ۋە كىرىمىدىكى پەرقىنىڭ بۇنچىلىك زور بولۇشى ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. بۇ پەرق ئۇزۇن يىللىق مەسىلە دېيىلسىمۇ، لېكىن بۇ ھاڭنىڭ ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كېلىشى ۋە ئۇنىڭ داۋاملىق چوڭىيىشى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يولغا قويۇۋاتقان سىياسىتىگە باغلىق بولماي قالمايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي سىياسىتىگە باغلىق بولۇپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى خىتاينىڭ شىنجاڭ ۋە شىزاڭدا يولغا قويۇۋاتقان قاتتىق تەقىب قىلىش، قاتتىق چەكلەش سىياسىتىگە، ئۇلارنىڭ باشقا ئۆلكىلەر ۋە خەلقئارا بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسىنى قاتتىق چەكلىشىگە مۇناسىۋەتلىك. >> >، < ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئىلشات ھەسەن ئەپەندى بۇ پەرقىنىڭ كېيىنكى 30 يىللىق ئىسلاھات دەۋرىدە تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: << بۇ پەرق ئاساسەن خىتاينىڭ سىياسىتى تۈپەيلى ئۇيغۇرلار بارغانسېرى ئارقىغا چېكىنىپ، قورسىقى ئارانلا تويىدىغان، ھەتتا بەزى رايونلاردا قورسىقىمۇ تويمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنىڭ دەلىل- ئىسپاتى دېسەك بولىدۇ. 80- يىللاردا بىر خىتاي پروفېسسورنىڭ يازغان بىر كىتابى بار ئىدى. << جىرانىڭ ئىچىدىكى خىتاي>> دېگەن. شۇنىڭدا يېزىلىشىچە، تاكى 50- يىللارغىچە بىزنىڭ ۋەتىنىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى ۋە تۇرمۇش سەۋىيەسى خىتايغا سېلىشتۇرغاندا، 20 نەچچە پىرسەنت يۇقىرى ئىدى. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى ئىسلاھاتتىن كېيىن ئۇلارنى قەستەن نامرات قالدۇرۇشنىڭ ئالدىدا ياخشى ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ سىياسىي ھازىرقى بۇ زور پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. > ».

2000 - يىللارغا كەلگەندە « ش ئۇ ئا ر » پارتكومىنىڭ سابىق سېكرېتارى ۋاڭ لو چۈەن 1950- يىللاردا بۇ رايوندا ئاساس سېلىنغان ئېغىر- يېنىك سانائەتنىڭ بارلىق زاۋۇد ۋە كارخانىلىرىنى خانىۋەيران قىلدى. ئېشىپ قالغان قالدۇقلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىركەتلەرگە سېتىپ بەردى.

بۇ ئۆلكىنىڭ قەيەردىن بولمىسۇن، يەر ئاستى بايلىقى تېپىلسا، شۇ يەردە تېرىكچىلىك قىلىۋاتقان ئاھالىلار باشقا يەرلەرگە مەجبۇرىي كۆچۈرۈلۈش بىلەن خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن ئىشچى- خىزمەتچىلەر يۆتكەپ كېلىنىدى. بۇنىڭ تىپىك مىسالى پوسكام نېفىتلىقى ئېچىلغاندا ئەنە شۇنداق بولغان.

بۇ رايون ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن سۈپەتسىز ماللار بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكتىن يەرلىك مىللىي سانائەت خانىۋەيران بولدى. قىسقىسى، بۇ جاي خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تەرەپتىن چەت ئەللەرگە تاۋار توشۇيدىغان ئۆتېڭىگە ئايلىنىپ قالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەت ئىچىدىكى بازىرى كاسسات ماللارنى سېتىش بازىرىغا ئايلىنىپ قالغان.

2000- يىلى 5- مايدا خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئاچقان « شىنجاڭ خىزمەت يىغىنى» دا ئۇيغۇر دىيارىدىكى ۋىلايەت- ناھىيەلەرنى خىتاينىڭ 19 ئۆلكە- شەھەرلىرىگە « نوقتىلىق ياردەم » بېرىدىغان رايون دېگەن نامدا بۆلۈپ بەردى. شۇندىن باشلاپ، بۇ ئۆلكە- شەھەرلەردىن كەلگەن قاراقچىلار شەرقىي تۈركىستاندا ئۆزلىرىنىڭ خالىغىنىچە بۇلان- تاراجىنى باشلاۋەتتى. كانلار، تەبىئى بايلىقلار ۋە يەرلىك يىرىك شىركەتلەر بۇ ئۆلكىلەردىكى شىركەتلەر سېتىپ بېرىلدى ياكى كۆتۈرەگە بېرىلدى. ھەر تۈرلۈك بانا- سەۋەپلەربىلەن يەرلىك زاۋۇت- كارخانىلار ۋە كانلارنى تاقىدى. ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىيسىنىڭ ئاڭلىتىشىچە، « < خىتاي خەۋەرلىرىدىن مەلۇم

بولۇشچە، 2010- يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر دىيارىدىكى يىللىق كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشى 10 مىليون توننىدىن ئاشىدىغان كىچىك ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى يەرلىك كۆمۈر كانلاردىن تەخمىنەن 300 دىن ئارتۇق كۆمۈر كان بۇيرۇق بىلەن تاقالغان. >، < ختاي شىركەتلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن كۆمۈر كانلىرىدىن ئىلى دىيارىدىكى پىلىچخاڭ كۆمۈر كېنى، ئۈرۈمچى تىك قۇدۇق كېنى، بورتالا كۆمۈر كېنى قۇمۇلنىڭ تارانچى كۆمۈر كېنى ۋە چۆچەك كۆمۈر كېنى قاتارلىق كانلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. > ».

يەرلىك زاۋۇت- كارخانا، شىركەتلەر، مۇلازىمەت ئورۇنلار ۋە دوكانلارنىڭ ئۈزلۈكسىز تاقىلىشى سەۋەبىدىن يەرلىك مىللەت كىشلىرىنىڭ ئەسلى تۆۋەن تۇرمۇش سەۋىيەسى تېخمۇ ناچارلىشىپ كەتتى. « ختاي دۆلەتلىك ستاتىستىكا ئىدارىسى ئىككى كۈن ئاۋۋال ختايدىكى 31 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە چوڭ شەھەرنىڭ 2018- يىلدىكى دەسلەپكى 3 ئايلىق كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم كۆرسەتكۈچىنى ئېلان قىلدى. ختاي دائىرلىرىنىڭ كۆرسەتكۈچىدە كۆرسىتىلىشىچە، تىبەت بىلەن « ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» ختايدىكى كىرىمى ئەڭ تۆۋەن رايون بولۇپ، 30- ۋە 31- ئورۇننى ئىگىلىگەن.».

« ئۈرۈمچى ليۇداۋان رايونىغا قاراشلىق تىككۇدۇق كۆمۈر كېنى 2010- يىلى بۇيرۇق بىلەن تاقالغاندىن بۇيان ، مەزكۇر كاندىكى كۆمۈر كولاشقا تايىنىپ تۇرمۇشنى قامداۋاتقان 1500 ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر ئىشچى ئىشسىز قالغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن ھەر خىل تىرىكچىلىك يوللىرىنى ئىزدەشكە مەجبۇر قالغان. ».

**يەرلىكلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۈنسايىن تۆۋەنلىشىنىڭ ئەكسىچە ختاى كۆچمەنلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۈنساناپ ئۆسمەكتە.** « ئامېرىكادىكى << بلۇمبېرگ خەۋەرلىرى گېزىتى >> نىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى پىتىر مارتىن يېقىندا ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەن ۋە قورغاس قاتارلىق جايلىرىدا زىيارەتتە بولغان. ئۇ 10 كۈنلۈك زىيارەت داۋامدا كۆرگەنلىرىنى 24- يانۋار كۈنى << ختاينىڭ بىر بەلۋاغ بىر يول قۇرۇلۇشىنىڭ مەركىزىدىكى زور ساقچى دۆلىتى >> ماۋزۇسدا < بۇ يىل 67 ياشقا كىرگەن ۋە ئون يىل بۇرۇن ختاينىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىدىن ياخشىراق تۇرمۇشقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئېلىگە كۆچۈپ كەلگەن بىر ختاي ئايال بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنى مىسال كەلتۈرگەن. ھازىر ئۇ ئايالنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىككى ھاراق دۇكىنى بار ئىكەن. > » .

**ختاي دائىرلىرى شەھەر ۋە كەنت ئەتراپى ۋە ئايرودروملارنى گۈزەللەشتۈرۈش ۋە باشقا باھانە- سەۋەپلەر بىلەن يەرلىك ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تۇڭگان، مۇڭغۇل ۋە باشقا يەرلىك مىللەت دېھقان ۋە چارۋىچىلارنىڭ يەر ۋە ئوتلاقلىرىنى مەجبۇري تارتىپ ئالماقتا.**

ھەى، قاراقچى ختاي ھۆكۈمتى، ئېسىڭدە تۇت، سېنىڭ شەرقىي تۈكستاندىن بۆلاپ كېتىپ بارغىنىڭ « ئاپپاق غۇجامنىڭ ئۈمچى ئەمەس »، ھەقسىز ئالغىنىڭنى كۈنلەرنىڭ بىرىدە قوسۇسەن!

**ختاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمتى بۇ قېتىمقى ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ كىملىكىنى يوقىتىش ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك ئوپېراتسىيىسىدە ئىسلام دىنىنىڭ شەرقىي تۈركستاندا ئەسىرلەر بۇيى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى يوقۇتۇشقا قول سالدى. ئۇلار بۇ ئۆلكىدىكى مۇسۇلمان تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئىسلام دىنى ئاساسىدا شەكىللەنگەن تۇرمۇش ئۆرپە- ئادەتلىرىنى ئۆلچەم قىلىپ تەرەققىي قىلغان مىللىي سانائەت، شىركەت ۋە مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى خانىۋەيران قىلدى. مىللىي زاۋود - كارخانىلار،**

مىللىي دۇكانلار، مۇلازىمەت ئورۇنلىرى -- ئومۇمەن مىللىي خاسلىققا ئىگە بولغان بارلىق تىجارەتلەر تاقالدى، پىچەتلەندى، مىللىي سانائەتچىلەر- كارخانىچىلار لاگېر- تۈرمىلەرگە تاشلاندى، ئىقتىسادى مۇسادىرە قىلىندى، بۇ زاۋۇد- كارخانىلاردا ئىشلاۋاتقان مىللىي ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئىشسىز قالدى، تۇرمۇش كەچۈرۈش مەنبەسىدىن ئايرىلدى.

يېزا- قىشلاقلاردا قانۇنسىز تۇتۇن قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىدە ئۇ يەرلەردە ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىك ئەھۋالى تېخمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن. « مەلۇم بولۇشچە، قەشقەرنىڭ مەلۇم بىر يېزىسىدا، نوپۇسنىڭ % 50 ئاتالمىش تەربىيەلەشكە ئەكېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، مەھەللىلەردە ئەمگەك كۈچى ئاساسەن قالمىغان. ئالاقىدار خادىملاردىن بىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئاتالمىش تەربىيەلەشكە ئەكېتىلگەنلەرنىڭ ئائىلىسىنى تاشلىۋەتمىگەنلىكى؛ ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالدى. بۇ خادىمنىڭ دېيىشىچە، دائىرىلەر ئاھالىلەرنىڭ تۇرلۇك پەسىل خاراكتېرلىك دېھقانچىلىق ئىشلىرىدىن باشقا، ئۆي رېمونت قىلىش ئىشلىرىغا قەدەر جىسمانىي ئەمگەكلەرنى << پىدائىيلار>> گۇرۇپپىسىغا قىلدۇرغان. بۇ پىدائىيلار گۇرۇپپىسى يۇرتىغا قايتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە تۆۋەنگە چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپا ئەزالىرىدىن تەشكىللەنگەن. ».

نۆۋەتتىكى كەڭ كۆلەملىك قانۇنسىز تۇتقۇن قىلىش كەلتۈرۈپ چىقارغان يېزا- قىشلاقلاردىكى ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆنسېرى ئېغىرلاشۋاتقان ۋەزىيەتتە خىتاي دائىرلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىنى كەسكىن ۋە تېز سۈرئەتتە ئازايتىش ھەمدە ئۇلارنى ئاسسىملىياتسىيە قىلىۋېتىشتىن ئىبارەت رەزىل نىيىتىنى ئەمىلەشتۈرۈش ئۈچۈن « ئېشىنچا ئەمگەك كۈچىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش » نى باھانە قىلىپ، مىللىي ياش ئەر- ئاياللارنى تۈركۈم- تۈركۈملەپ، خىتاي دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە « سەپەر »گە ئاتلاندۇرماقتا. « << شىنجاڭ گېزىتى >> نىڭ 14- يانۋاردىكى خەۋىرىدە مەكىت ناھىيەسىدىن 800 ئەتراپىدا ئۇيغۇر ياشنىڭ ئىچكىرىدىكى زاۋۇتلارغا بېرىپ زاۋۇتلاردا ئىشلەمچىلىك قىلىش ئارقىلىق << باي بولۇشقا ئاتلانغانلىقى >> ئالاھىدە خەۋەر قىلىنغان. خەۋەردە مەكىتتىن ئۆتكەن يىلى 2900 دىن ئارتۇق ياش ئىچكىرىگە ئەۋەتىلگەنلىكى شۇنىڭدەك << ئوشۇقچە ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىچكىرىگە يۆتكەش >> نامىدا ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئىچكىرىگە ئاپىرىپ زاۋۇتلارغا ئىشچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرىنى << باي >> قىلغانلىقى يەنە بىر قېتىم ئەسلىتىلگەن. ئەمما كۆزەتكۈچىلەر ئىزچىل بۇنى رەت قىلىپ << خىتايدىكى خىتاي پۇقرالىرى ياراتمايۋاتقان تۆۋەن مائاشلىق خىزمەتنى ئۇيغۇرلارغا بېرىش بىلەن ئۇيغۇرلار باي بولالمايدۇ. بۇنىڭدا < جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا > دېگەندەك ئىشلار بولۇۋاتىدۇ. >> دېگەن ئىدى. ».

جۇڭخۇا مىنگو دۆلىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تاجاۋۇزچى قالدۇق ئارمىيىسىدىن تەشكىل تاپقان، كۆچمەن خىتايلارنىڭ ئۇۋىسى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىك مىللەتلەرنى باستۇرۇش قۇراللىرىدىن بىرى بولغان « شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش كورپۇسى (بىڭتۇەن) » نىڭ بەرپا بولىشى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى، قازاق ۋە قىرغىز چارۋىچىلار ئۈچۈن بىر چوڭ ئاپەت بولدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زور ئىقسادىنى ئارقا تېرەك قىلغان بۇ كورپۇس شەرقىي تۈركىستانىنىڭ يېزا- قىشلاقلىرىدا زورلۇق- زومبۇلۇق قىلىپ، مۇنبەتلىك بوز يەرلەر ۋە سۇ مەنبەلىرىنىڭ موللىرىنى ئىگەللەپ ئالدى. يەرلىكلەر بىلەن بۇ « كورپۇس » ئوتتۇرسىدىكى يەر ۋە سۇ مەسىلىرىدە سادىر بولغان جېدەل- ماجىرالاردا ھۆكۈمەت دائىرلىرى ھەر دايىم ئۆزلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان « يومشاق قۇلاق » مىللىي كادىرلار ياكى شۇ مىللەتنىڭ ئاق ساقاللىرىنى ئارىغا سېلىپ قويۇپ، جېدەل- ماجىرالار

ھەر قېتىم مەزكۇر « كورپۇس » نىڭ پايدىسىغا ھەل قىلىندى . مەزكۇر كورپۇسنىڭ تارىم دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىنى بوغۇپ ئالغانلىق تۈپەيلى تەكلىماكان چۆللىكىدىكى قوملارنى ئەسىرلەر بويى تىزگىنلەپ تۇرغان تۇرغاقلار قۇرۇشقا باشلاپ، قوملار ھەر يىلى ئون نەچچە مېترلەپ ئۇيغۇر يېزىلىرىغا بېسىپ كەلمەكتە.

نۆۋەتتە، خىتاي دائىرلىرى خىتاي شىركەتلىرىنىڭ لاگېرلاردىكى قانۇنسىز تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ ئەمگەك كۈچىدىن پايدىلىنىپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا رۇخسەت قىلغان. خىتاينىڭ « تەيدا كىيىم- كېچەك شىركىتى » خوتەندىكى يىغىۋېلىش لاگېرىدا قورۇلغان كىيىم- كېچەك زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئامېرىكىدىكى « باجىر تەنتەربىيە كىيىملىرى شىركىتى » گە ساتقان. خىتاي دائىرلىرى يەنە « ئېشىنچا ئەمگەك كۈچىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش » باھانىسى بىلەن ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق تۈرك مىللەتلىرىنىڭ ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان يىگىت- قىزلىرىدىن تۈمەنلەپ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى زاۋۇت- كارخانىلارغا ئىشچىلىققا يۆتكەپ، يوقنىڭ ئورنىدىكى ئايلىق مائاش بېرىپ، قاتتىق رېجىم ئاستىدا ئون نەچچە سائەت قۇلدەك ئىشلەتمەكتە.

« ئامېرىكا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشىنىڭ تاشقى ئىشلارغا مەسئۇل دىرېكتورى لۇئىسا گرېۋ خانىم رادىيومىزغا قىلغان سۆزىدە بۇ ھەقتىكى ئەندىشىلىرىنى ئىپادىلەپ: < ئۇيغۇر رايونىدىكى لاگېرلاردا << زامانىۋى قۇللۇق>> دەپ ئاتىلىدىغان بۇنداق بىر ۋەزىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ، دېدى. >، < ئۇ سۆزىدە << خەلقئارادىكى ئادەم ئەتكەسچىلىكىگە قارشى تۇرۇش ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشقا ئائىت قانۇنلاردا بىر كىشىنى مەجبۇريي ئەمگەككە سېلىشقا، ئۇنى مەلۇم بىر ئورۇندا مەجبۇريي تۇتۇپ تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن>> دەپ كۆرسەتتى. > ».

## يەرلىك مىللەتلەرنىڭ نوپۇسنى تىزگىنلەش

1949- يىلدىن ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا يەرلىك مىللەتەر ئىگەللىگەن. خىتايلار بۇ يەردىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ پەقەت %5 ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، 200 مىڭ ئەتراپىدە خىتاي بار ئىدى. ھازىر بۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملار ۋە « شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قورۇلۇش ئارمىيە كورپۇسى » نىڭ نوپۇسىنى ھىساپلىمىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلارنىڭ نوپۇسى % 45 دىن ئېشىپ كەتتى.

« 1941 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندا 187 مىڭ خىتاي نوپۇسى بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %5.0 نى ئىگەللەتتى. *( چاڭ چىن يى : << شىنجاڭدىكى يەرلەردىن پايدىلىنىش ۋە كۆچمەنلەرنى يەرلەشتۈرۈشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى>> »)، « شەرقىي تۈركىستاندا 1953- يىلى خىتاي نوپۇسى 299000 گە يېتىپ ئومۇمىي* نوپۇسنىڭ %6.1 ئىگەللىدى، 1964 يىلى 2445400 يېتىپ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %32.9 ئىگەللىدى، 1982- يىلى 5284000 يېتىپ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %40.4 ئىگەللىدى. 1990- يىلى 5695400 يېتىپ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ % 37.6 ئىگەللىدى. 2000- يىلغا كەلگەندە 7497700 يېتىپ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %40.6 ئىگەللىدى. »*( ئامېرىكا، س. فرېدېرىك ستار ( مۇھەررىر): « شىنجاڭ »، 2004 ,America , S . Frederick Starr (editor)* *__XINJIANG__* *دىكى مەلۇماتلار).*

تەبىئىي جۇغراپىيە جەھەتتىن قارىغاندا شەرقىي تۈركىستان كىلىماتى ئومۇمەن قۇرغاق، ھۆل- يېغىن كەمچىل، سۇ مەنبەلىرى مول ئەمەس، يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان بىر رايون. يەرلىك ئاھالىلار ئاساسەن سۇ مەنبەلىرىگە يېقىن بولغان بوستانلىق ۋادىلار ۋە يامغۇر- يېشىن كۆپ بولغان تاغلاردا ئولتۇراقلاشقان. يېزا ئىگىلىكىنى ۋە چارۋىچىلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بولسا ئۇيغۇر، شىبە، ئۆزبېك، سالار ۋە داغۇر دېھقانلىرى ئاساسەن ئۆلكە يەرلەرنى ئىگەللىگەن؛ قازاق، مۇڭغۇل، قىرغىز ۋە تاجىك چارۋىچىلىرى تاغلار ۋە تۈزلەڭ يايلاقلارنى ئىگەللىگەن؛ « شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش ئارمىيە كورپۇسى » يېڭى ئېچىلغان بوز يەرلەرنى ئىگەللىگەن ھەمدە سۇ مەنبەلىرىنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىنى كونترول قىلغان . سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىمكانىيىتى بار بولغان بوز يەرلەر ئاساسەن ئېچىپ تۈگىتىلگەن ئەھۋالدا. بۇ رايون خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو- سوۋېت مۇناسىۋىتى بۇزۇلغاندىن كېيىنكى چېگرا رايونلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرماسلىق سىياسىتى، چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلمەسلىك ۋە ئالدى بىلەن دېڭىز ياقىلىرىدىكى جايلارنى تەرەققى قىلدۇرۇش قاتارلىق سىياسەتلىرىنىڭ كاساپىتىدىن زامانىۋى سانائەت ئانچە تەرەققى قىلمىغان، يېزا ئىگىلىكى ئاساسەن ئادەم ئەمگەك كۈچى ۋە ئات - ئۇلاغقا كۆچىگە تايىنىدىغان ئەھۋالدا. « شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش ئارمىيە كورپۇسى » نىڭ يېزا ئىگىلىكى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۆچىگە تايىنىپ ئانچە -- مۇنچە ماشىنىلاشقان.

مۇشۇنداق بىر تەبىئىي شارائىت ئاستىدا خىتاي ھۆكۈمىتى خىتاي كۆچمەنلىرىنى مىلليونلاپ يۆتكەپ، بۇ يەرنى پۈتۈنلەي ئىگەللەپ خىتايلاشتۇرۇش ئۈچۈن (« خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ سابىق باش سېكرېتارى خۇياۋباڭ غەربىي شىمالنىڭ جۇڭگو نوپۇسىنىڭ 200 مىليوننى ئازادە سىغدۇرالايدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، 20- ئەسىرنىڭ ئاغرىغىچە يەنە شىنجاڭغا بەش مىليون كۆچمەن يۆتكەش پىلانىنى ئىشەنچلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. »، « تىنجىماس ئۇيغۇر دىيارى » دېگى مەلۇمات ) شۇ دەۋرلەردە پەقەت يەرلىك مىللەتلەرنى كۆپىيىشىنى كونترول قىلىشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىن باشلاپ، مىللىيلار ئۈچۈن پىلانلىق تۇغۇش سىياستىنى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇرلارغا بىر پەرزەنتلىك، قازاقلارغا ئىككى پەرزەنتلىك بولۇش تۈزۈمىنى بەلگىلىگەن ئىدى. لېكىن خىتاي ھۆكۈمتى ئۆزۈن ئۆتمەي مىللىيلارغا قاراتقان پىلانلىق تۇغۇش تەدبىرىنىڭ مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى، چۈنكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى يەنىلا كۆپەيدى. يەنە كېلىپ « شىنجاڭ » دا تىرىلغۇ يەر ۋە سۇ مەنبەسى شۇنچىلىكلا، ھەممىسى ئىشلىتىمەكتە. مۇنداق ئەھۋالدا يەرلىك مىللەتلەرنى بىر تەرەپ قىلمىسا، خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە ئۆزلىرىگە بېسىم بولىۋاتقان مىليونلىغان خىتايلارنى بۇ يەرگە يوتكەپ ئەكىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە كۆزى يەتتى.

نۆۋەتتە، خىتاي ھۆكۈمتى نەچچە يۈز مىللىيونلىغان ئۇشۇقچە نوپۇسنى شەرقىي تۈركىستان رايونىغا كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشتا بۇ رايوندا تۇرالغۇ جاي، تېرىلغۇ يەر ۋە سۇ مەنبەسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتە. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ « جەنۇبىنىڭ سۈيىنى شىمالغا يۆتكەش پىلانى » تىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سۇ ئىنشائاتىنىڭ ئىككىسى تاماملانغاندىن كېيىن ( بۇ سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ ئىككىسى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىن شىمالغا-- بېيجىڭ ۋە تيەنجىڭ رايونلىرى، يەنە بىرسى تىبەت ئېگىزلىكىدىكى سۇ مەنبەلىرىدىن سېرىق دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا قويۇلىدىغان سۇ ئىنشائاتى، بۇ سۇ ئىنشائاتىنىڭ قۇرۇلۇشى قىيىن، مۇرەككەپ ۋە تەننەرقى ئىنتايىن يۇقىرى بولغاچقا تېخى باشلانمىدى. ) خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە

شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەيدىغان سۇ مەنبەلىرى ئاساسەن قالمىدى. خەلقئارالىق قانونلارنىڭ بەلگىلىمىلىرى ۋە خەلقئارا جامائەتنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويۇشتىن ۋاقتىنچە ئەنسىرىگەن خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىچكى دەريالارنى پۈتۈنلەي بوغالماي تۇرغان ئەھۋالدا، خىتاي كۆچمەنلىرىگە ياشاش ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاش مەقسىتىدە، غەرەزلىك ھالدا « تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش »، « بۆلگۈنچىلىك »، « دىنىي ئاشقۇنلۇق »، « دىنىي ئەسەبىيلىك » ۋە «ئىككى يۈزلىمىچىلىك» دېگەندەك سىياسىي سەپسەتەلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىش بىلەن بىرگە، ئەينى زامانىسىدىمۇ شەرقىي تۈركىستاندا ھېچ بىر ئاساس سالالمىغان « پان تۈركىزم » ۋە « پان ئىسلامىزم » دېگەندەك تارىخىي ئارخىپقا كىرىپ كەتكەن سىياسىي سەپسەتەلەرنى قايتا كۆتۈرۈپ چىقىش ئارقىلىق ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق مۇسۇلمان تۈرك مىللەتلىرى، مۇسۇلمان تۇڭگان ۋە تاجىك مىللەتلىرى قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەرنى بۇ زېمىندىن يوقىتىشتىن ئىبارەت شۇم نىيەتكە كەلدى.

خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مىللەتلەرنى يوق قىلىشتىكى ئىستىراتېگىيىلىك رەزىل پىلانى شۇندىن ئىبارەتكى، بىر تەرەپتىن تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىنى زور دەرىجىدە قۇرۇپ تۇتقۇن قىلىشنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارچە بۇ مىللەتلەرنى بىر رەتتىن تۇتقۇن- تۇتقۇنلاپ تۇتقۇن قىلىش ئارقىلىق بۇ گۇناھسىز تۇتقۇنلارنىڭ بىر قىسمىنى تۈرمىلەردە ئۆلتۈرۈش، بىر قىسمىنى خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تۈرمىلەرگە يوتكەپ ئۆلتۈرۈش، بىر قىسىم « ئىپادىسى ياخشى » بولغانلارنى لاگېردەك زاۋۇت- كارخانىلاردا قۇل ئورنىدا ئىشلىتىش ۋە بىر قىسمىنى خامۇش قىلىپ جەمئىيەتكە قويۇپ بېرىش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتە تۇتقۇن قىلىنمىغان كىشىلەر ئۈچۈن مەخسۇس ئارخىپ ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشىنى تەكشۈرۈپ، « مەسىلە بار » ياكى « ھۆكۈمەتكە نارازىلىقى بار ئىكەن » دەپ تونۇغانلارنى داۋاملىق جازا لاگېرلىرىغا يوللاش بىلەن بىرگە ئېشىپ قالغان ئۆزلىرى « مەسىلىسى يوق » ۋە « يۇمشاق قولاق » دەپ تونۇغان كىشىلەرنى« پروگراممالاشتۇرۇلغان « ماشىنا ئادەم » لەرگە ئايلاندۇرۇپ قويماقچى.

بۇندىن سىرت خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى كەسكىن رەۋىشتە ئازايتىش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە مىليونلاپ خىتاي كۆچمەنلىرىنى ئۇلتۇراقلاشتۇرۇشقا جاي تەييارلاشتىن ئىبارەت رەزىل پىلانىنى ئەمىلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن تۈرمە ۋەجازا لاگېرى سىستېمىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ۋە داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ قۇرامىغا يەتكەن ياش ئەر- ئاياللارنى بولۇپمۇ بويىغا يەتكەن ياش قىزلارنى « ئېشىنچا » ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش « پەتۋا » سى بىلەن خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە يوتكىمەكتە.

يېقىندا خىتاي ھۆكۈمىتى قازاقىستان ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىپ، لاگېرلاردا تۇتقۇن قىلىنغان بىر تۈركۈم قازاقلارنىڭ قازاقىستاننىڭ دۆلەت تەۋەلىگىگە ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلدى. « بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ 9 - يانۋار ئالمۇتا شەھرىدىن بەرگەن خەۋرىدە ئېيتىلىشىچە، قازاقىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ لاگېرلاردىكى قازاق مەھبۇسلاردىن ئىككى مىڭ كىشىنى قويۇپ بېرىشكە ماقۇل بولغانلىقىنى ئېيتقان. قازاقىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئاخبارات ئىشخانىسى بۇ ھەقتىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ << بۇ ئىككى مىڭ كىشى قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ خىتاي ۋەتەنداشلىقى بىكار قىلىنىپ، قازاقىستان ۋەتەنداشلىقى ئىلتىماس قىلىشىغا يول قويۇلىدۇ >> دېگەن. ».

خىتاي ھۆكۈمىتى  شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرك مىللەتلىرىنى ئازايتىش  ۋە خىتاي كۆچمەنلىرىگە ياشاش زېمىنىنى تەييارلاش مەقسىتىدە شەرقىي تۈركىستانلىق بىر تۈركۈم قازاقلارنى قازاقىستانغا ھايدىۋېتىشنى ئاللاقاچان خېلى يىللار ئىلگىرى ئاستىرتىن پىلانلىغان ئىدى. ئەينى زاماندىكى خىتاي دۆلىتىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن قازاقىستان ھۆكۈمىتىدىن « شىنجاڭ » نىڭ قازاقىستانغا چېگرىداش جايلاردا ياشايدىغان قازاقلاردىن كۆپرەك ئادەمنى قوبۇل قىلىشنى ئۆتۈنگەن ئىدى. بۇ قېتىملىق بىر تۈركۈم قازاقلارنىڭ قازاقىستانغا كۆچۈشى ئەمەلىيەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاستىرىن پىلانلىغان قازاق تۈركلىرىنى « شىنجاڭ » دىن ھايداپ چىقىرىشتىن ئىبارەت بولغان پىلانىنىڭ ئەمەلىيلىشىنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت، خالاس.

## « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە » نىڭ « ئاسسىمىلياتسىيە »  قىلىنىشى

1949- يىلى دېكابىردا  خىتاي كومپارتىيىسى شەرقىي تۈركىستاندا ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەندىن كېيىن شۇ ۋاقىتدىكى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى، خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بولغان دوستلۇق مۇناسىۋېتى قاتارلىق سىياسىي ئامىللار ھەمدە ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋېلىشىگە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىر مەزگىل ۋاقىتقا مۇھتاج بولغاچقا، يەرلىك مىللەتلەرگە بولغان ئاسسىمىلياتسىيىسىنى كەسكىن باشلىۋەتمەستىن، يەرلىك مىللەتلەرنى  ۋاقتىنچە خاتىرجەم قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى يەككە-يەككە ھالدا باشقۇرۇش ۋە يەرلىك مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆزئارا ئىتتىپاقسىزلىق ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىش ئارقىلىق باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك تاكتىكىنى قوللىنىپ،  ئۇلارغا شەكلى « ستالىنچە »، مەزمۇنى « ماۋزېدوڭچە» بولغان ھەر دەرىجىلىك « مىللىي تېررىتورىيىلىك  ئاپتونومىيە » قۇرۇپ بەرمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار « قىزغىن » باشلىنىپ كەتتى.

1951- يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى غەربىي شىمال مىللىي ئىشلار كومىتېتى « شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قۇرۇشقا دائىر پىكىر ئېلىش » ئۈچۈن « شىنجاڭ » دىكى بىر قىسىم مىللىي مەسئۇل كىشىلەرگە ئالەقە ئەۋەتىپ، «شىنجاڭ » نىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋالى ھەققىدە ماتېرىيال يېزىپ بېرىشنى ئوقتۇرغان.  شۇ يىلى مارتتا شۇ خىل ئالەقىنى تاپشۇرۇپ ئالغان  قېيۇمبەگ خوجا ( ھاكىمبەگ خوجىنىڭ ئوغلى )  تەرىپىدىن غۇلجىدا چاقىرىلغان پىكىر ئېلىش مەجلىسىدە مەجلىس ئىشتىراكچىلىرى بىردەك ئوتتۇرغا قويغان شەرقىي تۈركىستان « كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر ئاپتونوم رېسپۇبلىكىسى بولۇشى كېرەك » دىن ئىبارەت پىكىرى خىتاي كومپارىيىسىنىڭ « شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى » تەرىپىدىن كەسكىن رەت قىلىنىپ، مەجلىس ئىشتىراكچىلىرىگە زەربە بېرىلدى.

1956- يىلغىچە « شىنجاڭ » دا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ جىسمى ئىسمىغا زىت بولغان « نامى ئۇلۇغ، سۇپۇرسى قۇرۇق » بولغان « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مەمۇرىيەت » لىرى قۇرۇلدى.

نىمە ئۈچۈن « شىنجاڭ » دىكى ئۇيغۇر مىللىتىگە سوۋېت ئۇسلۇبىدىكى رىسپوبلىكا بېرىلمىگەنلىكى ھەققىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باش مىنىستىرى 1957- يىلى چىڭداۋدا ئېچىلغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەققىدىكى بىر يىغىندا سۆزلىگەن بىر مۇھىم نۇتقىدا مۇنداق چۈشەندۇرۇش بەرگەن: « نېمە ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەتلەرگە سوۋېت ئۇسلۇبىدىكى رىسپوبلىكا بېرىلمىگەنلىكىنى ئۆتمۈشكە نەزەر سالغان ھالدا ئىزاھلىغان. بىر مىللىي رىسپوبلىكا ئۆز- ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدىغان بولىشى ۋە سانى كۆپ بولغان بىر مىللەت بىلەن چىقىشىپ ئۆتىشى كېرەك. شىنجاڭدا ئون ئۈچتىن كۆپرەك مىللەت بار. ھەممىسى ئاساسەن << تارىختا بۈگۈنگە قەدەر تونۇلۇپ باقمىغان. >> جۇئىنلەي قارىماققا موڭغۇللار، ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەرنىڭ ئاللىقاچان ئۆزىگە خاس دۆلەتلىرى بولغانلىقىدىن خەۋەرسىز بولسا كېرەك. » *(ئەنگلىيە، كرىستىين تايلى: « تىنجىماس ئۇيغۇر دىيارى » دىن، 2006- يىل نەشرى).*

خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ « تېررىتورىيىلىك مىللىي ئاپتونومىيە تۈزۈمى » نىڭ بۇنداق شەكىل ۋە مەزمۇندا بولىشىنىڭ سەۋەبى : « 1921- يىلى پارتىيە قۇرۇلغاندىن تارتىپلا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئۆز- ئۆزىگە غوجا بولۇش ھوقۇقى بېرىش مەسىلىسى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ ياش پارتىيە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك (جۇڭخۇا)، تىبەت، موڭغۇلىيە ۋە شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا جۇڭگو قوشما شتاتلىرى قۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلغان. 1931- يىلى تۈزۈلگەن قانۇن لايىھەسىدە ئەگەر ئۇلار مۇستەقىللىقنى خالىسا مەيلى، بولسۇن دېگەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئۇلارغا ئۆز- ئۆزىگە غوجا بولۇش ھوقۇقى بېرىش ۋەدە قىلىنغان. بۇ موڭغۇللار، تىبەتلەر، ئۇيغۇرلار، مياۋزۇلار ۋە چاۋشيەنزۇ قاتارلىقلارغا قارىتىلغان. ئەمما 1935- يىلى ماۋزېدۇڭ باشلىق بولغاندىن كېيىن بۇ مۇھىم نۇقتا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. تاكى بۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە تەكرار- تەكرار ئۆزگەرتىلدى. » *(« تىنجىماس ئۇيغۇر دىيارى »)*

گەرچە خىتاي كومپارتىيىسى « شىنجاڭ » دىكى يەرلىك مىللەتلەرگە « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە » بەرگەن بولسىمۇ، بۇ ئەمىلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىشىنىڭ باشلىنىشى بولدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا بەلگىلەنگەن، مىللىيلار بەھرىمان بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقلاردىن يەرلىك مىللەتلەرنىڭ بەھرىمان بولۇشى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بۇ ھوقۇقلار يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەمىلىي ئىجرا قىلىنىشتىن قىلىنىشقا باشلىدى. ھەممە ئىشتا خىتايلار بىرىنچى بولۇپ كەلدى. كۆپ ئىشلاردا مىللىيلارغا خىتايلارغا ئوخشاش تەلەپ قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىشتا پۇرسەتلەرنىڭ ھەممىسىنى خىتايلار ئىگەللەپ ئالدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى يەرلىك مىللەتلەرنى « مىللىي ئاپتونومىيە » يىڭلەر بار دەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، بۇ يەرلەرنىڭ مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ نىسپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن خىتاي كۆچمەنلىرىنى خالىغانچە كۆچۈرۈپ ئەكىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى قورشىدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقلىرىنى خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە يوتكىدى. چېگرا رايوننى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىيالىغىمۇ كەلمىدى.

1949- يىلدىن ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا يەرلىك مىللەتلەر ئىگەللىگەن. خىتايلار بۇ يەردىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ پەقەت 5% ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، 200 مىڭ ئەتراپىدا خىتاي بار ئىدى. ھازىر بۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسملار ۋە « شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قورۇلۇش ئارمىيە كورپۇسى » نىڭ نوپۇسىنى ھىساپلىمىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلارنىڭ نوپۇسى % 45 دىن

ئېشىپ كەتتى. («شىنجاڭ» نىڭ نوپۇسى ھەققىدىكى ئومۇمىي مەلۇمات مەزكۇر كىتابنىڭ « يەرلىك مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىنى تىزگىنلەش » دېگەن بۆلۈمگە قارالسۇن. )

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ « شىنجاڭ » دىكى ھەر قايسى يەرلىك مىللەتلىرىگە ئاتالمىش « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مەمۇرىيەت» لىرىنى قۇرۇپ بېرىپ، ھەر قايسى يەرلىك مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆزئارا ئىتتىپاقسىزلىق ۋە ئۆچمەنلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، يەرلىك مىللەتلەر ئارىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورىدى. خىتايدا دائىرلىرى « بىر مىللەت بىلەن يەنە بىر مىللەتنى نازارەت قىلىش» تىن ئىبارەت ئىستىراتېگىيىلىك تاكتىكىنى قوللاندى. « قازاقلارنى كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنى بېسىش » تەدبىرىنى ئىشلىتىپ، بۇ قېرىنداش تۈرك قوۋملىرى ئارىسىدا زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقى ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلىرىنى بوزۇپ كەلدى.

خىتاي دائىرلىرى ھەر قايسى« مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە» **لەرنىڭ** « مىللىي ئاپتونومىيە » تۈزۈمگە خىلاپ ھالدا بۇ « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مەمۇرىيەت » لەردە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خىتاي كادىرلىرىنى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا قويدى. يەنە « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى » غا خىلاپ ھالدا « ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون » دەرىجىلىك ئىدارە- ئورگانلاردا ھاجىتى بارمۇ-يوقلىقىغا قارىماي، قازاق مىللىتىدىن بىر قىسىم كادىرلارنى رەھبەرلىك ئورنىغا غەرەزلىك ۋە مەقسەتلىك ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئۇيغۇر رەھبىرى كادىرلارنى ئۇلار ئارقىلىق نازارەت قىلدى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتى شۇنىدىن ئىبارەتكى، بىرىنچىدىن ئۆزى - ئۆزىگە خوجا بولۇپ، ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش؛ مىللىي كادىرلار ئەمەلىي ھوقۇقتا بولۇش ۋە مەمۇرىيەتتە مىللىي كادىر- خىزمەتچىلەر خىزمەت قىلىش؛ ئىككىنچىدىن مىللىي تىل- يېزىقنى مىللىي ئاپتونومىيە تېررىتورىيىسىنىڭ ھەممە يېردە بىر تۇتاش ئىشلىتىش؛ ئۈچىنچىدىن يەرلىك مىللىي ئىقتىسادىنى تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە يەر ئاستى- ئۈستى بايلىقلىرىنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىش؛ تۆتىنچىدىن مىللىي مەدەنىيەت- مائارىپنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت . لېكىن بۇ تۆت جەھەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك « ئاسسىمىلياتسىيە » ئىشلىپ بېرىلدى.

**ئۆزى - ئۆزىگە خوجا بولۇپ ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش،**
**مىللىي كادىرلار ئەمەلىي ھوقۇقتا بولۇش،**
**مەمۇرىيەتتە مىللىي كادىر- خىزمەتچىلەر خىزمەت قىلىش**
**جەھەتلەردىكى « ئاسسىمىلياتسىيە »**

« مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى » دا ئۆزى - ئۆزىگە خوجا بولۇپ ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش، مىللىي كادىرلار ئەمەلىي ھوقۇقتا بولۇش ۋە مەمۇرىيەتتە مىللىي كادىر- خىزمەتچىلەر خىزمەت قىلىش جەھەتتە كونكرېت بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ھېچبىر ماددىسى ئەمەلىيلەشمەي، ئىشلار بۇ ماددىلارغا زىت ھالدا ئىجرا قىلىنىپ، مىللىي ئاپتونومىيلىك تېررىتورىيە ئىچىدە « ئاسسىمىلياتسىيە » ئېلىپ بېرىلدى.

1949- يىلدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ھەرىكەتلەر بولۇپمۇ 1958- يىلدىكى « يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى » دە ھەر قايسى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مىللەتپەرۋەر زىيالىيلىرىغا زەربە بېرىلدى. 1962- يىلدىكى « رېۋىزىئونىزمغا قارشى تۇرۇش كۇرىشى » دە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىن قالغان مىللىي رەھبىرى

كادىرلارغا زەربە بېرىلدى. 1966-- 1976- يىلغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئاتالمىش « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ئۇنسۇرلارنى يوقىتىش » شوئارى ئاستىدا يەرلىك مىللەت كادىر ۋە زىيالىيلىرىغا ئومۇميۈزلۈك زەربە بېرىلدى.

بۇ « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مەمۇرىيەت » لەرنىڭ بىرىنچى قوللىرى گەرچە مىللىيلاردىن بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەملىي ھوقۇق يەنىلا پارتىيە سېكرېتارىنىڭ قولىدا ئىدى. مىللىي بىرىنچى قولنىڭ ۋەزىپىسى پارتىيە سېكرېتارى بىلەن يەرلىك خەلق ئوتتۇرىسىدا « تەرجىمانلىق » قىلىشتىن ئىبارەت بولدى، خالاس.

مەدەنىيەت ئىنقىلاب دەۋرىدىكى قالايمىقانچىلىق يىللىرى خىتاي كومپارتىيە مەركىزى كومىتېتى ئۆز ئىچىدىكى ئاۋارىچىلىقلارغا پېتىپ قالغان چاغدا سەيپىدىن ئەزىزى گەرچە بىر مەزگىل « ش ئۇ ئا ر پارتكوم » نىڭ سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا مەركەزنىڭ قاتتىق كونتروللىقى ئاستىدا بولغان. ئۇنىڭ بۇ پارتىيە سېكرېتارلىق « ئالىي ھوقۇقى » مۇ ئۇزۇنغا بارماي ئاياقلاشتى، چۈنكى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ « تۆت كىشلىك گۇرۇھ » قا ئەگىشىپ قىلىش ۋەجىدىن ئۇنىڭ بارلىق ئەملىي ھوقۇقلىرى دېك شياۋ پىڭ تەرىپىدىن ئېلىپ تاشلاندى.

مەمۇرىيەتتە بىر قانچە مىللىيلارغا ئەمەل بېرىپ ئۇلتۇرغۇزۇپ قويغان بولسىمۇ ، بۇ مىللىي ئەمەلدارلارنىڭ ھېچ قانداق ئەملىي ھوقۇقى يوق، پەقەت « خوجا كۆرسۇن » ئۈچۈن بولدى. « بىر مىللىي ئەمەلدار مۇنداق دېگەن ئىكەن : << مەن ئىشخانامدا كىتاب ۋە گېزىت ئوقۇپ ئولتۇرىمەن. چۈنكى مېنىڭ بېجىرىدىغان ئىشىم يوق. ئۇلار بىزنىڭ ئىشخانىدا بېجىرىلگەن ئىشلارنىڭ پەقەت بەش پىرسەنتىنىلا ماڭا بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە مەن نامدىكى مۇئاۋىن باشلىق. >> » *. ( « تەنجىماس ئۇيغۇر دىيارى» دىن).*

بۇ ھەر دەرىجىلىك « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە » لەردە ئاساسىي ئىش بېجىرگۈچىلار خىتاي كادىر- خىزمەتچىلەر بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن ئىدارە- ئورگانلارنىڭ ئىشخانىلىرىنى ئىگەللىگەن. بۇ خىتاي خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىلىگىدىن قىلىدىغان ئىشى يوق، ئەتىگەندىن كەچكىچە قايناق سۇ ئىچىپ ، گېزىت ئوقىغىنى- ئوقىغان ئىدى. مىللىيلارنى خىتايچىنى ياخشى بىلمەيدۇ دەپ خىزمەتكە قوبۇل قىلمىغان. ئىشقا قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ تۆزۈك ئىش بەرمىگەن. كېيىنكى يىللاردا ئىدارە- ئورگان، زاۋۇت- كارخانىلارغا ئىشچى- خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئوقتۇرۇش- ئېلانلىرىدا « مىللىيلار قوبۇل قىلىنمايدۇ » دېگەندەك جۈملىلەر كۆرۈلۈشكە باشلاندى.

ئەينى زاماندا گەرچە خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا « ئاپتونوم رايونى » قۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ « ئاپتونوم رايون » نى نازارەت ۋە كونترول قىلىش ھەمدە يەرلىك مىللەتلەرنى باستۇرۇش مەقسىتىدە « شىنجاڭ » نىڭ ئىچىدە جۇڭخۇا مىنگو دۆلىتىنىڭ تەسلىم بولغان قالدۇق قوشۇنلىرىدىن تەركىپ تاپقان قوراللىق مەمۇرىي تەشكىل-- « شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قورۇلۇش كورپۇسى » نى قۇرغان ئىدى. بۇ مەمۇرىي- ھەربىي تەشكىلىنىڭ مەمۇرىي دەرىجىسى يېقىنقى يىللاردا « مىللىي تېررىتورىيىلىك مىللىي ئاپتونومىيە » دىن ئىبارەت مەمۇرىيەت بولغان ئۆلكە دەرىجىلىك « « ش ئۇ ئا ر » نىڭ ئىچىدە « ئۆلكە » دەرىجىگە كۆتۈرۈلدى.

2019- يىلىنىڭ باشلىنىشلا بىلەن خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى « ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى » نىڭ ھوقۇقلىرىنى تېخىمۇ چەكلەش ۋە تارايتىش مەقسىتىدە « ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى » گە بەرگەن بۇيرۇقىغا ئاساسەن « ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى » « ئاپتونوم رايون ھوقۇقلىرى » دائىرىسىدىكى 150 خىلىغا يېقىن مەمۇرىي ۋە قانۇن ئىجرا قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك چوڭ يول قاتنىشى، ئامانلىق ۋە ئوت ئۆچۈرۈشنى باشقۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى «

مىللىي ئاپتونوم رايون تېررىتورىيىسى» ئىچىدىكى « ئاپتونوم رايون » نى نازارەت ۋە كونترول قىلىدىغان ۋە يەرلىك مىللەتلەرنى باستۇرۇدىغان « شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قورۇلۇش كورپۇسى » غا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

**مىللىي تىل- يېزىقلارنىڭ « ئاسسىمىلياتسىيە» قىلىنىشى**

مىللىي تىل- يېزىقنى « مىللىي ئاپتونومىيە تېررىتورىيىسى » نىڭ ھەممە يېرىدە بىر تۇتاش ئىشلىتىش جەھەتتە « ئاسسىمىلياتسىيە » قىلىندى.

ھەر دەرىجىلىك « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مەمۇرىيەت » لەر قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا ھەر قايسى « مىللىي ئاپتونومىيە » ھوقۇقلىرىغا ئىگە بولغان يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىل- يېزىقلىرى بىر قەدەر قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مىللىي تىل- يېزىقلارنى ئىشلىتىشتە رادىكال ئۆزگۆرۈشلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. گەرچە « ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى » نىڭ « ش ئۇ ئا ر ھۆكۈمىتى » نىڭ ھۆججەتلىرى ئۇيغۇرچە ۋە خىتايچە تارقىتىلسۇن » دېگەن قارارى بولسىمۇ، لېكىن ھەر قايسى مىللىي تىل- يېزىقلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىدارە- ئورگانلىرىدا قوللىنىشى ئاستا- ئاستا ئەمەلدىن قىلىشقا باشلىدى. « خوڭ تو ۋېن جەن »( قىزىل سەرلەۋھىلىك ھۆججەت ) لەر خىتاي يېزىقىدىلا تارقىتىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىشقا باشلىدى. ئىدارىلاردىكى « تەرجىمانلار ئىشخانىسى » قىسقارتىلىشقا يۈزلەندى. مىللىي كادىر- خىزمەتچىلەر خىتايلار بىلەن بىللە مەجلىس ئاچىدىغان بولدى. باشلانغۇچ- ئوتتۇرا مەكتەپلەردە « قوش تىللىق ئوقۇتۇش » يولغا قويۇلۇپ، مىللىي تىلدا ئوقۇتۇش دائىرىسى بارغانسىرى تارىيىپ باردى. دەسلەپكى يىللاردا تېخنىكۇم - ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئۇيغۇر تىل- يېزىقىدا ئوقۇتۇش خىلى ئومۇملاشقان بولسىمۇ، لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەردىن باشقا پەنلەر ھەممىسى خىتاي تىلىدا ئوقۇتۇشقا يۈزلەندى. خىتاي تىلىنى ياخشى سۆزلىيەلمەيدىغان مىللىي ئوقۇتقۇچىلار پىنسىيىگە چىقىرىلدى.

2017-يىلدىن باشلانغان شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ئىنسانىيەتكە قارشى قاباھەتلىك ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن بۇيان بۇ رايوندىكى بارلىق مىللىي يېزىقلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. پۈتۈن مىللىي جەمئىيەتتە خىتاي تىل- يېزىقى قوللىنىشقا باشلاندى. ھەتتا ئۆيلەردىمۇ خىتايچە سۆزلەش قاتارلىق ئىشلار تەشۋىق قىلىنىشقا باشلاندى. مەنىسىزلىك شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، 70 ياشلىق بوۋايلارمۇ « دۆلەت تىلى » نى بىلىشى كېرەك ،دەپ خىتاي تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلاندى. مىللىي كادىرلار مىللىي ئاممىغا ئاۋۋال خىتايچە سۆزلەپ، ئاندىن ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغان ئەھۋاللار سادىر بولۇشقا باشلاندى.

**مىللىي مەدەنىيەت - مائارىپنىڭ « ئاسسىمىلياتسىيە » قىلىنىشى**

ئەينى زامانىسدا ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت -مائارىپ ۋە ئەدەبىيات-سەنئىتى نىسپىي ھالدا تەرەققى قىلسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن رامكا ۋە چەكلىمىلەردىن خالى بولالمىدى.

1966 -- 1976- يىلغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئاتالمىش « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا « تۆت كونىنى بۇزۇش » دېگەن شوئارنىڭ نامىدا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات- سەنئىتى ۋەيران قىلىندى. ھەر قايسى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد مەشغۇلاتى ۋە پائالىيەتلىرى چەكلەندى. تۈرك مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتلىرى ۋە باشقا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئىبادەتخانىلىرى بۇزۇپ چىقىلدى.

گەرچە « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم » رايوندا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى خىتايلارغا كۆرە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى ئەزەلدىن خىتاي ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساندىن ئاز بولۇپ كەلدى. خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە شۇنچىلىك كۆپ ئالىي مەكتەپلەر تۇرۇقلۇق خىتاي دائىرلىرى « شىنجاڭ » دىكى بار- يوقى بىر قانچە ئالىي مەكتەپلەردە مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇش پۇرسىتىنى يېتەرلىك بەرمەي، خىتاي ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن توشقازدى.

« 1985- يىلدىكى ستاتىستىكا مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا ھەر 10000 مىڭ كىشى بۇيىچە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن خىتاي ئوقۇغۇچىلار 42 نەپەر بولغان بولسا، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار 18 نەپەر، قازاق ئۇقۇغۇچىلار 23 نەپەر بولغان. 1990- يىلدىكى ستاتىستىكا مەلۇماتتا بولسا، ھەر10000 مىڭ كىشى بۇيىچە ھىساپلىغاندا ئالىي مەكتەپلەردە 15.5 نەپەر خىتاي ئوقۇغۇچىسى بولغان بولسا، تۈرك ئوقۇغۇچىلار 7 نەپەر بولغان. » *( سۇلتان مەخمۇت قەشقىرى : « خىتاي دائىرلىرىنىڭ 20- ئەسىردىكى خىتاي كۆچمەنلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈش سىياستى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى » دىكى مەلۇمات ، « شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى » ژورنىلى، 28- سان، 1990- يىل نەشرى ).*

بولۇپمۇ 2017-يىلدىن باشلانغان شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرك مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات- سەنئىتى خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بىتچىت قىلىنىپ، خىتاي مەدەنىيىتى شەرقىي تۈركىستانلىق تۈرك مىللەتلىرىگە زورلاپ تەرغىپ قىلىنىشقا باشلاندى.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى تەشۋىق قىلىنمايدىغان بولدى. سەنئەت جەھەتتە ئۇيغۇرلارنى خىتايلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا ھازىرقى زاماندا خىتايلار ئۆزلىرىمۇ كىيمەيدىغان، موزېيلارغا كىرىپ كەتكەن قەدىمكى زامانلاردىكى كىيىم- كېچەكلىرىنى كىيگۈزۈپ، ھازىرقى زاماندا ئۆزلىرىمۇ ئوينىمايدىغان ئۇسسۇللىرىنى مەجبۇرىي ئويناتماقتا ۋە ئۆزلىرىمۇ چالمايدىغان چالغۇلىرىنى مەجبۇرىي چالدۇرماقتا.

ھەر قايسى رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىستانسىيەلىرىدە ساقلانغان مىللىي مەدەنىيەتكە دائىر ئاڭلىتىش لېنتىلىرى ۋە ۋىدېئو - سىنئالغۇ فىلىم لېنتىلىرى كۆيدۈرۈلماقتا. ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىزلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىگە ئائىت ھېچ قانداق يېڭى پروگرامما ۋە كونسېرتلار كۆرستىلمەيدىغان ۋە ئاڭلىتىلمايدىغان بولدى.

مائارىپ جەھەتتىكى « ئاسسىمىلياتسىيە » مەكتەپلەردە « قوش تىللىق ئوقۇتۇش » ۋە ئالىي مەكتەپلەردە مىللىي ئوقۇتقۇچىلار خىتاي تىلى بىلەن دەرس ئۆتۈش مەجبۇرلانغاندىن باشلاپ رەسمىي رەۋىشتە باشلانغان ئىدى. نۆۋەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا مىللىي مائارىپ ئۇيغۇر جەمىيىتىدىن پۈتۈنلەي غايىپ بولدى.

**يەرلىك مىللىي ئىقتىسادنى تەرەققى قىلدۇرۇش،**
**يەر ئاستى- ئۈستى بايلىقلىرىنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىش**
**جەھەتلەردىكى ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقلاردىن مەھرۇم قىلىش**

يەرلىك مىللىي ئىقتىسادنى تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە يەر ئاستى-ئۈستى بايلىقلىرىنى ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىكى ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقلار پۈتۈنلەي بىر چەتكە قايرىلىپ قويۇلدى.

1949- يىلى خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلغاندىن كېيىن ئەسلى ئانچە تەرەققى تاپمىغان بۇ رايوننى تەرەققى قىلدۇرۇشنىڭ ئورنىغا بايلىقلىرىنى تىنىپ كەتكەن بۇ جاينىڭ بايلىقنى خالىغانچە بۇلاڭ- تالاڭ قىلىشقا باشلىدى. ( شەرقىي تۈركىستاننىڭ نېفت ۋە يەر ئاستى گاز زاپىسى « خىتاي دۆلىتى » نىڭ نېفت ۋە يەر ئاستى گاز زاپىسىنىڭ 1/3، كۆمۈر زاپىسى % 40 ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشى % 60 نى ئىگەللەيدۇ. ). بۇ يەرنىڭ بايلىقلىرىنى-- كان بايلىقلىرى، يېزائىگىلىك، چاۋرىچىلىق ۋە ئورمانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى بولۇپمۇ نېفت، گاز ۋە نادىر مىتاللىرىنى، قىسقىسى، قولىغا چىققۇدەك نەرسە بولسىلا، ئۆزلۈكسىز ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشىدى.

خىتايدا « ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش» قاتارلىق بىر قاتار يېڭى سىياسەتلەر يولغا قويۇلغاندىن كېيىن گەرچە خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى چوڭ غەربىي شىمالنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت كاتتا پىلاننى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ دېڭىز بويلىرىنى ئەۋۋەل تەرەققى قىلدۇرۇشدىن ئىبارەت پىلانىدىن ۋاز كەچمەلمەي، بۇ چوڭ غەربىي شىمالنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت « ئۇلۇغۋار» پىلانى قەغەز ئۈستىدىلا قالدى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ « چېگرا رايون » لىرىنى تەرەققى قىلدۇرماسلىق سىياسىيتى بولۇپمۇ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋېتىنىڭ بۇزۇلىشى تۈپەيلى گەرچە « شىنجاڭ » دا « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى » يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، يەرلىك مىللىي ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا پۈتۈنلەي كۆڭۈل بۆلۈنماي، پەقەت يەرلىك مىللەتلەرنى كونترول قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50- يىللارنىڭ بېشىدا قۇرۇلغان بىر قانچە زاۋۇت- كارخانىلاردىن باشقا تا 80- يىللارغا قەدەر ھېچقانداق يېڭى بىر زاۋۇت- كارخانىلار قۇرۇلمىدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىكى « ش ئۇ ئا ر پاركوم » سېكرېتارى سوڭ خەنلياڭ خىتاي مەركىزى ھۆكۈمەتتىن « شىنجاڭ » دىن چىقىدىغان نىفتىنىڭ 3% نى « شىنجاڭ» نىڭ تەرەققى قىلدۇرۇش ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان.

« ش ئۇ ئا ر ھۆكۈمىتى » ئېلان قىلغان 1992- يىللىق ستاتىستىكا مەلۇماتىدا « شىنجاڭ » دىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق كىرىمى 740.44 يۈەن ( 88$ )، چارۋىچىلارنىڭ 638.79 يۈەن( 76$)، دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ 2742 يۈەن ( 330$ ) بولغان. *(تۆمۈر داۋامەت : « سۆيۈملۈك يۇرتۇم » ، 1993- يىل نەشرى).*

« < خىتاي دۆلەتلىك ستاتىستىكا ئىدارىسى ئىككى كۈن ئاۋۋال خىتايدىكى 31 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە چوڭ شەھەرنىڭ 2018- يىلدىكى دەسلەپكى 3 ئايلىق كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم كۆرسەتكۈچىنى ئېلان قىلدى. >، < خىتاي دائىرىلىرىنىڭ كۆرسەتكۈچىدە كۆرسىتىلىشىچە، تىبەت بىلەن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خىتايدىكى كىرىمى ئەڭ تۆۋەن رايون بولۇپ، 30- ۋە 31- ئورۇننى ئىگىلىگەن. شاڭخەي شەھىرى خىتايدىكى پۇقرالارنىڭ كىرىمى ئەڭ يۇقىرى شەھەر بولۇپ، پۇقرالارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان 3 ئايلىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 17 مىڭ 277 يۈەن دەپ ئېلان قىلىنغان. < خىتاي ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ كۆرسەتكۈچىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى پۇقرالارنىڭ بۇ يىلنىڭ دەسلەپكى 3 ئېيىدىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 4593 يۈەن، تىبەتنىڭ 3136 يۈەن ئىكەن. > ».

«سز برىتانىيەدىن 7 ھەسسە چوڭ زېمىننى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ. ئۇنىڭ نېفىت زاپىسى ئىراق بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك مول، ئۇنىڭ كۆمۈر زاپىسى گېرمانىيەنىڭكىدىنمۇ كۆپ. يەنە كېلىپ، دۇنيادىكى پاختىنىڭ بەشتىن بىر قىسمى مانا بۇ يەردە ئىشلىنىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ بۇ يەر يەنىلا قەلەندەر. ئۇ يەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى بوتسۋانا بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك. ئۇ يەر پارتلاش ئالدىدا تۇرغان بومبا. ئۇيەردىكى خەلق ئاساسەن ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ. بىر گۇرۇپپا بارلىق ھوقۇق ۋە بايلىققا ئىگە. يەنە بىر گۇرۇپپا بولسا گۇلاگلارغا سولىنىپ، قانداق قىلغاندا بايىراق گۇرۇپپىغا ئوخشاش بولۇش ھەققىدە قايتا تەربىيەلەنمەكتە›› ( « ئىقتىسادشۇناس» نىڭ ژورنىلىنىڭ 2020- يىللىق يانۋار سانى )

« < خىتاي خەۋەرلەر تورى > نىڭ 2- ئايرېلدىكى سانىدا 2018- يىلى بىر يىل ئىچىدە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن تېز يۈكسەلگەنلىكى، بىڭتۈەن ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىغا سېلىنغان ئومۇمىي سېلىنمىنىڭ 160 مىليارد يۈەنگە يېقىنلاشقانلىقى خەۋەر قىلىندى، < ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئېلشات ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، خىتاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان بىڭتۈەنگە سالغان ئىقتىسادىي مەبلىغىنى بارغانچە كۆپەيتىشى، بولۇپمۇ بىڭتۈەننىڭ جەنۇبىي ئۇيغۇر رايوندىكى دېۋىزىيە ۋە پولكلىرىغا كۆپلەپ مەبلە غ سېلىشى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ھوقۇق دائىرىسىنى بارغانچە تارايتىدىكەن. شۇنداقلا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننى بىڭتۈەننىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشنى مەقسەت قىلىدىكەن. > ».

شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەيەردىن يەر ئاستى بايلىقلىرى چىقسا، شۇ جايدىكى يەرلىق خەلقلەر ئىلگىرى باشقا جايلارغا كۆچۈرۈلگەن بولسا، نۆۋەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتا شۇ جاينىڭ ئۆزىدىكى ياكى خىتاى دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى تۈرمە ۋە جازا لاگېرلارغا تاشلىنىپ ئۆلتۈرۈلمەكتە. يېزا ئىگىلىكمۇ تەرەققى تاپمىدى. مىللىيلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىدە يوكسىلىشلار ناھايىتى ئاز بولدى. بولۇپمۇ يېزا - قىشلاقلاردا دېھقان- چارۋىچىلار يېرىم تۈق ، يېرىم ئاچ يۈردى. شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن خىتاي ئاقىۋنلار باي بولدى، يەرلىك مىللەتلەر تېخىمۇ نامراتلىشىپ كەتتى.

قىسقىسى، بۇنداق « نامى ئۇلۇغ، سۈپۈرسى قۇرۇق » بولغان « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى » ئاستىدا ھەممە ئىشتا خىتايلار بىرىنچى بولۇپ، پۈتۈن ئەۋزەللىكلەردىن بەھرىمان بولدى. ياخشى خىزمەت ئورۇنلىرى خىتايلار تەرىپىدىن مونوپۇل قىلىندى. مىللىيلار « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى » ئاستىدا بەھرىمان بولىدىغان ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسىدىن قۇرۇق قالدى. ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇش، خىزمەت قىلىش ۋە چەت ئەللەر چىقىپ ئوقۇش، چەت ئەللەرگە دۆلەت تەرىپىدىن ئېكسكۇرسىيە چىقىش، چەت ئەللەر بىلەن سودا قىلىش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ھەمدە چەت ئەللەردە دىپلوماتىك ۋەزىپىلەردە بولۇش قاتارلىق بارلىق جەھەتلەردىن خىتاي دائىرلىرىنىڭ قاتتىق چەكلىمىلىرىگە ئۇچرىدى.

يەنە قىسقىسى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق ئەمر- پارمانلىرى ۋە سىياسەتلىرىگە يېتەكچىلىك رولىنى ئويناپ كەلگەن ماۋزېدوڭ ئىدىيىسى -- يازغان ئەسەرلىرىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىللىرىنىڭ 22% رۇجىيا ئىدىيىسى (儒家思想 ) ، % 12 داۋجىيا (道家 ) ياكى موجىيا (墨家) ئەسەرلىرى ۋە % 13 خىتاي رىۋايەتلىرى ياكى خىتاي ئەدەبىياتىدىكى نەرسىلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن ماۋزېدوڭ ئىدىيەسىمۇ خىتاي فېئودال ھۆكۈمرانلىرىنىڭ باشقا

مىللەتلەرنى يوقىتىش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش مەپكۇرىسىدىن خالى بولالمىغان. *( دىك. ۋىلسون : « ماۋزېدوڭ »، دىكى مەلۇمات ، (英国，迪克. 威尔逊 <u>毛泽东</u> 2000 年版*

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، « شىنجاڭ » دا قورۇلغان بۇ جا ئالتون ھەل بىلەن يالتىلغان، جىسمى ئىسمىغا زىت بولغان « نامى ئۇلۇغ، سۈپۈرسى قۇرۇق » بولغان « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مەمۇرىيەت » لىرى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ، قۇرۇپ بەرگۈچىلەر-- خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ قۇرچاق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن « ئاسسىمىلياتسىيە » قىلىنىپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مەزكۇر « ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون » خىتاي ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سېپى ئۆزىدىن بولغان « خىتاي ئاپتونوم رايونى » غا ئايلىنىپ قالدى.

## تۈرلۈك سىياسىي ھەرىكەتلەر ئارقىلىق مىللىي كادىر ۋە زىيالىيلارنى باستۇرۇش

خىتاي پۈتۈن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىي ماقۇللىغان دۆلەت كونستىتۇتسىيىسىدە بەلگىلەنگەن پۇقرالارنىڭ نۇتۇق سۆزلەش، يىغىلىش ۋە نامايىش قىلىش قاتارلىق كىشىلىك ھوقۇقلىرى بولسىمۇ، بۇ ھاكىممۇتلەقلىق دۆلەتتە بۇ ھوقۇقلار پەقەت قەغەز ئۈستىدە قالغان بولۇپ، ھېچقاچان ھېچكىم بۇ كىشىلىك ھوقۇقلاردىن بەھرىمان بولۇپ باققان ئەمەس. خىتايدا كىمكى خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ قولىقىغا خۇش ياقمايدىغان گەپ قىلىپ قويسىلا، شۇ زامان نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىنغان.

خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشى بىلەنلا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، مۇڭغۇل ۋە تۇڭگان قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھەر قانداق ھەققانىي سىياسىي پائالىيەت - ھەرىكەتلىرى جۇملىدىن مىللىي باراۋەرسىزلىك، مىللىي زۇلۇمغا قارشى سۆز- ھەرىكەتلىرى ۋە نامايىشلىرى قاتتىق باستۇرۇلغان.

1949- يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ بارىكۆل رايونىدىن قازاق قەبىلىسىنىڭ ئالتە قۇۋمىنىڭ ئەر- ئايال ۋە باللار بولۇپ 40 مىڭ ئادەم ئۆپچۆرىسىدە چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشنى مەقسەت قىلىپ، نامى چىققان جەنۇپ تەرەپكە يورۇشنى باشلىغاندا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۆسقۇنلىقىغا ئۇچراپ، خىتاي دۆلىتى ئۈچۈن ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بومباردىمانچى ئايرۇپىلانلىرىنىڭ بومباردىمان قىلىشىغا ئۇچراپ ، كەشمىرگە يېتىپ كەلگەندە ئاران 3000 ئادەم ھايات قالغان. *( م. رافىق خان : « خىتايدىكى ئىسلام دىنى» دىكى مەلۇمات ، , (Idia , M. Rafiq Khan <u>Islam In China</u> Delhi , Natinal academy, 1963* كېيىنرەك بۇ قازاقلار ب د ت تەرىپىدىن تۈركىيەدە ماكانلاشتۇرۇلغان.

1951- يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى غەربىي شىمال مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ « شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قۇرۇشقا دائىر پىكىر ئېلىش » كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، شۇ يىلى مارتتا غۇلجىدا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى قېيۇمبەگ خوجا تەرىپىدىن چاقىرىلغان پىكىر ئېلىش مەجلىسىدە مەجلىس ئىشتىراكچىلىرى بىردەك ئوتتۇرىغا قويغان « كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر ئاپتونوم رېسپۇبلىكىسى بولۇشى كېرەك » دىن ئىبارەت بىر يۈرۈش پروگرامما خاراكتېرلىك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىگە دائىر پىكىر- تەلەپلىرى خىتاي كومپارتىيىسى غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ « شىنجاڭ شۆبە

بيۇروسى » تەرىپىدىن قاتتىق تەنقىت قىلىنىپ، پۈتۈنلەي خاتا دەپ خۇلاسە چىقىرىلدى. غۇلجىدىكى مەزكۇر پىكىر ئېلىش مەجلىسىنىڭ ئىشتىراكچىلىرى 51 كىشى بولغانلىقتىن بۇ مەجلىس تارىختا « ئەللىك بىر چىلەر مەجلىسى » دەپ ئاتالدى.

1951- يىلى مايدا ئالتاي پارتىزان ئەترىتىنىڭ قوماندانى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھۆكۈمەت ئەزاسى، قۇشۇمچە ئالتاي ۋالىسى ئوسمان ئىسلامغا خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ ئىجرا قىلىندى.

1951 - يىلدىن باشلاپ ئېلىپ بېرىلغان « ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى »، « ئۈچكە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى » ۋە « بەشكە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى » قاتارلىق سىياسىي ھەرىكەتلەردىن باشلاپ، خىتاي كومپارتىيىسى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ھۆكۈمەت كادىرلىرى ۋە ئوفىتسېرلىرىنى يوقىتىشقا باشلىدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى ئابدۇغۇپۇر سابىرھاجى ( شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھۆكۈمەت ئەزاسى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى رەھىمجان سابىر ھاجىيوۋنىڭ ئاكىسى) ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مۇئاۋىن مائارىپ مىنىستىرى مۇقاباي قۇرجاقانوۋ ( قازاق ) لارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. مىللىي ئارمىيە باش شتابىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى پولكوۋنىك پەخرىدىن رەسۇلوۋ خوجا ( ئۆزبېك ) قاتارلىقلار سىياسىي زەربىگە ئۇچراپ ، قەھرىتان قىشتا ئۈرۈمچى « تىنچلىق ئۆستىڭى » نى چاپتى. ئاتلىق پولك كوماندىرى پودپولكوۋنىك سۇپاخۇن سوپۇرۇۋۋا سىياسىي تۆھمەت چاپلىنىپ سىياسىي زەربىگە ئۇچرىدى. 1952- يىلى شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ سەرگەردىلىرى فاتىخ باتۇر ( تاتار ) ۋە غېنى باتۇر ئىككىسى تەقىپ قىلىنىپ گەنسۇ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ سىياسىي فاكۇلتېتىدا سىياسى ئۆگىنىشكە مەجبۇرىي قاتناشتۇرۇلدى. پولك كوماندىرى پودپولكوۋنىك، 5- كورپۇس دىۋىزىيە شتاپ باشلىقى خەمىت ئەلىيوۋ ( تاتار ) 1951 - يىلى ئۆكتەبىردە شىنجاڭ ھەربىي رايون يۇقۇرى دەرىجىلىك سىياسىي كۇرسىدا ئوقۇپ، 1952 - يىلى نويابىردا كۇرسنى تاماملىغاندىن كېيىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ ،شىنجاڭ ئۆكتەبىر ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتىدا دىرېكتور بولۇپ ئىشلىدى.

خىتاي كومپارتىيىسى غەربىي - شىمال بيۇروسى « شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى » نىڭ سېكرېتارى ۋاڭ جېن « شىنجاڭ » دا يەرلىك مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ساقاللىرىنى چۈشۈرۈۋېتىشتەك بولمىغۇر ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. مىللىيلارنىڭ نارازىلىقى قوزغىلىپ كەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن خىزمىتى « شىنجاڭ » دىن يۆتكىلىپ، خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىكىگە مىنىستىر بولۇپ تەيىنلەندى.

1951- يىلدىن باشلانغان « ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى » ۋە 1952- يىلدىن باشلانغان « يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى » قاتارلىق بىر قاتار سىياسى ھەركەتلەر بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى يەر ئىگىلىرىنىڭ يەرلىرى تارتىۋېلىندى، بىر قىسىم باي ۋە يەر ئىگىلىرىگە « زومىگەر» دېگەن قاپاقنى كىيدۈرۈپ ئاتتى. 1954- يىلدىن باشلانغان « كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ھەرىكىتى » ئارقىلىق ئەندىلا يەرگە ئىگە بولغان دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋالدى. بۇ سىياسى ھەرىكەتلەرگە ئۇلاپلا 1955- يىلدىن باشلانغان « مىللىي بۇرژۇئازىيە سودا- سانائەتچىلىرىگە قارىتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش » شۇئارى بىلەن شەخسى ئىگىلىك بىلەن دۆلەت ئىگىلىكىنى بىرلىكتە ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، يەرلىك مىللىي سودا- سانائەتچىلەر ۋە چارۋىدارلارنىڭ مال-

مۇلۇكلىرنى بولۇپ ئالدى.

1958- يىلى « شەخسلەرنىڭ ئۆي مۈلۈكىگە قارتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش » ئېلىپ بېرىپ مىللىلارنىڭ تۇرالغۇ - جاي مولكىنى تارتىپ ئالدى.

1958- يىلدىن باشلانغان « كومۇنىلىشىش ھەرىكىتى » شەرقىي تۈركىستان دېھقان- چارۋىچىلىرنى پۈتۈنلەي نامرات ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

ماۋزېدۇڭ 1958 - يىلدىكى « چوڭ سەكرىپ ئىلگىرلەش ھەرىكىتى» دە ختاي ۋە مىللىي كادىرلارغا « يالغان سۆزلەش » نى ئۆگەتتى. « پولات- تۆمۈر تاۋلاش ھەرىكتى » دە « پۈتۈن خەلق پولات تاۋلاش بىلەن مەشغۇل بولۇپ يېزا ئىگىلىكىنىڭ تاشلىنىپ قىلىشى، 1959-- 1961- يىللاردا يۈز بەرگەن چوڭ تەبىئىي ئاپەت، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەرىزلىرنى پۈتۈنلەي يىمەكلىككە تايىنىپ تۆلەش ۋە ئافرىقادىكى بەزى دۆلەتلەرگە ھەقسىز يىمەكلىك قاتارلىق نەرسلەرنى ياردەم قىلىشتەك سىياسەتلەرنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى نەتىجىسدە پەيدا بولغان ئېغىر ئاچارچىلىق دەستىدىن 40 مىليوندىن كۆپ ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. ». تۆمۈر رۇدا مەنبەلىرنى ۋەيران قىلدى.

1959--1961- لاردا ختايدا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتتە شەرقىي تۈركىستاندا تەبىئىي ئاپەت يۈز بەرمەي، يېزا ئىگىلىكدە ئىلگىركى يىللاردەك مول ھوسۇل ئېلىنغان بولسمۇ، ئاشلىقلار ختاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرگە يۆتكەلدى. ئاشلىق ئامبارلىردا ئاشلىق تۈرۈقلۇق، دېھقانلارغا ئاشلىق تارقىتىپ بەرمەسلىكى تۈپەيلى ئاقسۇ ۋىلايىتى باي ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردا ئېغىر ھالدا ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشتەك ئەھۋاللار سادىر بولدى.

1956- يىلى ماۋزېدوڭ ختايدىكى زىيالىيلارنى ئالداپ قىلتاققا چۈشۈرۈپ، ئەدىبنى بىرىش ئۈچۈن « بارچە ئېقىملار بەس- بەستە سايرىسۇن، ھەممە گۈللەر تەڭ ئېچىلسۇن » دېگەن شوئار ئوتتۇرغا قۇيدى. 1957- يىلى پۈتۈن ختاي مىقياسدا « ئېچىلىپ سايراش » دولقۇنى ۋە « ئىستىل تۈزىتىش » ھەرىكتى كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن 1957 - يىلى زور تۈركۈمدىكى ختاي زىيالىيلىرى ياخشى نىيەت بىلەن ئىسىل پىكىر- تەكلىپلەرنى بەردى. لېكىن ماۋزېدوڭ زىيالىيلارنى سۆزلىتىپ بولغاندىن كېيىنلا « ئوڭچىلارغا قارشى تۈرۈش ھەرىكتى » نى قوزغاپ، ئۇلارنى جازالاپ « ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرى » لىرىغا يولغا سالدى.

بۇ سىياسىي ھەرىكەت شەرقىي تۈركىستاندا مىللىيلار ئۈچۈن ھەم « ئوڭچىلارغا قارشى تۈرۈش » ھەم « يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۈرۈش » ھەركەتلىرى بىلەن ئۆز ئەكسىنى تاپتى.

1957- يىلى 12- ئاينىڭ 16- كۈنى ئۈرۈمچىدە ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ « يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەشكە سەپەرۋەرلىك قىلىش بويىچە كېڭەيتىلگەن يىغىنى » ئېچىلدى.

بۇ قېتىملىق « مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش » تە « ش ئۇ ئا ر پارتكوم » نىڭ دائىمىي ئەزاسى، پارتكوم سېكرېتارىياتىنىڭ سېكرېتارى سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ، « ش ئۇ ئا ر پارتكوم » نىڭ دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، « ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەتئىمىن، ئىمىنوۋ، « ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمتى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەسئەت ئىسھاقوۋ، « ش ئۇ ئا ر پاتكوم تەشۋىقات بولۇمى » نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى نور سادىروۋ، « ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمتى سىياسىي- قانۇن كومتېتى » نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىبراھىم تۇردى، « ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارتى » نىڭ نازىرى، يازغۇچى، دراماتورك زىيا سەمەدى، « ئۈرۈمچى شەھەر باشلىقى » ئابدۇرېھىم سەئىدى ، « ئىلى قازاق ئوبلاستى » نىڭ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى ئابدۇرېھىم ئەيسا، « جۇڭگو

پەنلەرئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرۇش تەييارلىق ھەيئىتى » نىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن مۇدىرى ئۇيغۇر سايرانى قاتارلىق بىر تۈركۈم مىللىي يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارغا « مىللەتچى» ياكى « ئوڭچى » قالپاقلىرى كىيدۈرۈلدى. سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىر يىغىنىدا ماۋزېدوڭ تەرىپىدىن « 什么拉夫 » دەپ ئاتىلىپ تەنقىدلەندى.

ئابدۇرېھىم سەئىدىنىڭ مىللەتچى بولۇپ قىلىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇ يىللاردا « شىنجاڭ گېزىتى » دە ئېلان قىلىنغان باش ماقالىغا ئاساسلانغاندا ئۈرۈمچى شەھەردىكى ئىمارەت قۇرۇلۇشلىرىنى مىللىي پاسوندا ياساپ چىقىش ئىكەن،يەنى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەركىزىي شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىكەن. ( ماقالىدا ئىشكىگە قاپاق ئېسىلغان مىللىي پاسوندىكى ئىمارەتلەرنىڭ رەسىملەرمۇ قىستۇرۇلۇپ بېرىلگەن ). ئۇيغۇر سايرانى « شىنجاڭدا قوللۇق تۈزۈم مەۋجۇت ئەمەس. » دېگەنلىكى ئۈچۈن « ئوڭچى » بولۇپ قالغان ئىكەن. شۇ مەزگىللەردە جەمئىيەتتە ئابدۇرېھىم ئەيسا ئابدۇرېھىم ئەيسا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى،دېگەن خەۋەر تارقالغان. ( خىتاي ھۆكۈمەت دائىرلىرىنىڭ ئابدۇرېھىم ئەيسا ئۆلۈمى ھەققىدە تارقاتقان رەسمىي خەۋىرى )

زىيا سەمەدى ھەممە ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئاقسۇغا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىشكە سۈرگۈن قىلىندى. ئابدۇرېھىم سەئىدى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. سەيدۇللا سەيپۇللايوۋنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى بارلىق ۋەزىپىلىرى ئېلىپ تاشلىنىپ، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيلىقىغا ئەۋەتىلدى. مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ « ش ئۇ ئا ر پارتكوم » نىڭ دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىدىن قالدۇرۇلدى. نۇر سادىروۋ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئاددى خىزمەتچى دەرىجىسىدە ئاپتونوم رايونلۇق كۆتۈپخانىگە خىزمەت قىلىشقا چۈشۈرۈلدى. ئىبراھىم تۇردىنىڭ خىزمەت دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلىپ، « ش ئۇ ئا ر خەلق ئىشلار نازارىتى » نىڭ نازىرى بولدى. ئۇيغۇر سايرانى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئادەتتىكى خىزمەتچى ئورنىدا ئىشلىتىلدى.

بۇ قېتىملىق « مىللەتچىلىككە قارشى تۈرۈش ھەرىكىتى » ئارقىلىق خىتاي كومپارتىيىسى شەرقىي تۈركىستاندا 1930 - يىللاردىن بۇيان يېتىشىپ چىققان زور بىر تۈركۈم گەپ ئاڭلىماس « ياغاچ قۇلاق » ھەر مىللەت كادىر- خىزمەتچى ۋە زىيالىيلىرىنى يوقاتتى.

« < بۇ ۋاقىتتا << شىنجاڭ گېزىتى>> ئىدارىسىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئاساسلىق تەھرىرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان نىزامىدىن ھۈسەيىن ئۇزۇندىن بۇيان ئۆزىنى قىيناپ كېلىۋاتقان مىللىي مەسىلىگە دائىر بىر قاتار خاتالىقلارنى ئوتتۇرىغا تاشلايدۇ ۋە << ئېچىلىپ سايرايدۇ >> >، < 1958- يىلىدىكى كومپارتىيە قوزغىغان << ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى>> دە << پارتىيەگە قەلب تاپشۇرۇش >> ، كەڭ - كۇشادە << ئېچىلىپ سايراش >> دېگەن چاقىرىق ۋە قوزغىتىش بىلەن مەن ئۇزۇندىن بۇيان ئىچىمنى قىيناپ كەلگەن چوڭ-كىچىك مەسىلىلەردىكى پىكىر- تەلەپلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ۋەتەننىڭ كېلەچىكى، ئېچكىرىدىن كۆچمەن كۆچۈرۈش، ھەممىلا يەرنى خەنزۇلاشتۇرۇش، تارىخىمىزنى بۇرمىلاش قاتارلىق مەسىلىلەر بويىچە << ئېچىلىپ سايرىدىم >> . راست گەپلەر بىلەن پاكىتلارنى كەلتۈرۈپ سۆزلىدىم. << ياخشى سايرىدىڭ! >> دەپ مۇرەمگە قېقىپ قويۇشتى ئۇلار. بىرەر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن << پارتىيەگە قارشى سۆز قىلغانلار>> غا قارشى ھەرىكەت قوزغىتىلدى. مىللىيلار بويىچە بىرىنچى بولۇپ كۈرەشكە تارتىلدىم. كۈرەش 76 كۈن داۋام قىلدى. مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىم ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىم سۈپىتىدە مېنى تالاشقا ۋە پاش قىلىشقا باشلىدى. << ئەشەددىي دۈشمەن >> ، << ئەشەددىي

يەرلىك مىللەتچى >> بولۇپ كەتتىم. >، < << شىنجاڭ گېزىتى>> ئىدارىسىنىڭ مىللىي تەھرىر بۆلۈملىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئوڭچى- يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى كۈرەشتە ئەشەددىي ئوڭچى ۋە يەرلىك مىللەتچى نىزامىدىن ھۈسەيىنىنىڭ رېئاكسىيون ئەپتى- بەشىرىسى تولۇق ئېچىپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ رېئاكسىيون سۆز- ھەرىكەتلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىلدى. پاش قىلىنغان ماتېرىياللاردىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، ئەشەددىي ئوڭچى ۋە يەرلىك مىللەتچى نىزامىدىن ھۈسەيىنىنىڭ تۈپ ئىدىيەسى ئاپتونوم رايونىمىز شىنجاڭنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدىن ئايرىپ، << مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى>> قۇرۇش بولۇپ، ئۇ مۇشۇ رەزىل غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پىلانلىق، پروگراممىلىق ۋە ئىزچىل رەۋىشتە ھەرىكەتلىنىپ كەلگەن. >، < مەرھۇم نىزامىدىن ئەپەندى تۈرمىدە يېزىپ قالدۇرغان ئەسلىمىسىدە ئۆزىنىڭ 1959- يىلى 4- ئاينىڭ 14- كۈنى ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، غوپۇر چوڭ قاتارلىق كەسىپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە << شىنجاڭ گېزىتى>> ئىدارىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ يىغىندا رەسمىي قولغا ئېلىنغانلىقىنى يازىدۇ. > ».

« ش ئۇ ئا ر پارتكوم » سېكرېتارى ۋاڭ ئۇيغۇرلاردىن « تەكەللۇپسىز ھالدا تەنقىد پىكىر- تەكلىپلەرنى بېرىش» نى تەلەپ قىلغاندا، بەزى مىللىيلار ئاپتونومىيەنىڭ يالغانلىقىدىن شىكايەت قىلسا، بەزى مىللىيلار سوۋېت ئۇسلۇبىدىكى « ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى » قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستاندا مىللىيلار ئىچىدە بىر تۈركۈم « ئوڭچى» ۋە «يەرلىك مىللەتچى» لەر پەيدا بولدى. ئۇلارمۇ خىتاي زىيالىيلىرىغا ئوخشاش قىسمەتكە دۇچ كەلدى. بىر قىسىم مىللىي « مىللەتچى » ۋە « ئوڭچى » لار « ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدان » لىرىغا پانالدى. « ئاقىۋەتتە تازىلاش ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئۇرۇمچىدە ئالاھىدە پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئالتە ئاي نازارەتچىلىك قىلىشى بىلەن 100 مىڭ كىشى تەكشۈرۈلگەن، 830 كىشى قولغا ئېلىنىپ سوتقا تارتىلغان، 53 كادىرغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. *( ئەنگلىيە، كرىستىين تايلى: « تىنجىماس ئۇيغۇر دىيارى» دىن، 2006- يىل نەشرى)* .

« يەرلىك مىللەتچىلىك قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى» دىكى « مىللەتچى ئۇنسۇر » دېگەن بۇ سىياسىي تېرمىن شۇ بىر قېتىملىق ھەرىكەت بىلەن تۈگەپ قالماستىن، بەلكى خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ قولىدىكى مىللىي كادىر- خىزمەتچى ۋە زىيالىيلىرىغا ھەر زامان، ھەر ۋاقىت كىيگۈزۈلىدىغان تېپىلماس بىر « ئەگۈشتەر » گە ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭ تىپىك مىسالى، 1959- يىلى 20 ياشلىق شائىر ھاجى مىرزاھىد كېرىمى « ساندۇق ئىچىدىكى بوۋاق» شېئىرى تۈپەيلى « مىللەتچى » بولۇپ ئەيىبلىنىپ، 13 يىل تۈرمىدە ياتقان ھەمدە يەتتە يىل ئائىلىسىدە نەزەربەند قىلىنغان.

خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قېتىملىق ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئوپېراتسىيىسىدە ياش ۋاقتىدا يازغان بىر پارچە شېئىرى تۈپەيلي « يەرلىك مىللەتچى » سىياسىي قالپىقىنى كىيگەن ئەدىب ھاجى مىرزاھىد كېرىمىمۇ تۇتقۇن قىلىنىشتىن مۇستەسنا بولمىدى. ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ خەۋىرىچە : « قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ پېنسىيىگە چىققان تەھرىرى، ئەدىب ھاجى مىرزاھىد كېرىمى يېقىندا 11 يىللىق كېسىلگەن. مەلۇم بولۇشچە ئۇنىڭ كېسىلىشىگە << يۈسۈپ خاس ھاجىپ >> قاتارلىق رومانلىرى ۋە بىر تون كىيدۈرۈش مۇراسىمىدا قىلغان سۆزى سەۋەب بولغان. ئەدىب 1959 - يىلى، يەنى 20 ياش ۋاقتىدا << ساندۇق ئىچىدىكى بوۋاق>> ناملىق شېئىرى سەۋەبلىك << يەرلىك مىللەتچى >> بولۇپ ئەيىبلىنىپ، 13 يىل تۈرمىدە ياتقان ۋە يەتتە يىل ئائىلىسىدە نەزەربەند قىلىنغان ئىدى. ئۇ بۇ يىل سوتلانغاندا يېشى 80 گە ئۇلاشقان، سالامەتلىكى بىر قاتار كېسەللىكلەر بىلەن چىرمالغانىكەن. >، < ھاجى مىرزاھىد كېرىمىنىڭ << يۈسۈپ

خاس هاجىپ >>، << جۇدالىق >>، << مىرزا ئابابەكرى >>، << سۇلتان سەئىدخان >>  ۋە <<  سۇلتان ئابدۇرىشتخان >> قاتارلىق بەش رومانى سەۋەبلىك تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ئىنكاستا يەنە مەزكۇر رومانلاردا، ئۇيغۇرلارنىڭ سەلتەنەتلىك ھاياتى، يەنى قاراخانىيلار دەۋرى ۋە سەئىدىيە خانلىق دەۋرى تېما ۋە ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان بولغاچقا، بۇ كىتابلارنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي شارائىتتا گۇمانلىق كىتابلارنىڭ ئەڭ بېشىدىن ئورۇن ئالغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. > ».

1962- يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى خىتاي- سوۋېت مۇناسىۋىتىدە ئۇستىنلىككە ئىگە بولۇش، يەرلىك مىللەتلەرنى باستۇرۇش، ئىگىسىز قالغان مال- مۈلۈك ۋە ئۆي- زېمىنغا ئىگە بولۇش ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ « شىنجاڭ » دا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرىنى تاقىۋېتىش مەقسىتىدە غەرەزلىك ھالدا چېگرانى ئېچىپ قويۇشى بىلەن ئىلى ۋە چۆچەكتىن ئاچارچىلىق دەستىدىن قىينالغان 120 مىڭ يەرلىك مىللەت ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ( بۇ خىتاي ھۆكۈمىتى ئىلان قىلغان ستاتىستىكىلىق سان، *سەيدۇللا سەيدۇللا : « مەن شاھىت بولغان ئىشلار » دىكى مەلۇمات )* شۇنىڭ بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى بىرتەرەپتىن سوۋېت ھۆكۈمىتىنى قۇتراتقۇلۇق قىلدىڭلار، دەپ ئەيىپلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېت تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قالغان ئۇرۇق- تۇغقانلىرى-- كادىر، خىزمەتچى ۋە يەرلىك ئاۋام كىشلەرگە « قاچقانلارنى سىلەر قاچۇردىڭلار» دەپ بوھتان چاپلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلەرنىڭ مال- مۈلكى ۋە ئۆي- زېمىنلىرىنى ئىگەللەپ ئالدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر،ئالتاي ۋە چۆچەكلاردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرىنى تاقاۋەتتى.

سوۋېتكە چىقىپ كەتكەن مۇساپىرلار موسكۋا رادىيو ئىستانسىيىسىدە « مىليونلارچە خەنزۇنىڭ غەربىي شىمالغا ئېقىپ كىرىۋالغانلىقى، ئۇ يەردىكى يەرلىك پۇقرالارنىڭ قاقاس چۆللەرگە سۈرگۈن قىلىنىۋاتقانلىقى، قورسىقى تويمايدىغان نورمىلاردا جازالىنىۋاتقانلىقى، قازاق، ئۇيغۇر ۋە قىرغىز قىزلىرىنىڭ مەجبۇرى ھالدا ئائىلىسىدىن ئېلىپ چىقىلىپ، خەنزۇلار بىلەن توي قىلىشقا زورلانغانلىقى، ئۆلۈم ئازابىدا ئىڭراۋاتقانلىقى » نى ئاڭلاتقان. *( « تىنجىماس ئۇيغۇر دىيارى » ).*

1962- يىلى ئاپتونوم رايوندا ئېلىپ بېرىلغان « رېۋىزىئونىزمغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى » دە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىن كەلگەن كادىرلاردىن ئەسئەت ئىسھاقوۋ، ئەنۋەر جاكۇلىن ( « ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى سىياسىي قانۇن ئىشخانىسى» نىڭ مۇدىرى، قازاق )، ئەنۋەر خانبابا ( « ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت - - مائارىپ ئىشخانىسى » نىڭ مۇدىرى، ئۆزبېك )، ئابلىمىت ھاجىيوۋ (« ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە -- سودا ئىشخانىسى » نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ) ۋە توختى ئەلىموۋ ( « ش ئۇ ئا ر ئالىي سوت » نىڭ باشلىقى ) لار قاتارلىقلار تەنقىد ئوبيېكتى قىلىندى.

« رېۋىزىئونىزمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى » دە گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن جان تىكىپ جەڭ قىلغان مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوفىتسىر- جەڭچىلىرىنىڭ ھېچ قايسىسى زەربە يېمەي قالمىدى.

كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، گومىنداڭ  ئارمىيىسىنىڭ ئۈچ پوتەيىنى ئارقا- ئارقىدىن پارتلىتىپ، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ ئىلگىرلىشى ئۈچۈن يول ئاچقان، جەڭدىن كېيىن مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى تەرىپىدىن « كۈرەش قەھرىمانى» نامى بېرىلگەن ۋە خىتاي « ج ك پ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى» تەرىپىدىن « جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى» نىڭ كۈرەش قەھرىمانى دەپ باھالانغان ھەمدە مەملىكەتلىك كۈرەش قەھرىمانلىرى

يغىنىغا قاتناشقان زىيەۇللا نادىروۋ « يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى » ۋە « رېۋىزىئونىزمغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى» قاتارلىق سىياسىي ھەرىكەتلەردە تەنقىدلىنىپ، 1962- يىلى دېكابىردا كەڭسايدا ئەمگەككە سۈرگۈن قىلىنىپ، كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن.

1957- يىلدىكى « ئەستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى»، « ئوڭچى ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى » ، 1962- يىلدىكى « رېۋىزىئونىزمغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى » ھەرىكىتى ۋە 1966- يىلدىكى « مەدەنىيەت ئىنقىلابى » قاتارلىق سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى شەرقىي تۈركىستاندا ئاساسەن مىللىي كادىر- خىزمەتچىلەر ۋە زىيالىيلارغا زەربە بېرىش بىلەن ئاياقلاشتى.

1962- يىلدىن باشلاپ يېزا- قىشلاقلاردا يۈرگۈزۈلگەن« سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەركىتى » دە يېزا - قىشلاقلاردىكى ئاساسىي قاتلامدىكى نۇرغۇن يەرلىك مىللىي ئەترەت كادىرلارغا زەربە بېرىلدى.

1950- يىلدىن باشلاپ ئېلىپ بېرىلغان، كەينى ئۈزۈلمىگەن سىياسىي ھەرىكەتلەر ۋە سىياسىي بېسىم دەستىدىن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر تۈركۈم كادىرلىرى ۋە مىللىي ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسىم ئوفىتسېر- جەڭچىلىرى سالامەتلىكلىرىدىن ئايرىلىپ ئۆلۈپ كەتتى. 1940- يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ۋە ئازادلىق ئىنقىلابى دەۋرىدە ئاكتىپلىقىنىڭ ئىپادىسى يۈزىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى گراژدانلىقىغا ئۆتكەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ زور بىر تۈركۈم كادىرلىرى، ئوفىتسېر- جەڭچىلىرى، زىيالىيلىرى ۋە زور بىر تۈركۈم ئاۋام خەلق ( بۇ ئاۋام خەلق ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇلغان رۇسلاردىن باشقا يەنە بىر تۈركۈم ئەسلى چارروسىيەنىڭ گراژدانى بولغان بولسىمۇ، لېكىن روسىيە ئوكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۇلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گراژدانلىق سالاھىيىتى بولمىغان رۇسلارمۇ بار.) ياشاپ ئۆگەنگەن ۋە قان- تەرى سىڭگەن شەرقىي تۈركىستاننى تاشلاپ، ئامالسىز سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە باشقا ئەللەرگە پاناھلىنىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. مەسىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەنلەردىن تۆۋەندىكىلەرنى مىسالغا كۆرسىتىش مۇمكىن :

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ كادىر ۋە زىيالىيلىرىدىن : ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە باش كاتىپى ئابدۇرۇپ مەخسۇم؛ ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە مالىيە مىنىستىرى ۋە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، « ش ئۇ ئا ر مالىيە نازارىتى » نىڭ مۇئاۋىن نازىرى ئەنۋەر مۇسابايوۋ؛ ھۆكۈمەت ئەزاسى، ئىچكى ئىشلار مۇئاۋىن مىنىستىرى پاۋىل پاپولوۋىچ موسكاليوۋ ( رۇس) ، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇئاۋىن مالىيە مىنىستىرى ۋاققاس ھاجى مىرشانوۋ ( تاتار) ئىنقىلاپچىل ياشلار تەشكىلاتى مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، « ش ئۇ ئا ر سەھىيە نازارىتى » نىڭ نازارى ياقۇپبەگ (ئۆزبېك )؛ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ پولكونىكى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى « دۆلەت ناخشا - ئۇسسۇل، ئوپېرا ئۆمىكى » نىڭ باشلىقى، « ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى » نىڭ نازىرى، « ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى» نىڭ رەئىسى زىيا سەمەدى؛ « شىنجاڭ گېزىتى » گېزىتلىرىنىڭ مۇخبىرى مۇنىر يېرزىن (تاتار) بۇندىن سىرت يەنە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن « شىنجاڭ مۇزىيى » غا تەييارلىق ھەيئىتىنىڭ نىڭ مەسئۇلى يۇسۇپبېك مۇخلىس قاتارلىقلار بار.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئارمىيسى-- مىللىي ئارمىيدىن: نىلقا پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ باش قوماندانى، مىللىي ئارمىيە ئاتلىق پولكىنىڭ سىياسىي كومىسسارى فاتىخ موسلىموۋ (فاتىخ باتۇر، تاتار) ؛ نىلقا پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، ھۆكۈمەت ئەزاسى، مىللىي ئارمىيە ھەربىي سوتىنىڭ باشلىقى « پولكوۋنىك غېنى مەمەتباقى (غېنى باتۇر)، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، « شىنجاڭ ھەربىي رايون

» نىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى گېنېرال مايور زۇنۇن تېيىپوۋ، مىللىي ئارمىيە باش شتابى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى پولكوۋنىك پەخرىدىن رەسۇلوۋ خوجا ( ئۆزبېك)، مىللىي ئارمىيە شتاب ناچالنىكى (باشلىقى) گېنېرال مايور ۋارشانوۋ مىخايلوۋىچ ماژاروۋ(رۇس)، مىللىي ئارمىيەنىڭ مۇۋەققەت باش قوماندانى، 5- كورپۇسنىڭ باش قوماندانى فادىي ئىۋانوۋىچ لىسكىن(رۇس)؛ مىللىي ئارمىيە پولك كوماندىرى، 5- كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، شتاپ ناچالنىكى (باشلىقى)، « شىنجاڭ ھەربىي رايون » نىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى گېنېرال مايور مەرغۇپ ئىسھاقوۋ (تاتار)، پولكونىلاردىن جاغدا بابالىكوۋ (قازاق)، بايچۇرىن رەفىق (تاتار)؛ ئايتۇغان يونىچېۋ (تاتار) ۋە مالىك گىمادىيوۋ(تاتار)، غاپپارخان شاكىرخوجايېۋ(ئۆزبېك)، پودپولكوۋنىك ئارسلانخان شاكىرخوجايېۋ (ئۆزبېك) قاتارلىقلار بار. (*شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش- تەھرىرلەش كومىتېتى: « شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» دىكى مەلۇماتلار، 1995- يىل نەشرى)*

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئالىي ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، « شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە- ئىقتىساد كومىتېتى» نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دوكتور پولات ئالىمى (ئۆزبېك) ۋە تۇڭگان ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى، « شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا بانكىسى ئىلى شىرىكىتى » نىڭ باشلىقى، « شىنجاڭ مالىيە ئىنستۇت » نىڭ مۇدىرى مەنسۇر لومىيوۋ (تۇڭگان) لار سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېقىپ كەتمەكچى بولغانلىق تۆپەيلى ئاساسەن ئۆمۈر بۇيى ئىشسىز قالدى.

1949- يىلى خىتاي كومپارتىيىسى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغالىيەت قىلغاندىن باشلاپ « شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ۋە ئازاتلىق ئىنقىلابى » نىڭ كادىرلىرى ۋە مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ ھوقۇقلىرىنى چەكلەش ۋە ئۇلارنى چەتكە قېقىش ۋە زەربە بېرىپ يوقىتىشتەك قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. 1960- يىللاردا « ش ئۇ ئا ر پارتكوم » نىڭ سېكرېتار ۋاڭ ئېنماۋ « جەنۇپلىقلار بىلەن شىماللىقلارنى تېزگىنلەش » تەدبىرىنى قوللىنىپ ، يېزا كادىرلىقتىن ئۇسۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك كادىر بولغان تۆمۈر داۋامەتنى « ش ئۇ ئا ر ھۆكۈمىتى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىشى « شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دىن كەلگەن كادىرلارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ۋاقت- سائەتى يېتىپ كەلگەنلىكىنىڭ بېشارىتى بولۇپ قالدى.

مىللىي كادىر- خىزمەتچىلەر ۋە زىيالىيلارنى يوق قىلىشتىكى ئەڭ دەھشەتلىك بولغىنى 1966-- 1976- يىللاردىكى ئاتالمىش « مەدەنىيەت ئىنقىلابى » دىن ئىبارەت سىياسىي ھەرىكەت بولدى. بۇ ھەرىكەتتە شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ئىنقىلابىدىن (شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىن ) كەلگەن كادىرلار ۋە مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېر- جەڭچىلىرى، 1930- يىللاردىن بۇيان يېتىشىپ چىققان مىللىيى زىيالىيلار ۋە 1949 - يىلدىن كېيىن يېتىشىپ چىققان ھەر دەرىجىلىك مىللىي رەھبىرى كادىرلار ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن مىللىي زىياللىيلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ئاتالمىش « مەدەنىيەت ئىنقىلابى » نىڭ زەربە بېرىش ئوبيېكتىپغا ئايلاندى. خىتاي دائىرلىرى ساختا ھالدا مۇتلەق كۆپ قىسمى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەسئۇل كادىرلىرىدىن تەركىپ تاپقان، « ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى » نىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى باشچىلىقىدىكى بىر « پارتىيە ئىچىدە كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان ئۇنسۇرلەر» دىن تەركىپ تاپقان « ئەسلىئىنقىلابىي گۇرۇھ » نى قوراشتۇرۇپ چىقارغان ئىدى، لېكىن ماۋزېدۇڭ سەيپىدىن ئەزىزنى ساقلاپ قىلىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، بۇ « ئەسلىئىنقىلابىي گۇرۇھ » نىڭ باشلىقى بۇرھان شەھىدىگە (جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى) ئالماشتۇرۇلۇپ، ئابدۇللا زاكىروۋ (« ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى» نىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى)، پاتىقان سۇگۇربايوۋ (« ش ئۇ ئا ر

خەلق ھۆكۈمىتى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قازاق)، ئەسئەت ئىسھاقوۋ، ئەنۋەر جاكۇلىن ، ئەنۋەر خانبابا، ئابلىمىت ھاجىيوۋ، ياسىن خۇدابەردى ( ئۈرۈمچى شەھەر باشلىقى)، نۇسرەت شەھىدى (« شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى » نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى) لاردىن تەركىپ تاپقان « بۇرھان شەھىدى باشچىلىقىدىكى ئەسلىئىنقىلابىي گۇرۇھ » نى قايتىدىن قوراشتۇرۇپ چىقىرىپ، ئاممىۋى كۆرەش چوڭ يىغىنلىرىدا كۈرەش قىلدى، سازايى قىلدى. بۇ گۇرۇھدىكى كىشلەرنىڭ بىر قىسمىنى تۈرمىگە سولىدى، بىر قىسمىنى ئەمگەك مەيدانلىرىدا ئېغىر ئەمگەكلەرگە سالدى، چۇشقا باقتۇردى. ئاتالمىش « مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا بۇ مىللىي مەسئۇل كادىرلاردىن مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ، ئەسئەت ئىسھاقوۋ ۋە ئەنۋەر جاكولىنلار تۈرمىلەردە قازا تاپتى. ئابدۇللا زاكىروۋ كىسەل سەۋەپى بىلەن تۈرمىدىن چىققان بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتتى. ئاتالمىش « مەدەنىيەت ئىنقىلابى » دا خىتاي ھۆكۈمىتى مىللىي « سىياسىي مەھبۇس » لەرگىمۇ ئۆلۈم جازاسى بەردى. بۇنىڭ تىپىك مىسالى « شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى » دىكى تونۇلغان ئۇيغۇر زىيالىسى توختى قۇرباندۇر.

جۇڭگوخەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5- كورپۇسىنىڭ سىياسىي بولۇمىنىڭ سابىق مۇدىرى نورۇيۇۋ. باۋدۇن ۋە 5- كورپۇس 13- دىۋىزىيە ئارقا سەپ بولۇمىنىڭ سابىق كومىسسارى ،قۇشۇمچە مۇدىرى، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ سابىق قوماندانى ئىمىنوۋ ھامۇت، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھۆكۈمەت ئەزاسى، « تىنچلىق سۆھبىتى» دە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتىنىڭ سۆھبەت ۋەكىلى، « شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتى» نىڭ سابىق مۇئاۋىن نازىرى رەھىمجان سابىر ھاجىيوۋ؛ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھۆكۈمەت ئەزاسى، « تىنچلىق سۆھبىتى » دە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتىنىڭ سۆھبەت ۋەكىلى، « شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى » نىڭ سابىق ھۆكۈمەت ئەزاسى ئولبولخەيرى تۆرە (قازاق)؛ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتىنىڭ مىللىي ئارمىيىسىنىڭ سىياسىي مۇئاۋىن باش قوماندانى ( سىياسىي كومىسسارى )، « ش ئۇ ئا ر سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى » نىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوۋ ۋە مىللىي ئارمىيە باش شتاپىنىڭ سابىق باشلىقى، « شىنجاڭ ھەربىي رايونى ھەربىي تەييارلىقلار باشقارمىسى » نىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇرىشىت تۇردىيوۋ ۋە قۇمۇللۇق سېيىت باتۇر قاتارلىقلار مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا زەربىگە ئۇچراپ ۋاپات بولۇپ كەتتى. 5- كورپۇس 13- دىۋىزىيە ئارقا سەپ بولۇمىنىڭ سابىق كومىسسارى ،قۇشۇمچە مۇدىرى، قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ سابىق قوماندانى ئىمىنوۋ ھامۇت قاتارلىقلارمۇ زەربىگە ئۇچرىدى.

« ئاتالمىش » مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يەنە ئەدەبىيات- سەنئەت ساھاسىدىكى يەنە زور بىر تۈركۈم مىللىي سەرخىللەرگە زەربە بېرىلدى. تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتىھى، ئالىم نىغمەت مىڭجانى(قازاق)، ئالىم ئىمىن تۇرسۇن، تەرجىمشۇناس مەھمۇتجان ئىلھامجانوۋ (ئۆزبېك)، شائىر ۋە ئەدەبىياتشۇناس ئەھمەد زىيائى، شائىر تېيىپجان ئېلىيوۋ، شائىر- يازغۇچى ۋە ئەدەبىياتشۇناس ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، شائىر نىم شېھىت ئارمىيە ئېلى سايرامى، تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، يازغۇچى شۆكۈر يالقىن (ئۆزبېك)، شائىر ۋە تارىخچى تۇرغۇن ئالماس، شائىر ئەرشىدىن تاتلىق، تەرجىمشۇناس توختى باقى ئارتىشى، يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ۋە ئەدەبىياتشۇناس ئەسقەر ھۈسەيىن، يازغۇچى ۋە تارىخچى تېيىپجان ھادىم قاتارلىقلار « سىنىپىي دۆشمەن »گە ئايلىنىپ كۆرەش قىلىندى.

1985- يىلى 12- دېكابىردىكى ئۈرۈمچى شەھەردە مىللىي ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مىللەتلەر ( مىللىي ) باراۋەرلىكىنى ھەققىي تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرۇش، خىتاي كۆچمەنلىرىنى « شىنجاڭ » غا كۆچۈرۈشنى توختىتىش،

مىللىي مائارىپقا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش، « ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » نىڭ رەئىسىنى خەلق بىۋاستە سايلاش، مىللىيلارغا نىسپەتەن پىلانلىق تۇغۇش بەلگىلىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە « شىنجاڭ » دىكى ئاتوم بومبىسى سىناق مەيدانىنى بىكار قىلىش قاتارلىق تەلەپلەر بۇيىچە بىر نەچچە كۈن ئۆتكۈزگەن نامايىشلىرى خىتاي دائىرلىرىنىڭ قاتتىق باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. بەزى ئوقۇغۇچىلار تۇتقۇن قىلىندى، بەزى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن ھايدالدى.

« شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى » دىكى « ستودېنتلار پەن- مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى » تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان 1988- يىلى 15- ئىيۇندىكى ئالىي مەكتەب ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ مىللىي كەمسىتىش سىياسىتىگە قارشى ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشمۇ رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى. بۇ بۇ قېتىملىق ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ يولباشچىلىرىدىن، « ستودېنتلار پەن- مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى » رەئىسى، ھازىر « دۇنيا ئۇيغۇر قورۇلتىي » نىڭ رەئىسى دۆلقۇن ئەيسا ۋە « ستودېنتلار پەن- مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى » نىڭ باش كاتىپى ۋارىس ئابابەكرى قاتاتارلىق يېتەكچىلەر شۇ قېتىملىق نامايىشتىن كېيىن مەكتەپتىن ھايدالغان. 1985- ۋە 1988- يىللاردىكى ياشلار ھەرىكەتلىرى ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنىڭ بېشارىتى بولۇپ قالدى.

1990- يىلى 5- ئاپرېل كۈنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھېيتقا بىر ئاي قالغاندا مەسجىدلەرنىڭ مەجبۇرىي تاقىلىپ پېچەتلىنىشىدىن نارازى بولغان بارىن يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىك تەلەپ قىلىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشانىسىنىڭ ئالدىدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا ساقچىلار تەرىپىدىن باستۇرۇلۇشى بىلەن پارتىلغان بارىن قوزغىلىڭى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قوراللىق كۈچلىرى -- مۇنتىزىم ئارمىيىسى ۋە ساقچىلىرى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلۇپ، قەتلىئام يۈرگۈزۈلدى. بارىن قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىسى زەيدۇن يۇسۇپ قاتارلىق مىڭلاپ- مىڭلاپ قوزغىلاڭچىلار ئۆلتۈرۈلدى.

1997- يىلى 5 - فېۋرال كۈنى غۇلجا شەھەردىكى ياشلار ھۆكۈمەت دائىرلىرىنىڭ قولغا ئالغان « مەشرەپ بېشى » ۋە دىنىي ئۇستازلارنى قويۇپ بېرىش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى تەلەپ قىلىش، مىللىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش ۋە مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى تەلەپ قىلىش يۈزىدىن ئۆتكۈزۈلگەن نارازىلىق نامايىشى ساقچىلار تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلدى. ساقچىلار ئوق ئېتىپ نامايىشچىلاردىن 100 دىن ئوشوق ئادەمنى ئۆلتۈردى. 1600 كۆپ ئادەم قولغا ئېلىندى. « ئېتىشلارغا قارىغاندا 5- فىۋرال كۈنى قولغا ئېلىنغانلارنى ئۇستى ئوچۇق بىر مەيدانغا ئەكېلىپ ئۇلارغا شىلانكىدا مۇزدەك سۇ چاچقان ۋە قار ئۈستىدە يالاڭ ئاياغ مېڭىشقا مەجبۇرلانغان. مۇزلاپ ئۇشۇپ كەتكەنلەرنىڭ پۇت- قولى ۋى بارماقلىرى دوختۇرخانىدا كېسىۋېتىلگەن. ئېغىر دەرىجىدىكى ئۇششۇك ياربدارلىرىنىڭ فوتوگرافلىرىنى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىدىكى تەكشۈرگۈچىلەر كۆردى. » ( *« تىنجىماس ئۇيغۇر دىيارى » دىن )* . مانا بۇ دەھشەتلىك « غۇلجا قانلىق 5 - فېۋرال ۋەقەسى » .

2009- يىل 5- ئىيۇل بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار گۇاڭدوڭ ئۆلكىسى شاۋگۈەن جايدىكى خىتايلار ئۇلارنىڭ نەچچە ئونلىغان تۇقغانلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ( 2009- يىلى 26- ئىيۇندا يۈز بەرگەن ) ئادالەتلىك تەلەپ قىلىپ « ش ئۇ ئا ر پارتكوم »نىڭ ئالدىدىكى مەيداندا ئۆتكۈزگەن نامايىشىدىن ھۆكۈمەت دائىرلىرىنىڭ غەرەزلىك ھالدا خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئۇتتۇرىسىدا قانلىق مىللىي توقۇنۇش پەيدا قىلىپ، « 5- ئىيول قىرغىنچىلىقى » نى

كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ۋەقە سادىر بولغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت دائىرلىرى ئۇيغۇرلارنى قانلىق باستۇردى، بىر نەچچە يۈز ئۇيغۇرنى ئۆلتۈردى، بىرنەچچە مىڭ ئۇيغۇرنى تۈرمىلەرگە تاشلىدى.

ختايي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قانخور ساقچىلىرىغا خالىغان ۋاقىت ۋە خالىغان جايدا مىللىيلارنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈدىغان ھوقۇق بېرىلگەن. « 2013 - يىلى 23 - ئاۋغۇست پوسكام ناھىيىسىدە ختاي ساقچىلىرى << بومبا ياساش قاتارلىق تېررورلۇق ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى >> دېگەندەك تۆھمەتلار بىلەن ئۇيغۇرلاردىن 12 ئادەم ئۆلتۈرۈپ ، 20 نەچچە ئادەمنى يارادارلاندۇردى. قانلىق ۋەقە يۈز بەرگەن جايدا 30 ئارتۇق ئادەم بار ئىكەن. بۇ ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ يىلقىچى يېزىسىدا 20 نەچچە ئادەم ئوخشاش تۆھمەت بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ».

ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، قانۇنىي ھوقۇقى، مىللىي ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە مىللىي باراۋەرلىكىنى تەلەپ قىلغۇچى ئۇيغۇر سياسىي پائالىيەتچىسى، مەركىزىي مىللەتلەر ئونۋېرستېتىنىڭ دوتسېنتى ئىلھام توختى ختاي دائىرلىرى تەرىپىدىن 2014- يىلى 15- يانۋار قولغا ئېلىنىپ، « بۆلگۈنچىلىك ۋە مىللىي قۇتراتقۇلۇق » جىنايىتى ئارتىلىپ، شۇ يىلى 23- سېنتەبىر مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

2014- يىلى 28- ئىيۇل كۈنى سەھەردە يەكەندە « ئېلىشقۇ قىرغىنچىلىقى » يۈز بەردى. ئېلىشقۇ يېزىسىدىكى بىر قانچە ئۇيغۇر ئەرلەرنىڭ يەرلىك ساقچى دائىرلىرى تەرىپىدىن يولسىز تۇتقۇن قىلىنغان ئائىللىرىنى قويۇپ بېرىلىشنى تىنچلىق يولى بىلەن تەلەپ قىلىنىشىنىڭ زۆراۋانلىق بىلەن رەت قىلىنىشى نەتىجىسىدە قوزغالغان دېھقانلارنىڭ نارازلىق ھەرىكىتى ختاى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكەر - ساقچىلىرى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلدى. بۇ قېتىملىق قىرغىنچىلىقتا 1000 ئارتۇق ئۇيغۇر ئەر- ئايال دېھقانلىرى ختاي ئەسكەر- ساقچىلىرى تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى.

« شۇ قېتىملىق ۋەقەدىن بىر يىلغا ۋاقىت ئۆتكەندە فرانسىيە خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ 2015- يىلى ئاپرېل ئېيىنىڭ ئاخىرى ئېلىشقۇ يېزىسىدىكى زىيارىتى جەريانىدا.... شۇ ۋاقىتتا يەرلىك ئاھالىلەردىن بىر نەچچىسى ئەينى ۋاقىتتا بەش يۈزدىن ئارتۇقراق دېھقاننىڭ كەتمەن- گۈرجەكلىرىنى كۆتۈرگىنىچە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتقاد چەكلىمىسىگە قارشى يېزا بازىرىدا نامايىش قىلغانلىقىنى، ھەربىي ۋە ساقچىلارنىڭ نامايىشچى دېھقانلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۇلارنى تارقىلىپ كېتىشكە بۇيرۇغانلىقىنى، ئارقىدىنلا تاراسلاپ ئوق ئېتىلىشقا باشلىغانچە كوچىدا ئۇچرىغانلىكى ئۇيغۇرنىڭ ئوققا يەم بولغانلىقىنى، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ نەچچە يۈز كىشىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن. شۇ ۋاقىتلاردا رادىيومىز مۇخبىرلىرى ئىگىلىگەن ئەھۋالاردا ئېلىشقۇ بازىرىدىكى ختاي دۇكاندارلاردىن بىرى «ئاز دېگەندىمۇ بىرەر مىڭ ئادەم ئۆلدىغۇ، دەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى. »

30 يىللىق ھاياتى ختايدا ئۆتكەن، 19 يېشىدىن باشلاپ قايتا تەربىيە نامىدا ئۇيغۇر دىيارىدىكى مارالبېشى ناھىيەسىگە جايلاشقان « شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قورۇلۇش كورپۇسى » نىڭ 3- دېۋىزىيەسىدە 9 يىللىق « قايتا تەربىيە » كۆرگەن ئامېرىكىلىق يازغۇچى تېرسا بۇكزاكى خانىم : « مېنىڭچە مەيلى قانداق ئىرق، مىللەت بولسۇن، قانداق مەدەنىيەت ياكى قانداق ئېتقاد ياكى ئۆرپ- ئادەت بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر بۇلار كەمسىتىش ياكى باستۇرۇشقا باھانە بولماسلىقى كېرەك. مانا بۇ مېنى ئەڭ ئازابلايدىغان مەسىلە. مېنىڭچە بۇ كومپارتىيەنىڭ تولىمۇ

ياۋۇزلۇقى ياكى دىكتاتورىلىقىنىڭ ئىپادىسى. بۇ مېنىڭ بىگىتۇەندىكى خىتايلار ئارىسىدا تۇرغان ۋاقتىمدىلا كۆرگەن ۋە ھېس قىلغانلىرىم. چۈنكى، ئەينى چاغدا بىگىتۇەندىكى خىتايلار ئۆزلىرىمۇ دوزاخ ئىچىدە ياشاۋاتقان تۇرۇقلۇق، ئۆزلىرىنى قالتىس چاغلايتتى. ئۇلار ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن، قازاقلار بولسۇن ئۇلارنى كەمسىتەتتى.».

فاشىست شى جىنپىڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ ( خىتاي ئىمپېرىيىسىنىڭ ) 1949-يىلى شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلىۋالغاندىن تارتىپ نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان تۈرلۈك سىياسىي ھەرىكەتلەر ۋە باستۇرۇشلار ئارقىلىق « شىنجاڭ » دىكى يەرلىك مىللەت خەلقلىرى بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنى ھەم يوقۇتالماي ھەم ئاسسىمىلياتسىيە قىلالمىغانلىقىنىڭ تەجرىبە- ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، خەلقئارالىق تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتىنى سۇيئىستېمال قىلىپ، قىسمەن ئۇيغۇرلاردىكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يۈرگۈزگەن مىللىي باراۋارسىزلىك، مىللىي زۇلۇم،ئىقتىسادىي باراۋەرسىزلىك ۋە دىنىي ئېتىقاد سىياسەتلىرى ۋە مىللىي باستۇرۇلۇشلىرىغا بولغان قىسمەن قارشىلىقلىرىنى باھانە قىلىپ ، 2017- يىلدىن باشلاپ  شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەرگە قارىتا ئىنسانىيەتكە قارشى بولغان ۋەھشىيانە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى رويابقا چىقاردى.

نۆۋەتتە، خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى « دىنىي ئەسەبىيلىك »، « بۆلگۈنچىلىك » ۋە « ئەككى يۈزلىمچىلىك قارشى تۇرۇش » دېگەندەك سىياسىي ھەرىكەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىش بىلەن ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق تۈرك مۇسۇلمانلىرى، تۇڭگان ۋە تاجىك مۇسۇلمانلىرى ۋە باشقا مىللەتلەرگە بولۇپمۇ  ئۇيغۇر تۈرك مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىلەن فاشىستلەرچە شۇغۇللانماقتا. ئۇلار بىر نەچچە مىليۇندىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىق تۈرك مۇسۇلمانلىرى ، تۇڭگان ۋە تاجىك مۇسۇلمانلىرىنى ھېچقانداق قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتمەي جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە سولاپ، قىيىن- قىستاقلارغا ئالماقتا، خىتاي گېدىيپاي جاللاتلار تۇتقۇنلارنى ۋەھشىلەرچە ھەر خىل دەھشەتلىك ئۇسۇل ۋە ۋاستىلار ئارقىلىق، ئادەم  كۆرسىمۇ، چىداپ تۇرالمايدىغان تەن جازالىرى بىلەن قىينىماقتا. ئۇلار تۇتقۇنلارنى ئادەم قىينايدىغان « يولۋاس » ئورۇندۇقتا سائەتلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇش، پۇت- قولى كويزا- كىشەنلىك ھالدا سائەتلەپ ئېسىپ قويۇش، بەدىنىگە توكچېتىپ قويۇش، تىرناقلىرىنى يۇلۇپ ئېلىش، بەدىنىنى تاماكا بىلەن كۆيدۈرۈش، ئىتقا تالاتقۇزۇش، سۇ كۆلچىكىگە سائەتلەپ چىلاپ قويۇش، ئاچ قويۇش، سۇ بەرمەسلىك، تاھارەت قىلىشقا رۇخسەت بەرمەسلىك ۋە ئۇخلاتماسلىك قاتارلىق ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىلمىشلىرى ئارقىلىق ئازاپلىماقتا، ئۆلتۈرمەكتە. مىللىي ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلىپ نومۇسىغا تەگمەكتە. ھەتتا بىگۇناھ تۇتقۇنلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئورگان ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللانماقتا. تۇتقۇن قىلىنمىغان ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق تۈرك مۇسۇلمانلىرى ۋە باشقا يەرلىك مىللەت خەلقلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق دىكتاتورلىق رېجىمى ئاستىدا كۈن ئۆتكۈزمەكتە.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، نۆۋەتتە تاجاۋۇزچى خىتاي ئىمپېرىيىسى خەلقئارا جامائەتنىڭ قاتتىق قارشىلىق قىلىشىغا قارىماستىن شەرقىي تۈركىستاندا يۈگۈزۈۋاتقان ئىنسانىيەتكە قارشى بولغان ئىرقىي ئىرغىنچىلىقنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك مىللەتلىرىنى بۇ زېمىندىن يوقىتىش ئۈچۈن ئۈچ مىليوندىن ئارتۇق تۈركىي مىللەتلەر ۋە باشقا يەرلىك مىللەت خەلقلىرىنى جازا لاگېرلىرىغا سولاپ ئۆلتۈرمەكتە.

جەمئىيەتدە قالغان يەرلىك خەلقلەر يوقىرى تېخنولوگىيە ئارقىلىق ئومۇمىيۈزلۈك نازارەت ئاستىدا كۈن كەچۈرمەكتە. خىتاي كومپارتىيىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈركىي خەلقلەر ۋە يەرلىك خەلقلەرنىڭ كىملىكىنى ئۆزگەرتىش ئۈستىدە هازىرقى زاماننىڭ ئەڭ ئىلغار پەن- تېخنىكا نەتىجىلىرىنى قوللىنىپ، بۇ كىشلارنى خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ غايىسىغا لايىق « پراگراممىلاشقان » ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇش بىلەن ئەپلەشمەكتە.

نۆۋەتتە، شەرقىي تۈركستاندا تۈرك مۇسۇلمان مىللەتلەر ۋە باشقا يەرلىك مىللەتلەر بولۇپمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ هېچقانداق سىياسىي ۋە كىشلىك هوقۇقلىرى يوق بولۇپلا قالماستىن، ئۆزلىرىنىڭ هاياتىنى ساقلاپ قىلىش بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىملىكلىرىنى يوقىتىش ئالدىدا تۇرۇپلا قالماستىن،يەنە پۈتۈن مىللەت تەرىقىسىدە يوقۇلۇش ئالدىدا تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ پۈتۈن تەقدىرى خىتاي كومپارتىيىسى ۋە هۆكۈمىتىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى.

## سياسىي تەشكىلات ۋە مەمۇرىيەتلەرنىڭ يوقىتىلىشى

1949- يىلى خىتاي كومپارتىيىسى شەرقىي تۈركستاننى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلغاندىن كېيىن گەرچە شەرقىي تۈركستان جۇمهۇرىيىتىدىن قالغان سياسىي تەشكىلات « شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى هىمايە قىلىش ئىتتىپاقى » ( 1933 - يىلدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ئارقىمۇ ئارقا قورۇلغان ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى 1950- يىلغا كەلگەندە « شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى هىمايە قىلىش ئىتتىپاقى » نىڭ تەركىبىگە قوشۇېتىلگەن ئىدى.) ئۆز خىزمىتىنى داۋام قىلدۇرغان بولسىمۇ، 1950- يىلى6 ئايغا كەلگەندە مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ نامى « شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى » غا ئۆزگەرتىلدى. 1954 يىلى 9- ئايغا كەلگەندە بۇ « ئىتتىپاق » ئۆزىنىڭ « تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولدى » دېگەن باهانە بىلەن تارقىتىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر، قازاق،موڭغۇل ۋە قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر ئۆزلىرى نىسپىي مۇستەقىل هالدا ئىدارە قىلدىغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتتىدىن مەهرۇم قىلىندى. « ئىتتىپاق » نىڭ بىر تۈركۈم مەسئۇل كادىرلىرى ئالدى- كەينى بولۇپ خىتاي كومپارتىيىسىگە قوبۇل قىلىنىپ، خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ بۇ رايوندا ئىش يۈرگۈزۈشىنىڭ تايانچ كۈچلىرىگە ئايلاندى. ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىمۇ تارقىتىلۋېتىلدى.

ئىچكى- تاشقى ۋەزىيەت ۋە خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ بۇ رايوندا دەماللىققا ئىشقا سالىدىغان كادىرلىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى هەممە شۇ چاغدا بۇ يەردىكى ئاهالىلارنىڭ 95% يەرلىك مىللەتلەردىن بولغانلىقى تۈپەيلى خىتاي كومپارتىيىسى ۋە هۆكۈمتى شەرقىي تۈركستان جۇمهۇرىيىتى هۆكۈمىتىنىڭ زور تۈركۈمدىكى كادىرلىرىنى ئىشلىتىشكە موهتاجى چۈشتى. شۇ چاغلاردا « شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت » ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى مائارىپ، دېهقانچىلىق، چارۋىچىلىق ، ئورمانچىلىق ، سوت - ئەدلىيە قاتارلىق نازارەت- ئىدارىلىرى هەممە يەرلىك ئىدارە- ئورگانلاردىكى كادىر- خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى يەرلىك مىللەتلەردىن ئىدى.

ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خىتاي هۆكۈمتى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن تۈركۈم- تۈركۈملەپ خىتاي كادىرلىرىنى بۇ رايونغا يۆتكىشى ۋە زور كۆلەمدە خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ ئېقىپ كېلىشى نەتىجىسىدە بۇ رايوندىكى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئاهالىلەرنىڭ دېموگرافىيىسى جەهەتتە چوڭ ئۆزگىرىشلەر كۆرۈنۈشكە باشلاندى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى بۇ ئۆلكىدە ئاساسەن مىللىي كادىر- خىزمەتچى ۋە مىللىي زىيالىيلارغا قارىتىلغان ھەر خىل سىياسىي ھەرىكەتلەر-- « يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى »، « رېۋىزىئونىزمغا قارشى كۆرەش » ۋە « مەدەنىيەت ئىنقىلابى » -- قاتارلىق سىياسىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق قەدەممۇ قەدەم مىللىي كادىر- خىزمەتچىلەر ۋە مىللىي زىيالىيلارغا بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىدىن كەلگەن كادىرلار ۋە ئوفىتسېرلارغا تۈرلۈك سىياسىي قالپاقلارنى كىيگۈزۈش ياكى كادىرلارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش ۋە ياكى قىسقارتىشتەك ھەر خىل باھانە- سەۋەبلەر بىلەن بۇ مىللىي كادىر- خىزمەتچىلەر كۆپ قىسمىنى دۆلەت ئىدارە - ئورگانلىرىدىن سىقىپ چىقاردى.

گەرچە بۇ ئۆلكىنىڭ « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » دېگەن نامى بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى مائارىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، سوت - ئەدلىيە قاتارلىق نازارەت- ئىدارىلەر ھەمدە يەرلىك ئىدارە- ئورگانلاردىكى مىللىي كادىرلار بارماقتا ساناپ بەرگۈدەكلا قالدى. مەمۇرىيەتتە بىر قانچە مىللىيلارغا ئەمەل بېرىپ ئۆلتۈرغۇزۇپ قويغان بولسىمۇ ، بۇ مىللىي ئەمەلدارلارنىڭ ھېچقانداق قانداق ئەمىلىي ھوقۇقى يوق ،پەقەت « خوجا كۆرسۇن » ئۈچۈن بولدى.

نۆۋەتتە، بۇ رايوندا ھۆكۈمەت ئىدارە- ئورگانلاردا ئىشلىمەكچى بولغان بەلگىلىك چەكتىكى مىللىي كادىرلار تامامەن خىتايلاشقان بولىشى شەرت. بەزى ئىدارە- ئورگانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشچى- خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئوختۇرۇشلىرىدا ئاشكارە ھالدا « مىللىيلار قوبۇل قىلىنمايدۇ » دەپ يازدىغان بولدى.

## مىللىي ئارمىيىنىڭ يوقىتىلىشى

1949- يىلى شەرقىي تۈركىستان خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن خىتاي مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خەلق ئىنقىلابى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قورالىق كۈچلىرى-- 15 كىشىلىك مىڭ كىشىلىك ئۆپچۆرىسىدىكى مونتېزىم مىللى ئارمىيىسىنى« ئاسسىمىلياتسىيە » قىلىشقا قول سالدى.

1949- يىلى 20 - دېكابىر جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئارمىيىسى-- مىللىي ئارمىيىسىنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 - كورپۇسقا ئۆزگەرتكەنلىكى ھەققىدە رەسمىي بۇيرۇق ئېلان قىلدى. بۇيرۇقدا بىر باش قوماندانلىق شتابى،ئالتاي ۋە شىخو شۆبە قوماندانلىق شتابلىرى،3 ئاتقۇچى پولكى، 6 ئاتلىق پولكى،1 ئاتلىق مۇستەقىل دېۋىزىيونگە ئىگە جەمئىي 14 مىڭ كىشدىن ئارتۇق ئەسكىرى بار بولغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قورالىق كۈچى-- مىللىي ئارمىيىسى خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5- كورپۇسى ( ئىككى دېۋىزىيە -- 13- ۋە 14- دېۋىزىيىلەردىن تەركىپ تاپقان) قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، دېيىلگەن. دەل شۇ كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدوڭ 5 - كورپۇسنىڭ رەھبەرلىكنى تەيىنلەش بۇيرۇقى ئېلان قىلدى. مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوفىتسېر- جەڭچىلىرىدىن تەركىپ تاپقان 5- كورپۇسنىڭ باش قوماندانلىق باش شتابى ۋە

دۋىزىيىلەرنىڭ قوماندانلىق شتابلىرىنىڭ ھەممىسىگە يوقىرى دەرىجىلىك  ختاي ئوفىتسېرلىرىنى سەپلىدى. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭنىڭ بۇيرۇقى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

**« مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقى**

فادىيوۋ. ئىۋان. لېسكىن جوڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5- كورپوسىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەنسۇن.
دۇن شىگيۇن جوڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 - كورپوسىنىڭ سىياسى كومىسارلىقىغا تەيىنلەنسۇن.
مەرغۇپ ئىسهاقوۋ جوڭگو خەلق  ئازادلىق ئارمىيىسى 5 - كورپوسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا ، قوشۇمچە شتاپ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنسۇن.
زاھىر ساۋدانوۋ جوڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 - كورپوسىنىڭ مۇئاۋىن سىياسى كومىسارلىقىغا تەيىنلەنسۇن.
باۋدۇن نورىيوۋ جوڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 - كورپوسىنىڭ سىياسىي بۆلۈم مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنسۇن.

رەئىس ماۋزېدۇڭ

1949 - يىل 20 - دىكابىر »

1952-  يىلىنىڭ بېشىدا ختاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 15- پىيادىلەر دىۋىزىيىسى 5 - كورپۇسىنىڭ تەركىبى قىسمىغا كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن خەس مىللىي قوراللىق قىسمىنىڭ مىللىي تەركىبى جەھەتتە ئۆزگۈرۈش ھاسىل بولدى.

1953- يىلغا كەلگەندە  ھەربىي قىسىملارنى قىسقارتىش ۋە ئىخچاملاش باھانىسى بىلەن مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇيرىقىغا ئاساسەن 5- كورپۇسىنىڭ باش ئورگىنى ئىلى ھەربىي رايون ئورگىنىغا، ئۇنىڭ 13- ۋە 14- دىۋىزىيىلىرى قىسقارتىلىپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇستەقىل 3- ۋە 4-  مۇستەقىل ئاتلىق پولكلىرى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، دۆلەت موداپىئە قىسىملىرى بولدى. 5- كورپۇسىنىڭ مىڭغا يېقىن ئوفىتسېر- جەڭچىلىرىنى جامائەت خەۋپسىزلىك قىسىملىرىغا يۆتكىۋەتكەندىن تاشقىرى ئېشىپ قالغانلىرى پۈتۈنلەي « شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش كورپۇسى » نىڭ 3  - ۋە 4- دىۋىزىيىلىرى بولۇپ تەشكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن 5- كورپۇسىنىڭ زۇنۇن تىيىپوۋ، مەرغۇپ ئىسهاقوۋ ( تاتار)، زايىر ساۋدانوۋ، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ، بايچۇرىن رەفىق (تاتار)؛ ئايتۇغان يونىچۇ ( تاتار) ۋە مالىك گىمادىيوۋ( تاتار) قاتارلىق ئالىي دەرىجىلىك قوماندانلىرى مىللىي قىسىملارغا بىۋاستە كوماندىرلىق قىلىشتىن چەتلەشتۈرۈلدى.  1954- يىلى 8 ئوكتەبىر 5- كورپۇس رەسمىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ( ۋېي جىۋاڭ : « شانلىق مىللىي ئارمىيە » دىن ، 1915- يىل نەشرى، 2015 年版 , « 光荣的民族军 » : 魏庄 ). 1960- يىللاردا مىللىي ئارمىيەدىن قالغان مۇستەقىل 3- ۋە 4 -  مۇستەقىل ئاتلىق پولكلىرىمۇ تارقىتىۋېتىلدى. شۇندىن كېيىن « خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى » دە مىللىي ئەسكەرلەرنىڭ قىسىم بىرلىكى ئۇدېلىيە- ئىزۋود بىلەن چەكلىندى. ختاي مەمۇرىيەتلىرىنىڭ « ھالال- ھارام» لىقنى ئايرىماسلىق بەلگىلىمىلىرىنىڭ ئىجراسى بىلەن بەلكىم ئارمىيەدىكى بۇ مىللىي بۆلۈملەرمۇ پات يېقىندا ئەمەلدىن  قالدۇرۇلىشى پەرەزدىن يىراق ئەمەس.

* * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * *

يۇقىرىقى بايانلار بىر تەرەپتىن نۆۋەتتە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئەڭ ئېغىر ئىرقىي دەپسەندىچىلىكى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىش ئارقىلىق يەرلىك مىللەتلەرنى قىرىپ يوقۇتۇش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى دەلىللەپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن خىتاي دۆلىتىنىڭ بىر ھاكىممۇتلەقلىك ھاكىمىيەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، « زالىمنىڭ زۇلۇمى ئاشسا، زاۋاللىقى يېقىنلىشىدۇ. » دېگەندەك ئۇلارنىڭ فاشىست ھاكىمىيىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

## نىمە ئۈچۈن خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مىللىتىنى يوقاتماقچى ؟

« نىمە ئۈچۈن خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مىللىتىنى يوقاتماقچى ؟» دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇ مەسىلىگە قارىتا خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى دۇنياغا خوجايىن بولۇش، خەلقئارالىق بازار تېپىش ۋە ئېنىشچا خىتاي نوپۇسىنى ماكانلاشتۇرۇشقا زېمىن تېپىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك پىلانى بولغان « بىر بەلۋاق، بىر يول قۇرۇلۇشى» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىستراتېگىيىلىك ئۆتكەل « شىنجاڭ » نىڭ ئەمىنلىكىگە تايىنىدۇ. شۇڭلاشقا، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ جاينىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشنى قىلىشقا تەييار ۋە ھەر قانداق چىقىم تارتىشقا رازى. شۇ ۋەجىدىن خىتاي ھۆكۈمىتى ئالدى بىلەن بۇ رايوندا « توپىلاڭ » چىقىرىۋاتقان « توپىلاڭچى » -- تۈركىي خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنى يوق قىلىشنىڭ نىيىتىگە كەلدى، دېگەندىن ئىبارەت كۆز قاراش ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت.

بۇ سەۋەب نۆۋەتتە خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار ۋە سالار قاتارلىق تۈرك مۇسۇلمان خەلقلىرى، تۇڭگان ۋە تاجىك مۇسۇلمان خەلقلىرى ھەمدە موڭغۇل، شىبە ۋە داغۇر قاتارلىق يەرلىك مىللەت خەلقلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنى مىللەت سۈپىتىدە يوقۇتۇش ياكى تەلتۆكۈس ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشىنىڭ مۇقەررەر شەرتى بولالمايدۇ. بەلكىم شەرتلىك سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن.

چۈنكى بىرىنچىدىن، خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ « بىر بەلۋاق، بىر يول قۇرۇلۇشى» دىن ئىبارەت دۇنياغا خوجايىن بولۇشتەك بۇ مۇدھىش، رەزىل ۋە سۈيىقەستلىك ئىستراتېگىيىلىك پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر قايسى يەرلىك مىللەتلەر جۈملىدىن تۈركىي مىللەتلەر بولۇپمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنى باستۇرۇش، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ياكى يوقىتىش ئارقىلىق بۇ ئەمىنلىكىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ « شىنجاڭ » نىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا يېتىپ ئاشقىدەك كۈچى بار، يەنە كېلىپ «شىنجاڭ» رايونى نىسپەتەن تىنچ رايون. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزىي ۋە يەرلىك خىتاي ئەمەلدارلىرى « شىنجاڭ » دىكى مۇتلەق كۆپچىلىك ھەر قايسى يەرلىك مىللەت خەلقلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ زېمىندا ئاسايىشلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالايدىغانلىقىنى ئاستىرتىن بىلىدۇ، ھەمدە بۇ رايوننىڭ ئەزەلدىن تېررورلۇقنىڭ ماكانى ئەمەسلىكىمۇ ئۇلارغا بەش

قولدەك ئايدىڭ، چۈنكى بۇ رايوندا تېررورلۇق ھەرىكىتىنىڭ ئاساسى يوق ۋە ئەزەلدىن تېررورلۇقنىڭ ئۇرۇقى چېچىلىپ باققان جاي ئەمەس، تېررورلۇق ھەرىكىتىنىڭ ئەزەلدىن مەنبەسى يوق. بۇ جاي چەت ئەللەر بىلەن پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىلگەن، تېررورلۇق ھەرىكىتى قىلىشقا ھاجەتلىك خام ئەشيا ۋە ماددىي نەرسىلەر مۇتلەق يوق دېيەرلىك.

بۇ جايدا ئانچە-مۇنچە « تېررورلوق ۋەقە » لىرىنىڭ سادىر بولۇشى پەقەت مىللىي باراۋارسىزلىك، مىللىي زۇلۇم ۋە دىنىي ئېتىقادنىڭ باستۇرۇلۇشى سەۋەپىدىن ئاز ساندىكى بىر قانچە ئادەملەرنىڭ مەسىلىنى توغرا ۋە تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىگە ئىشەنمەي، شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈركىي خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىنچلىقسۆيەر ئەنئەنىسى ۋە ئىرادىسىگە يات بولغان ناتوغرى يولنى تاللاپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي باراۋارسىزلىك، مىللىي زۇلۇم ۋە دىنىي ئېتىقادنى باستۇرۇشقا بەرگەن جاۋابى. تۈركىي خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەيدىغان بىر ئىشىدىن ئىبارەتتۇر، خالاس.

ئىككىنچىدىن، « شىنجاڭ » نىڭ سىياسىي-مەمۇرىي-ئىقتىسادىي-ھەربىي ۋە يەرلىك دۆلەت دىكتاتورىسى جەھەتلەردىكى ئومۇمىيۈزلۈك ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا « ش ئۇ ئا ر » نىڭ بارلىق سىياسىي، مەمۇرىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردىكى بارلىق ھوقۇقلىرى ۋە يەرلىك دۆلەت دىكتاتورىسى ئاللاقاچان پۈتۈنلەي خىتاي ھۆكۈمدارلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن. بۇ جاينىڭ پەقەت « ش ئۇ ئا ر » دەپ ۋىۋىسكىسى بولغاچقا، « خوجا كۆرسۈن » ئۈچۈن بىر قانچە « ھەمدەمدە بار، ھېساپتا يوق » بىر قانچە ئۇيغۇرنى ئۇستەلنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ قويغان، خالاس. خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىشىنىڭ « شىنجاڭ » دا سىياسىي- مەمۇرىي- ئىقسادىي- ھەربىي ۋە يەرلىك دۆلەت دىكتاتورىسى جەھەتلەردىكى شارائىتىنىڭ ھازىرلىنىشى پەقەت ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى « ئوڭۇشلۇق » ۋە « مۇۋاپىقىيەتلىك» ئېلىپ بېرىشنىڭ بىر « كاپالىتى » دىن ئىبارەت ، خالاس.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھون تۈركلىرى جۈملىدىن ھون ئۇيغۇر تۈركلىرىنى يوقىتىشىدا خىتاي كومپارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ « بىر بەلۋاق، بىر يول قۇرۇلۇشى» دىن ئىبارەت دۇنياغا خوجايىن بولۇش پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىدا « شىنجاڭنىڭ ئەمىنلىكى » نى كاپالەتلىك قىلىش پەقەت ئۇيغۇرلارنى يوقىتىشتىكى بىر يوقلاڭ مەنتىقىي ئاساسىي يوق بىر سەپسەتىدىن ئىبارەت، خالاس.

نۆۋەتتە خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىق تۈركىي خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنى مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىش ياكى تامامەن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشتىن ئىبارەت سىياسىي ھەرىكىتىنىڭ تۈپكى مەقسىتى بىر تەرەپتىن ئاتا- بوۋا خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان مۇستەملىكە قىلىۋالغان شەرقىي تۈركىستاننى ئەبەدىي ئۆز زېمىنى قىلىۋېلىشتىن ئىبارەت تارىخي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ۋە مەزكۇر مۇستەملىكىسىدە ئۆتمۈشتە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدەك دۆلەتنىڭ قايتىدىن پەيدا بولۇپ قىلىشىنىڭ ئاساسى ۋە يىلتىزىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت بولۇش بىلەن بىرگە يەنە بۇ زېمىننىڭ ئۆزلىرىگە مەنسۈپ ئىكەنلىكىنى ئۆتمۈشتە ھەر خىل ۋاستىلار-- قوراللىق ۋە قورالسىز شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەپ كەلگەن ۋە ھازىرقى زاماندا تىنچلىق يولى بىلەن ئىپادىلەپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنى بۇ زېمىندىن ئۆزۈل- كېسىل يوق قىلىۋېتىشتىن ئىبارەت بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولۇشىدىكى ئاساسى ئۆتكەل-- شەرقىي تۈركىستاننى مەڭگۈ ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشتىن ئىبارەت.

خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىشىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا سىياسىي- مەمۇرىي- ئىقتىسادىي- ھەربىي ۋە يەرلىك دىكتاتورا جەھەتلەردىكى ئىمكانىيەت ۋە شارائىتلىرى ھازىرلانغان بولسىمۇ، لېكىن خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك مىللەتلەر، تۈرك مۇسۇلمانلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە تەلتۆكۈس ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە كام نەرسە پەقەت ئۇلار مۇھتاج بولغان بىر خىل پۇرسەت ۋە ۋەزىيەت شەكىللەنمىگەن ئىدى، خالاس. شۇڭلاشقا خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك مىللەتلەر، تۈرك مۇسۇلمانلار جۈملىدىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنى ئۇلارنىڭ ئۆز زېمىنى بولغان شەرقىي تۈركىستاندىن پۈتۈنلەي يوقىتىشتىن ئىبارەت ئىنسانىيەتكە قارشى بولغان فاشىستلەرچە مۇدھىش، رەزىل ۋە سۈيىقەستلىق جىنايەتنى ئەمەلىيلەشتۈرەلمەي كەلگەن ئىدى. ئۇلار كۈتكەن پۇرسەت ۋە ۋەزىيەت خەلقئارا ۋە شەرقىي تۈركىستاندا بارلىققا كەلدى. بۇ پۇرسەت ۋە ۋەزىيەت شۇندىن ئىبارەتكى بىرىنچى، خەلقئارالىق تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى؛ ئىككىنچى، « شىنجاڭ» دا قىسمەن « تېررورلۇق ۋەقە » لىرىنىڭ سادىر بولىشى؛ ئۈچىنچىدىن، « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » نىڭ سىياسىي- مەمۇرىي - ئىقتىسادىي - ھەربىي جەھەتلەردىكى بارلىق ھوقۇقلىرى ۋە يەرلىك دۆلەت دىكتاتوراسىنىڭ ئاللاقاچان تامامەن ۋە مۇتلەق خىتاي ھۆكۈمدارلىرىنىڭ قولىدا بولۇشى.

نۆۋەتتە خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى « ئۇخلاپ چۈشىدە كۆرمىگەن» بۇ خىل ۋەزىيەت دۇنيا ۋە شەرقىي تۈركىستاندا شەكىللەندى. ئۇلار مۇھتاج بولغان ۋەزىيەت ھازىرلىنىشى بىلەن خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۈچلۈك نارازى بولۇشىغىمۇ پارۋا قىلماي، ئۆزلىرىنىڭ فاشىستلىق ماھىيىتىنى تولۇق ئاشكارلاپ، ئەسلىدە يۇمشاق يول بىلەن قەدەممۇ قەدەم يۈرگۈزۈۋاتقان ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى يىغىشتۇرۇپ، قوللىرىنى شىمايلاپ، مەركىزىي ۋە يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ دىكتاتورلۇق ئاپپاراتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، زوراۋانلىق يولى بىلەن ئاتا- بوۋا خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك خەلقلەر بولۇپمۇ تۈرك مۇسۇلمانلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى تامامەن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ياكى قولدىن كەلسە پۈتۈنلەي يوقىتىپ، « شەرقىي تۈركىستاننى ئەزەلدىن ھەر قايسى خىتاي سۇلالە ۋە دۆلەتلىرىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىدى » دىن ئىبارەت تارىخى ۋەزىپىسىنى تېز سۈرئەتتە ئادا قىلىشقا كىرىشىپ، نۆۋەتتىكى شەرقىي تۈركىستاندىكى ناتسىستلەرچە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۇردى.

خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك خەلقلەر، بولۇپمۇ تۈرك مۇسۇلمانلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇر تۈركلىرىنى يوقىتىش ياكى تۈپتىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشتىن ئىبارەت تۈپكى مەقسىتىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتىن ئارقىلىق خەلقئاراغا ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنماقتا. بىرىنچى، شەرقىي تۈركىستانلىق تۈركلەرنىڭ خىتاي ھۆكۈمدارلىرىنىڭ مىللىي باراۋەرسىزلىك ۋە ئاسسىمىلياتسىيىسىگە بولغان ھەققانىي قارشىلىقلىرىگە ئومۇميۈزلۈك « تېررورلۇق » قالپىقىنى كىيگۈزۈشى؛ ئىككىنچى، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىگە تېگىشلىك ھەققانىي ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىشىغا « بۆلگۈنچىلىك » قالپىقىنى كىيگۈزۈشى؛ ئۈچىنچى، ئىسلام ئېتىقادچىلىقىنىڭ نورمال ھالەتتىكى ئىپادىلىنىشىگە « دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە ئاشقۇنلۇق » قالپىقىنى كىيگۈزۈشىدىن ئىبارەت.

خولاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئالا قۇيرۇقنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق دېگەندەك، خىتاي فېئودال ئىدېئولوگىيىسى ۋە خىتاي فېئودال مەدەنىيىتى بىلەن سۇغۇرۇلغان ھازىرقى زامان خىتاي دۆلىتىدىكى خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئاتا- بوۋا سۇلالە- ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ ئىشغال قىلىۋالغان چەت ئەل زېمىنلىرىنىڭ ئەسلى ئىگىلىرىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ياكى يوقىتىش ئارقىلىق بېسىۋالغان يەرلەرنى « ئەزەلدىن بىزنىڭ زېمىن » دەپدىغان ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھازىر خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى ئىچىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر، تىبەت ۋە مۇڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنى ئۇزۇل-كېسىل يوقىتىش ئارقىلىق « خىتاي دۆلىتى » نى بىر خىل ئىدېئولوگىيىلىك -- فېئودال خىتاي كوممۇنىستىك ئىدېئولوگىيىلىك، بىر خىل مىللەتلىك -- فېئودال خىتاي مىللەتلىك، بىر خىل مەدەنىيەتلىك -- فېئودال خىتاي مەدەنىيىتىلىك بىر دۆلەت بارپا قىلىشتىن ئىبارەت مۇدھىش، رەزىل ۋە سۇيىقەستلىك « ئۇلۇغۋار پىلانى » نى ۋەھشىي ۋە فاشىستلەرچە ئەمەلىيلەشتۇرۇشكە باشلىدى. نۆۋەتتە خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك مىللەتلەر، بولۇپمۇ تۈركىي مىللەتلەر جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىگە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى بولسا دەل بۇ مۇدھىش، رەزىل ۋە سۇيىقەستلىك « ئۇلۇغۋار پىلانى » نىڭ مۇقەددىمىسىدىن ئىبارەت، خالاس.

## خاتىمە

## شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى خەلقئارالىق ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشى

دۇنيادىكى ھەر قايسى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق گۇرۇپپىلىرى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھۆقۇق پائالىيەتچىلىرى، دۇنيادىكى ھەر قايسى ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە ئىستانسىيىلىرى، ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە قارشى تۇرۇش كومىتېتى، خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، ھەر قايسى دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنتلىرى، پارلامېنت ئەزالىرى، ھۆكۈمەتلىرى، ھۆكۈمەت ئارپابلىرى، سىياسىيونلىرى، ئۇيغۇرشۇناسلار، ئۇيغۇر مەسىلىرى تەتقىقاتچىلىرى، ئاخبارات- تەشۋىقات ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىيىلىرى، ئالىي مەكتەپلەر ۋە پروفېسسور- ئوقۇغۇچىلار ھەمدە ئىنسانپەرۋەر زاتلارنىڭ خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار ۋە سالار قاتارلىق مۇسۇلمان تۈرك مىللەتلەر، مۇسۇلمان توڭگان ۋە تاجىك مىللەتلىرى ۋە باشقا يەرلىك مىللەتلەرگە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان سىستېمىلىق ئىرقىي دەپسەندىچىلىكى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئىبارەت ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايى قىلمىشلىرىنى خەلقئارادا كەڭ كۆلەمدە ئاشكارلاش، پاش قىلىش ۋە بۇ ئىرقىي دەپسەندىچىلىكى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئىبارەت قىلمىشلىرىنى دەرھال توختىتىش ھەمدە مەزكۇر

مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى ھىمايە يۈزدىن ئېلىپ بارغان سەمەرىلىك خىزمەتلىرى ئارقىلىق نۆۋەتتە دۇنيا مىقياسىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان مىللەتلەر ۋە باشقا يەرلىك مىللەتلەرگە ھېسداشلىق قىلىش، ئۇلارغا مەدەت بېرىش، ئۇلارنىڭ ھەققانى كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى قوغداش، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلىقى ( كىملىكى) ۋە مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قىلىش ھەمدە خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان مىللەتلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىگە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي دەپسەندىچىلىكى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى دەرھال توختىتىش ھەمدە جازا لاگېرلىرىنى تاقاشنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت زور بىر سىياسىي ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇ خىل خەلقئارالىق سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرك مىللەتلىرى بولۇپمۇ ئۇيغۇر تۈرك مىللىتىنىڭ مەۋجۇتلىقنى ساقلاپ قىلىنىشىنىڭ تۈپكى كاپالىتى.

2018- يىلى 27- ئاپرېل بىلگىيەنىڭ پايتەختى بىريۇسېلدا دۇنيا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە تۇڭگان قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەرگە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي دەپسەندىچىلىك ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئىبارەت ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايى قىلمىشلىرىنى دەرھال توختىتىش، جازا لاگىرلىرىنى تاقاش ۋە ئۇيغۇر، قازاق ، قىرغىز ۋە تۇڭگان قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەرگە ئەركىنلىك بېرىشنى تەلەپ قىلىش يۈزىدىن زور كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.

2018- يىلى 25- ماي كۈنى ۋاشىنگتون شەھىرىدىكى جورج ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتىدا ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى، ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى، ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى قۇرۇلۇشى تەشكىلاتىنىڭ ئورتاق ساھىبخانلىقىدا ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا نۇقتىلىق قىلىپ بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان كىملىك كىرىزىسى ھەمدە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

بۇ يىل 3- ئىيۇل ئەنگلىيە پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنى، شۋېتسىيە پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنى، ئاۋغۇستا ئا ق ش كونگېرىسىنىڭ كېڭەش پالاتا ئەزاسى، « خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيەكومىتېتى» نىڭ رەئىسى ماركو رۇبىئو ۋە ئاۋام پالاتا ئەزاسى كېڭەش كىرىستوفىر سمىتلار تەرىپىدىن چاقىرىلغان مەزكۇر كومىتېتنىڭ « شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا گۇۋاھلىق بېرىش » يىغىنى، ئا ق ش مۇئاۋىن پرېزىدېنتى مايىك پەنىس، ئا ق ش نىڭ دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى مايىك پومپېئو،ئا ق ش دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرلىكى خەلقئارا دىنىي ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ( دىنىي ئىشلار باش ئەلچىسى ) سام بروۋنىبەك، گېرمانىيە فېدېرال پارلامېنتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پېترا پائۇ خانىم، مالايسىيا پرېزىدېنتى ماھاتىر مۇھەممەد ،كانادا باش مىنىستىرى جۇستىن ترۇدېئاۋ ، ياپونىيە باش ۋەزىرى شىنزو ئابې، ئاۋستىرالىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خون مارىسې پاينې، تۈركىيە ئىي پارتىيىسىنىڭ رەئىسى مەرا ئاقشەنەر خانىم، دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكى قاتارلىق ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ھەمدە خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنسانىيەتكە قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن ئىبارەت جىنايى قىلمىشلىرىنى توختىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئەركىنلىك،

كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىش ھەققىدىكى نۇتۇق ۋە باياناتلىرى، تۈركىيە ۋە ھىندونېزىيە ۋە تاتارىستان خەلقلىرى ۋە ھىندونېزىيە مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى قاتارلىقلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان مىللەتلەر جۈملىدىن مۇسۇلمان ئۇيغۇر تۈركلىرىگە قاراتقان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە زوراۋانلىقلىرىنى توختىتىش يۈزىدىن ئۆتكۈزۋاتقان نامايىشلىرى ، ھىندونېزىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھىندونېزىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە چاقىرتىپ « شىنجاڭ » دىكى ھازىرقى ۋەزىيەت ھەققىدە سۈرۈشتە قىلىشى، ئامېرىكا CNN، ئەلجەزىرە ۋە باشقا خەلقئارالىق تېلىۋىزىيە ئىستانسىيىلىرى قاتارلىق تاراتقۇلار، ئىتالىيەنىڭ « زىمىستان » تور بېتى، « نيۇيورك تايمىس» ۋە « ۋاشىنگتون پوست » قاتارلىق تەسىر دائىرىسى چوڭ گېزىتلەرنىڭ خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ « شىنجاڭ» دىكى مۇسۇلمان تۈرك مىللەتلىرىگە قارىتا يۈرگۈزۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدىكى خەۋەر ۋە باش ماقالىلىرى، چەت ئەللىك « شىنجاڭ ۋەزىيىتى» نى كۆزەتكۈچىلەر ۋە ئۇيغۇرشۇناسلارنىڭ نۇتۇق ۋە باياتلىرى، ھەر قايسى مەملىكەتلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئۆتكۈزۇلۋاتقان شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان تۈرك مىللەتلىرىنىڭ نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلىرى ھەققىدىكى مۇھاكىمە يىغىنلىرى ھەمدە چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرگە قارىتا يۈرگۈزۋاتقان ئىرقىي دەپسەندىچىلىكى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەققانىي سىياسىي پائالىيەت ۋە ھەرىكەتلىرى خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسىلىسىنى تېخىمۇ خەلقئارالاشتۇردى ۋە خەلقئارالىق مەسىلىلەر قاتارىغا كۆتەردى. يەنە كېلىپ بۇ پائالىيەت- ھەرىكەتلەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىرىنى پىر- پىرقىلىۋەتتى ، ئۇلارنى ئالاق - جالاق قىلىۋەتتى.

خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى تۇرۇش يۈزىدىن بۇ يىل دۇنيانىڭ ھەر قايسى دۆلەتلىرىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر ۋە مىللەتپەرۋەر ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى يادرولىقىدىكى ھەر قايسى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قانلىق«5 - ئىيۇل ۋەقەسى» خاتىرلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن نامايىشلىرى ۋە ھەر قايسى مەملىكەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خانىم- قىزلىرىنىڭ « بىر ئاۋاز، بىر قەدەم » دىن ئىبارەت نامدا ئۆتكۈزگەن نامايىشلىرى دۇنيادا كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلدى.

« بۇ يىل ئاۋغۇستتا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشى بىر دوكلات ئېلان قىلغان بولۇپ، دوكلاتتا ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەخمىنەن 11 مىليون ئومۇمىي نوپۇسىدىن 1 مىليون 100 مىڭ كىشىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىغا قامالغانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا ب د ت ئىرقىي ئايرىمىچىلىققا قارشى تۇرۇش كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا مەزكۇر كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى گاي مىكدودوگال تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ سانىنىڭ ئىككى مىليونغا يېتىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. ».

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەمەلدارلىرى ب د ت نىڭ « كىشىلىك ھوقۇقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە قارشى تۇرۇش كومىتېتى» نىڭ بۇ يىل ئاۋغۇستا جەنۋەدە ئېچىلغان يىغىنىدا كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى ۋە خەلقئارا جامائەتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي دەپسەندىچىلىكى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن ئىبارەت ئىنسانىيەتكە قارشى قىلمىشلىرىنى دەرھال توختىتىش ۋە جازا لاگېرلىرىنى دەرھال

تاقاشتەك ھەققانى، يوللۇق ۋە كەسكىن تەلەپلىرىگە پىسەنت قىلماي، ھەر خىل سورۇنلاردا ئۇيغۇر ئېلىدىكى بۇ بۇ يىپىق جازا لاگېرلىرىنى پەدەزلەپ، «كەسپىي تېخنىكا ئۆگىنىش مەركىزى» دەپ ئاتاپ، «بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كىشىلىرىنى تەربىيىلىۋاتىمىز» دەپ قىپقىزىل يالغان گەپ ساتتى. ئۇلار بۇ خىل مىللىي باستۇرۇشنىڭ قورالى بولغان «كەسپىي تېخنىكا ئۆگىنىش مەركەز» لىرىنى تاكى ئۇيغۇر ۋە قازاق قاتارلىق تۈرك مۇسۇلمانلىرىنى ئۆزلۈك-كىشىلىك ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ بولمىغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى جېنىنىڭ بېرىچە تولۇلماقتا.

لېكىن دۇنيادىكى دېموكراتىك دۆلەتلەر، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، ئىنسانپەرۋەر جامائەتچىلىك ۋە ھەققانىيەتپەرۋەر كىشلەر خىتاي دائىرلىرىنىڭ يالغان- ياۋىداق سۆزلىرىگە پىسەنت قىلماي، چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر كىشلىك ھوقۇق قاتارلىق تەشكىلاتلىرى بىلەن بىلەن بىرلىكتە ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان تۈرك مىللەتلىرى، باشقا مۇسۇلمان مىللەتلىرى ۋە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھەققانىي ھوقۇقلىرىنى ھمايە قىلىشتىن ئىبارەت ئىنسانپەرلىك مۇقەددەس بورجىنى تەۋرەنمەستىن قەتئىي ئادا قىلىپ داۋاملاشتۇرماقتا.

دۇنيادا دېموكراتىك دۆلەتلەر، ب دت نىڭ كىشلىك ھوقۇقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە قارشى تۇرۇش كومىتېتى، خەلقئارالىق كىشلىك ھوقۇقلىرى تەشكىلاتلىرى، قىسمەن خەلقئارالىق ئىسلام تەشكىلاتلىرى ۋە چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان تۈرك مىللەتلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇر تۈركلىرىگە يۈرگۈزۋاتقان ئىرقىي دەپسەندىچىلىكى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى دەرھال توختىتىش سادالىرى ياڭراپ كەتكەن بىر ۋەزىيەتتە ئىسلام دۆلەتلىرى سۈكۈت قىلىپ تۇرماقتا. ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسىگە قارىتا ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپىيو تۋىتتېردا ئۇچۇر ئىلان قىلدى. «ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ خىل قۇلقىنى يۇپيۇرۇپ يۈرىشىگە قارىتا 14- سېنتەبىر، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپىيو تۋىتتېرغا چاپلىغان ئۇچۇردا، ئىراننىڭ ئالىي رەھبىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە نارازىلىق بىلدۈرمەسلىك بىلەن قاتتىق ئەيىبلىگەن.».

«ھۆرمەتلىك» ئەرەپ ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك مۇسۇلمان دۆلەتلىرى مالايسىيا، ھىندونېزىيە، ھىندىستان، پاكىستان، باڭگىلداش ۋە كۇۋەيت قاتارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ بەزىلىرى دۆلەت ھەم خەلق نامىدىن، بەزىلىرى خەلق نامىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرك مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا يۈرگۈزۋاتقان زوراۋانلىق سىياستىگە قارشى بايانات ئېلان قىلىش ۋە نامايىشلارنى قىلىۋاتقان چاغدا سىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا قولۇڭلار بىلەن، ئۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭلار، تىلىڭلار بىلەن، ئۇنىمۇ قىلالمىساڭلار دىلىڭلاردا قارشى تۇرۇڭلار» دېگەن ھەدىسىنىڭ روھىغا بىنائەن ئىش كۆرمەستىن بۇ ھەدىسكە ئاسىيلىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن خىتاي ھۆكۈمىتىگە كانايچىلارغىچە قەرىزگە بوغۇلۇپ قالغانلىقىڭلاردىن تىلىڭلار قىسقا بولغانلىق ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىدىن كېلىۋاتقان ئەرزىمەس ئاسىغىڭلاردىن ئايرىلىپ قىلىشتىن ئەنسىرەش ۋەجىدىن خىتاي ھۆكۈمىتى ھەمتاۋاق بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە بىرتەرەپتىن ئۆزەڭلەردە ئىستىبدات ھاكىمىيەت دۆلەت تۈزۈمى بولغانلىقتىن مۇسۇلمان بۇرادەرلىرىڭلار زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمان تۈرك قېرىنداشلىرىڭلار بىلەن ھەمدەردتە بولماستىن، بەز يېگەن مۈشۈكتەك، كۆرمەسكە سېلىپ، قولۇغىڭلارنى يۇپيۇرۇپ ئالدىڭلار. بۇ يەردە سىلەرنىڭ بۇ قىلمىشىڭلار ئۈچۈن تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قىلىپ قويۇشنىڭ ئۆزىلا كىپايە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم» دا تىلغا ئالغان شەرقتىكى يەجۇج- مەجۇجلەر ئۇلارنى توساپ تۇرغان سېپىلنى ئاللاقاچان بۇزۇپ تاشلاپ، مەملىكىتىڭلارنىڭ

بوسۇغىسغا كېلىپ بولدى. ئۇيغۇرلاردا « ئۆكۈزنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزايىنىڭ بېشىغمۇ كېلىدۇ.» دېگەن بىر گەپ بار. ئىتتىپاق بولۇپ، بىر سەپ بولۇپ ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇلمىسا، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ياۋۇز دۈشمىنى سىلەرنىمۇ بىر-بىرلەپ يەپ تۈگىتىدۇ. شۇ چاغ كەلگەندە بارمىغىڭلارنى چىشلەپ، پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالىسىلەر.

« مۇسۇلمان دۆلەتلىرى نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرى بولغان ئۇيغۇرلارغا ئىگە چىقمايدۇ؟ » دېگەن سۇئالغا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنى تەتقىق قىلغۇچىلاردىن « < چېخ جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى، دوكتور ئوندرېي كلىمەس ئەپەندى بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: << مېنىڭچە، بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر سوئال. بۇنىڭ بىرنەچچە سەۋەبى بۆلىشى مۈمكىن. ئەڭ مۇھىم سەۋەب بولسا بۇ دۆلەتلەرنىڭ خىتاي بىلەن بولغان ناھايىتى قويۇق سودا مۇناسىۋەتلىرىدۇر. خىتاي بۇ دۆلەتلەردە تەسىر كۈچى پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تېخنىكا ۋە باشقا ۋاستىلىرىنى قوللىنىۋاتىدۇ. ئەسلىدىنلا خىتاينىڭ سىياسىي مەقسەتلىرى يوشۇرۇنغان بۇ ئىستراتېگىيە مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ھېچ بىر سادا چىقارماسلىققا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ.>> >، < يەنە بىر سەۋەب ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا ئەسلىدىنلا كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە يېتەرسىزلىك ياكى ئەمەلىي مەسىلىلەر مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى پۇقرالىرىنىڭ دۆلەت قانۇنىدا بېكىتىلگەن كىشىلىك ھەق- ھوقۇقلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشىدا مەسىلە مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋاللىرى خىتاينىڭكىگە ئوخشاپ كەتكەچكە ئۇلار كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە خىتاي بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، خەلقئارانىڭ بېسىمىغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشنى ئويلايدۇ. >،< گېرمانىيە بايروئېت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئىسلامشۇناس پائۇلا شرودې خانىم بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: << بۇ مەسىلىدىمۇ ئىسلام دۆلەتلەرنىڭ خىتايغا بېقىندى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدى بىلەن قىزىقىدىغىنى خىتاي بىلەن ھەشەمەتلىك سودا توختاملىرىنى تۈزۈش. >>، << نۇرغۇن ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئىنسان ھەقلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش جەھەتلەردىكى يېتەرسىزلىكلىرى شۇنچە كۆپ تۇرسا، ئۇلار قانداق قىلىپ باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ خىتايدەك كۈچلۈك بىر دۆلەتنىڭ ئۆزى بىلەن ئوخشاش خاتالىقلىرىنى كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلالىسۇن؟! مېنىڭچە، ئۇلار ئۇيغۇر مەسىلىسىگە ئارىلاشماسلىقنى راھەت ۋە پايدىلىق ئۇسۇل دەپ قارىشىدۇ.>> ».

خەلقئارادا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان تۈركلەرگە قاراتقان يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى دەرھال توختىتىش ھەققىدىكى سادالىرى ياڭراپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە مارت ئاينىڭ 1-2- كۈنلىرى ئەبۇزەبى شەھرىدە ئېچىلغان ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرىنىڭ 46- نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان قارارنامىسىدا « خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى باش كاتىباتلىقىدىن تەشكىللەنگەن ھەيئەت تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان زىيارەتلەرنىڭ نەتىجىسىنى قارشى ئالىمىز. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇسۇلمان پۇقرالىرىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن كۆرسىتىۋاتقان تىرىشچانلىقلىرىنى تەقدىرلەيمىز. شۇنداقلا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئارىسىدىكى ھەمكارلىقنى داۋاملىق ئاشۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمىز» دېيىلگەن. ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر بۇ خىل پوزىتسىيىسىگە قارىتا سوفېي رېچاردسون مۇنداق رەدىيە بەردى : « ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىدىكى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغان تۈركىيەمۇ خىتايىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن بىر شارائىتتا بۇ قارارنامىنىڭ قانداق بولۇپ ماقۇللۇقتىن ئۆتكەنلىكى كىشىنى ھەيران

قالدۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى ۋە ئەگەر: << بۇ ئەزا دۆلەتلەر ھەقىقەتەن شۇنداق ئويلىسا، ئۆزلىرى بېرىپ شۇ لاگېرلاردا بېرىپ يېتىپ باقسۇن. >> دېدى. سوفىي رىچاردسون سۆزىدە: << مەن بۇ دۆلەتلەر ۋەكىللىرىگە ئۆزلىرى بېرىپ شۇ سىياسىي تەربىيەلەش لاگېرلىرىدا يېتىپ سىناپ بېقىشىنى قاتتىق تەۋسىيە قىلىمەن. ئەگەر ئۇلار لاگېرلاردا بىر ئاي يېتىپ باقسا ۋە ئۆزىنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرىدىن بىرەرى ئاشۇنداق لاگېرلارغا سولىنىپ كەتسە ئاندىن ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىدا ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن. بىراق، يۇقىرىقىدەك پاكىتلارنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىش كىشىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدۇ. >> دېدى. ».

« قازاقىستاندىكى تونۇلغان ئادۋوكات شىنقۇئات بايجانوف ئەپەندىمۇ شۇنداق دېدى : «خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىق يولىدىكى كۈرىشىنى تېررورلۇققا باغلاپ، ئۇيغۇرلارنى دۇنيا يۈزىگە تېررورچىلار قىلىپ كۆرسەتكۈسى كېلىدۇ. خىتاينىڭ مەقستى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ، ئۆزىگە بېقىندۇرۇش. بۇنى خىتاي ئوچۇقتىن- ئوچۇق يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. بۇ خەۋپلىك نەرسە. سوۋېت ئىتتىپاقى غۇلىدى. ئەمدى خىتاي ئەجدەرھاسى ئويغىنىپ، بىزگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇنىڭ يولىدا تۇرغان بىرىنچى توسالغۇ بۇ ئۇيغۇرلار. ئەگەر ئۇ ئۇيغۇرلارنى يۇتۇۋەتسە، نۆۋەت قازاقلارغا كېلىدۇ. مېنىڭچە، مۇبادا قازاقىستان ۋە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرى رەھبەرلىرى كېلەچەكنى ئويلايدىغان بولسا، ئۇلار ئۇيغۇر خەلقىگە ياردەم بېرىشى كېرەك. تۈركىي مەملىكەتلەر ئۇيغۇرلارغا ياردەم بەرسە، ئۇ چاغدا خىتاي ئۇيغۇرلارنى يوقىتالمايدۇ. ».

ئامېرىكىدىكى جېورج تاۋن ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى، ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتى ( سېياتىل ) ۋە ئەنگلىيەدىكى نوتتىڭخام ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى، ئۇلار دۇچ كېلىۋاتقان ئىرقىي دەپسەندىچىلىكى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسىللىرى ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئېچىلدى. ھىندىستان ۋە بېنگالدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى نارازلىق نامايىشلارنى ئۆتكەزدى. مالايسىيا خەلق ئادالەت پارتىيەسىنىڭ باشلىقى، مالايشىيانىڭ سابىق باش مىنىستىرى ئەنۋەر ئىبراھىم قاتارلىقلار ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئىرقىي دەپسەندىچىلىكى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدە نۇتۇقلارنى سۆزلىدى. ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى ۋە ئاۋام پالاتاسىدىكى ماركو رۇبىئو، كرىستوفېر سىمىت قاتارلىق 25 نەپەر نوپۇزلۇق ۋەكىل تەرىپىدىن تونۇشتۇرۇلغان « ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇن لايىھەسى — 2018 > دەپ ئاتالغان قانۇن لايىھەسى » ئىلان قىلدى.

بۇ يىل 6 - يانۋاردا جەنۋەدە چاقىرىلغان ب د ت نىڭ « خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى قەرەللىك كۆزدىن كەچۈرۈش يىغىنى » دا ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە قاتارلىق 14 دۆلەت تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يىغىندا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە قاتارلىق14 غەربىي دېموكراتىك دۆلەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى خىتاي ھوكۇمىتىنىڭ « شىنجاڭ» دا نۆۋەتتە يۈرگۈزۋاتقان ئىرقىي دەپسەنچىلىكى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى پاش قىلدى ۋە ئەيىپلىدى، ھەمدە بۇ خىل ئىنسانىيەتكە قارشى قىلمىشلىرىنى دەرھال توختىتىشنى تەلەپ قىلدى.

ب د ت نىڭ « كىشىلىك ھوقۇقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە قارشى تۇرۇش كومىتېتى» نىڭ بۇ يىل ئاۋغۇستنىڭ جەنۋەدە ئېچىلغان يىغىندا دېموكراتىك غەربىي دۆلەتلەر باشچىلىقىدىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان مىللەتلەر ۋە باشقا يەرلىك مىللەتلەرگە قارىتا يۈرگۈزۋاتقان ئىرقىي دەپسەندىچىلىكى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق توغرۇلۇق سۇرىغان سوئاللىرىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغان خىتاي

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ نۆۋەت ئامالسىز يەنە بۇ يىپىق جازا لاگېرلىرىنى پەدەزلەپ، « كەسپىي تېخنىكا ئۆگىنىش مەركەز» لىرى دەپ ئاتاپ، بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كىشىلىرىنى تەربىيىلىۋاتىمىز، دەپ يەنە قىپقىزىل يالغان گەپ ساتتى.

جەنۋەدە چاقىرىلغان ب د ت نىڭ « خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى قەرەللىك كۆزدىن كەچۈرۈش يىغىنى » مەزگىلىدە دۇنيا ئۇيغۇر قورۇلتىيى يىتەكچىلىكىدىكى جەنۋە نامايىشى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىر ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشلىرى مەزكۇر يىغىنغا قاتناشقان خىتاي ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تىخىمۇ ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى، ئۇلارنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ، كېكەچلەپ، يالغان سۆزلەپ، ئۆزلىرىنى ئاخلاشتىن باشقىنى بىلمەي قالدى. ھەتتا خىتاي ئۆمىكى يانچۇقىغا سېلىپ ئەكەلگەن« ئۇيغۇر كاناي» لىرى ۋە يىغىن ئەھلىرىنىڭ كۆزلىرىنى بوياش ئۈچۈن يىغىن بىناسىنىڭ زالىدىكى « شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرمەكتە » دېگەندەك فوتو رەسىملىك كۆرگەزمىلىرىمۇ بىر تىيىن بولۇپ كارغا كەلمەي قالدى.

بۇ قېتىمقى جەنۋەدە چاقىرىلغان ب د ت نىڭ « خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى قەرەللىك كۆزدىن كەچۈرۈش يىغىنى» خەلقئارا جامائەتكە خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي دەپسەندىچىلىكى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن ئىبارەت ئىنسانىيەتكە قارشى رەزىل قىياپىتىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇتتى.

« < گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خايكو مائاس ئۆزىنىڭ ئۆتكەن يەكشەنبە كۈندىن باشلاپ خىتايدا ئېلىپ بارغان زىيارىتى جەريانىدا ئۇيغۇر دىيارىدىكى جازا لاگېرلىرى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. گېرمانىيە ھۆكۈمىتى تارىخىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ يىگىلىقلار ئۆتكەن ھەپتىدىن بېرى گېرمانىيەدىكى ھەر خىل گېزىتلەر، رادىئو - تېلېۋىزىيە قاناللىرى، تور بەتلىرى ۋە ئاممىۋى ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن ئەڭ كۆپ ئورۇن ئالغان قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. >، < بۇ يىل 8 - نويابىر گېرمانىيە فېدېرال پارلامېنتىدا گېرمانىيە فېدېرال پارلامېنتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پېترا پائۇ خانىم يېشىللار پارتىيەسى تەرىپىدىن تەييارلانغان << شىنجاڭدا يۈز بېرىۋاتقان ئېغىر دەرىجىدىكى كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى- تەرۇز يەتكۈزۈش قىلمىشلىرىنى توختىتىش، ئېنىقلاش ۋە جازالاش>> دېگەن تېمىدىكى ئىلتىماسنىڭ مۇزاكىرە قىلىنىدىغانلىقى ئېلان قىلدى. > ».

ھىندىستان ۋە بېنگالدىكى مۇسۇلمانلار نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئۇيغۇر دىيارىدىكى دەھشەتلىك خورلاشلارغا قارىتا نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن.

« ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ ھەر قايسى مۇستەقىل خىزمەت  گۇرۇپپىلىرىدىكى 6 نەپەر مۇتەخەسسىس 12- نويابىر خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭغا مەكتۇپ يېزىپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ < < ئاشقۇنلۇقنى تۈگىتىش نىزامى >> نى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنداقلا يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەزكۇر رايوندىكى << قايتا تەربىيەلەش مەركەزلىرى >> نى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىلمىشلىرى ئۇنىڭ خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق مەجبۇرىيەتلىرىگە پۈتۈنلەي خىلاپ ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. مەزكۇر مەكتۇپ ب د ت نىڭ مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىشكە قارشى تۇرۇش گۇرۇپپىسى، پىكىر ۋە ئىپادە ئەركىنلىكىنى قوغداش گۇرۇپپىسى، ئاز سانلىق مىللەتلەر گۇرۇپپىسى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى گۇرۇپپىسى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشتا كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش گۇرۇپپىسى قاتارلىق خىزمەت گۇرۇپپىلىرىدىكى 6 نەپەر مۇستەقىل مۇتەخەسسىس تەرىپىدىن يېزىلغان. مەكتۇپتا خىتاينىڭ بۇ يىل 10- ئايدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن << ئاشقۇنلۇقنى تۈگىتىش نىزامى>> ، لاگېرلار

مەسلىسى، ئۇنىڭ رايوندا يولغا قويۇۋاتقان دىنىي ئېتىقادنى دىنىي خىتايلاشتۇرۇش، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئانا تىلنى چەكلەش سىياسەتلىرى ھەم بۇ يولدا ئالغان تەدبىرلىرى ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئانالىز قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئالغان تەدبىرلىرىنىڭ << چەكتىن ھالقىغانلىقى ۋە ھېچقانداق ھاجىتى يوقلۇقى>> بىلدۈرۈلگەن. ».

« 15- نويابىر رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، كانادا باش بولۇپ گېرمانىيە، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، شۋېتسىيە، ئاۋستىرالىيە، گوللاندىيە، ئىرېلاندىيە، شۋېتسارىيە، بېلگىيە، نورۋېگىيە، ئېستونىيە، فىنلاندىيە، دانىيە قاتارلىق 15 دۆلەت ھەممىدە ياۋروپا ئىتتىپاقى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر دىيارىدىكى جازا لاگېرلىرى مەسىلىسى بويىچە بىرلەشمە مەكتۇپ ھازىرلاپ، خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خەلقئارا بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلارغا يوللىغان. بىرلەشمە مەكتۇپتا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان باستۇرۇشلىرىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئەمەلدارلىرىدىن چېن چۈەنگو ۋە شۆھرەت زاكىرلار بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش شۇنداقلا ئۇيغۇر دىيارىدىكى جازا لاگېرلىرى ھەممىدە ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەر ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىش تەلەپ قىلىنغان بۇ مەكتۇپتا يۇقىرىقى 15 دۆلەت ئەلچىلىرىنىڭ ب د ت نىڭ ئۇيغۇر دىيارى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ نەتىجىسىگە يۈكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان. مەكتۇپتا مۇنداق دېيىلگەن: << بىز ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى توغرىسىدىكى دوكلاتنى كۆرۈپ ئىنتايىن چوڭقۇر خاتىرجەمسىزلەنمەكتىمىز. >> » دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاتتى. ».

« < خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەملىك لاگېرلارغا قاماپ، ئۇلارغا جىسمانىي ۋە روھىي ئازاپ سېلىشى ئامېرىكىدىكى يەرلىك خرىستىئان ۋە مۇسۇلمان دىنىي زاتلىرىنى بىئارام قىلىشقا باشلىغان. 6- نويابىر كۈنى ئامېرىكىنىڭ پېنسىلۋانىيە شتاتىدىكى 7 نەپەر خرىستىئان ۋە مۇسۇلمان دىنىي زات << سۇبھىي چاقىرىقى>> ناملىق يەرلىك تور ژۇرنىلىدا مەكتۇپ ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ < ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى ئازاپلاشقا خاتىمە بېرىشنى تەلەپ قىلغان> ».

«تاتارىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي باشقارمىسى رەئىسى كامىل سامىگۇللىن خىتاي دائىرىلىرىنىڭ مەملىكەتتە ياشايدىغان مۇسۇلمانلارغا قارشى باستۇرۇش سىياسىتىنى ئەيىبلىگەن ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنى خىتايدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى ئۈچۈن سەممىي دۇئا قىلىشقا چاقىرغان ئىدى. كامىل سامىگۇللىننىڭ بۇ پوزىتسىيىسى ئۇيغۇرلارنى قاتتىق تەۋرەندۈردى.»،

« 11- ئاينىڭ 27- كۈنى << دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكى >> خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارشى يۈرگۈزۈۋاتقان بېسىم سىياسىتىگە قارشى بايانات ئېلان قىلدى.».

« ۋاشىنگتوندىكى << ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى>> 28- نويابىر ئېلان قىلغان دوكلاتىدا خىتاي ھۆكۈمىتى بارغانچە كېڭەيتىۋاتقان لاگېرلار مەسىلىسىگە قارىتا پۈتۈن يەرشارى خاراكتېرلىك ئىنكاس قايتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى، دىنىي تەشكىلاتلار، خەلقئارالىق سودا شىركەتلىرى ۋە خەلقئارادا تونۇلغان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە داۋاملىق بېسىم ئىشلىتىشى كېرەكلىكى بىلدۈرۈلدى. ».

« < بۈگۈن، يەنى 28- نويابىر كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى قارمىقىدىكى خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتىدا خىتايدىكى دىنىي باستۇرۇش بويىچە گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى >، < ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان بۈگۈنكى گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىغا << كوممۇنىستىك پارتىيە خىتايدا دىنىي ئېتىقادنى قاتتىق باستۇردى >> دەپ نام بېرىلگەن. >، < ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى، سېناتور ماركو رۇبىيو سۆز قىلدى. ئۇ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ بۇ يىل خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا ئېلىپ بېرىۋاتقان باستۇرۇشلىرىغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك مۇسۇلمان مىللەتلەرنى نىشان قىلغان باستۇرۇشلىرىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى تەكىتلىدى.>، < ئۇ مۇنداق دېدى: << مېھرىگۈل تۇرسۇن خانىمنىڭ ھېكايىسى خىتاينىڭ دىنىي ئېتىقادقا ۋە دىنىي گۇرۇپپىلارغا قارىتىۋاتقان رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇشلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. بۇ بىر رەزىللىك، بۇ سەل قاراشقا ئەسلا بولمايدىغان رېئاللىق. بىز ياشاۋاتقان 21- ئەسىردە بۇنداق رەزىللىك ھەرگىز، ھەرگىز ۋە ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىنماسلىقى كېرەك. شەخسلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە مەدەنىيەت كىملىكى سەۋەبلىك بۇ خىلدىكى كەڭ كۆلەملىك يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا قامىلىشى ئەسلا قوبۇل قىلىنماسلىقى كېرەك...>> >، < دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەزاسى كرىستوفېر سمىس سۆز ئېلىپ مۇنداق دېدى: << مېھرىگۈل تۇرسۇننىڭ كۈچلۈك گۇۋاھلىقى بىزگە شۇنى ئەسكەرتمەكتىكى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا تەسىس قىلغان يۇقىرى تېخنىكىلىق ساقچى دۆلىتىگە خاس تەقىب سىستېمىسىغا ھەرگىزمۇ سۈكۈت قىلماسلىقىمىز كېرەك. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ خىل تەقىب سىستېمىسى ئارقىلىق رايوندىكى پۈتكۈل ئېتنىك گۇرۇپپىلارغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە ۋە دىنىي ئېتىقادنى خىتايچىلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويماقتا.>> دېدى. > ».

« خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىدىن << ساخاروف ئەركىنلىك مۇكاپاتى>> نىڭ ساھىبى خۇ جيا ئەپەندى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى فاشىستلارچە جازا لاگېرلىرىغا قاماپ، بىر مىللەتكە قارىتا دۆلەت تېررورلۇقى سىياستى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى ئەيىبلىدى. ».

« < ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىغا قاراشلىق تاشقى مۇناسىۋەت كومىتېتى قارمىقىدىكى << شەرقىي ئاسىيا، تىنچ ئوكيان ۋە خەلقئارا تور بىخەتەرلىكى سىياستى كومىتېتى >> 4 - دېكابىر كۈنى مەزكۇر كومىتېت << خىتايدىن كېلىۋاتقان خىرىسلار >> تېمىسىدىكى گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكىنى ئۆتكۈزدى. > ، < مەزكۇر كومىتېت رەئىس گاردنېرنىڭ پىكرىچە، شى جىنپىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنياغا زورىيىۋاتقان ھاكىممۇتلەقلىقى ئىچكى قىسىمدا دېموكراتىيە، ئىنسان ھەقلىرى ۋە قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ مىسلىسىز دەرىجىدىكى ئاياق- ئاستى بولۇشىغا سەۋەب بولغان. بۇنىڭ ئەڭ زور قۇربانلىرى بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە باستۇرۇشقا دۇچ كېلىشىدە ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ رايوندىكى غايەت زور كۆلەملىك لاگېرلار مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىققان. نۆۋەتتە بۇ مەسىلە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ب د ت نىڭ زور دىققىتىدىكى ئىشلاردىن بولۇپ قالغان. > ».

« < ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى قارمىقىدىكى ئاسىيا كومىتېتىنىڭ رەئىسى تېد يوخو ۋە مەزكۇر كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى براد شېرمان قاتارلىق سەككىز نەپەر دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى ھەممە باشقا ئالاقىدار سىياسىيونلارنىڭ بىرلىكتە ئىمزا قويۇشى بىلەن << ئۇيغۇرلارغا ئىگە چىقىش ۋە دۇنياۋى ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ

ئورتاق ئىنكاسى>> ماۋزۇلۇق قانۇن لايىھەسنى تۈزۈپ چىقىش تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى . >، < مەزكۇر قانۇن لايىھەسنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشتە بولسا بۇ ھەقتە ئاددىي قىلىپ << ختاينىڭ شىنجاڭ رايونىدا ئاز دېگەندىمۇ بىر مىليون تۈركىي مۇسۇلمان خەلقى ئاتالمىش < قايتا تەربىيەلەش مەركىزى > لاگېرلىرىغا سولىنىۋاتىدۇ. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار ختاينىڭ پاراكەندە قىلىشى ۋە سۈكۈتكە گىرىپتار قىلىشىغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. دېيىلىدۇ. >> >، < مەزكۇر قانۇن لايىھەسى ھەققىدىكى تەكلىپتە ئالاھىدە تەكىتلەنگەن بىر نۇقتا ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلارنى ختايغا ئېكسپورت قىلىشى ھەمدە ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ تېخنىكىلارنى ئۇيغۇرلار دىيارىدىكى سىياسىي باستۇرۇشقا ئىشلىتىشىدۇر. بۇ ھەقتىكى باياناتتا دۆلەت مەجلىسى ئەزاسى براد شېرمان ئالاھىدە قىلىپ << ختاي ھۆكۈمىتى بىزنى تۈركىي مۇسۇلمانلار دۇچ كېلىۋاتقان زۇلۇمغا قارىتا بىر كۆزنى قىسىۋالدۇ، دەپ ئويلاپ كەلگەن. بىز ئۇلارغا بۇنىڭ خام خىيال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويماقچىمىز>> دېيىلىدۇ. >، < مەزكۇر قانۇن لايىھەسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا ئۇيغۇرلار دىيارىدا زور كۆلەمدە كېڭىيىۋاتقان << تەربىيەلەش مەركىزى>> نامىدىكى لاگېرلار مۇھىم سەۋەب بولغان بولۇپ، ئاۋام پالاتا ئەزاسى تېد يوخو بۇ ھەقتە سۆز بولغاندا << بىز بۇنى مەڭگۈ قوبۇل قىلالمايمىز. >> دېگەن . > » .

8- دىكابىر « ئەنگلىيەنىڭ نوپۇزلۇق خەۋەر ئاگېنتلىقلىرىدىن BBC ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدە يولغا قويۇۋاتقان سىياسەتلىرى ۋە لاگېر تۈزۈمى ھەققىدە بىر سائەتلىك پروگراممىا تارقاتتى. 8 - دېكابىر، يەنى ئۆتكەن شەنبە كۈنى تارقىتىلغان بۇ پروگراممىا BBC ئاگېنتلىقى مۇخبىرىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى بىۋاستە تەكشۈرۈشلىرى شۇنداقلا تۈركىيەدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بىلەن ئېلىپ بارغان زىيارەتلىرى ئاساسىدا تەييارلانغان. BBC دە تارقىتىلغان بۇ پروگراممىدا ئۇيغۇر ئېلىدە يولغا قويۇلۇۋاتقان لاگېر تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭغا ياندىش كېلىپ چىققان ئېغىر ئاقىۋەتلەر تەپسىلىي بايان قىلىنىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئېغىر ۋەزىيىتى ناھايىتى روشەن يورۇتۇپ بەرگەن. ».

2018 - يىلى 10- دىكابىر « < << دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق ختابنامىسى>> ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 70 يىللىق خاتىرىسىدە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ رايبۇرن بىناسىدا << پۇقرالار كۈچى تەشكىلاتى >> ئۆزلىرىنىڭ 13- نۆۋەتلىك << مىللەتلەر ۋە ئېتىقادلار ئارا ياش رەھبەرلەرنى تەربىيىلەش يىغىنى>> نى ئاچتى. بۇ يىلقى يىغىنغا << شى جىنپىڭ فاشىزمىنى چەكلەپ، ختايدىكى دېموكراتىك ئۆزگىرىشنى ئالغا سىلجىتايلى: يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ئىستراتېگىيە>> دەپ ماۋزۇ قويۇلغان ئىدى . >، < << پۇقرالار كۈچى >> تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ياڭ جيەنلى سۆز ئېلىپ نۆۋەتتە ختاي كومپارتىيىسىنىڭ پۈتۈن سەپ بويىچە فاشىزمغا قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ بىر تىپىك مىسالى سۈپىتىدە پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئون پىرسەنتىنى ھېچ سەۋەبسىزلا << يىغىۋېلىش لاگېرى>> غا قامىۋالغانلىقىنى بايان قىلدى. شۇنىڭدەك يېقىندا لاگېردىن قۇتۇلۇپ چىققان مېھرىگۈل تۇرسۇننىڭ لاگېردىكى كەچۈرمىشلىرىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىر قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنلىكىنى يىغىن ئەھلىگە يەنە بىر قېتىم ئەسلىتىپ ئۆتتى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ختايدىكى زۇلۇمنى پاش قىلىش جەھەتتە باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇش يۈزىسىدىن 2018- يىللىق مۇكاپاتنىڭ يەنە بىرىنىڭ مېھرىگۈلگە بېرىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. > ».

« 10- دېكابىر << خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق كۈنى >> دە چېخ ۋە سلوۋاكىيەلىك ئىلمىي خادىملار ۋە ھەر ساھە زاتلاردىن تەشكىللەنگەن 115 كىشى ئىمزالىق بايانات ئېلان قىلىپ، ختاي ھۆكۈمىتىدىن ئۇيغۇر ئېلىدىكى

لاگېرلارنى تاقاشنى تەلەپ قىلغان. باياناتتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدە يولغا قويغان ئېغىر بېسىم سىياسەتلىرى شۇنداقلا ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنى لاگېرغا قاماش ھەرىكىتى قاتتىق ئەيىبلىنىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن << سىياسىي تەربىيە>> لاگېرلىرىغا قامالغان بارلىق كىشىلەرنى دەرھال ئازاد قىلىش، رايوندىكى يۇقىرى بېسىملىق سىياسەتنى ئاياغلاشتۇرۇش تەلەپ قىلىنغان. ».

« دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بۇ كۈن مۇناسىۋىتى بىلەن خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇققا ئالاقىدار پائالىيەت قىلىدىغان قالغان 20 تەشكىلات بىلەن ئورتاق بايانات ئېلان قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئېلىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان << ساقچى دۆلىتى سىستېمىسى>>  ۋە لاگېر تۈزۈمىنى ئاياغلاشتۇرۇش ئۈچۈن خەلقئارا جامائەتنى خىتايغا ئورتاق ھالدا قارشى تۇرۇشقا، كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە ۋە پىكىر ئەركىنلىكى قاتارلىق كىشىلىك ھوقۇق قىممەتلىرىنى ياقلايدىغان ھۆكۈمەتلەرنى ئورتاق ھەرىكەت قىلىپ، خىتايدىكى بارلىق خەلقلەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشقا چاقىرغان. ».

10- دېكابىر كۈنى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ خىتايدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرىمۇ كىشىلىك ھوقۇق كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن مەخسۇس بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئۆزى قول قويغان خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىگە ئەمەل قىلىشقا چاقىردى.».

« < تۈركىيەدىكى ئۆكتىچى پارتىيەلەردىن بىرى بولغان بۈيۈك بىرلىك پارتىيەسى 23- دېكابىر كۈنى ئەنقەرەدە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان تەقىبلەش سىياسىتىگە قارشى نارازىلىق بىلدۈرۈش يىغىلىشى ئۆتكۈزدى. >، < يىغىلىشتا مەزكۇر پارتىيەنىڭ رەئىسى مۇستافا دەستىچى ئەپەندى نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ نۇتقىدا ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ، شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا مىلادىدىن بۇرۇن 2- ئەسىردىن باشلاپ ھۇن دۆلىتى، كۆكتۈرك دۆلىتى، ئۇيغۇر دۆلىتى، قاراخانىيلار دۆلىتى، سەئىدىيە دۆلىتى، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى، مانچۇ ئىمپېرىيەسىنىڭ 1884- يىلى مەزكۇر تۇپراقنى قايتىدىن بېسىۋالغاندىن كېيىن ئىسمىنى << شىنجاڭ >> دەپ ئۆزگەرتكەنلىكىنى، بۇ زېمىنىنىڭ نامىنىڭ << شىنجاڭ >> ئەمەس، << شەرقىي تۈركىستان >> ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. >،< مۇستافا دەستىچى ئەپەندى نۇتقىدا خىتاينىڭ بۇرۇندىن تارتىپ تۈركىي مىللەتلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى يۈرگۈزۈپ كەلگەنلىكى، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە خىتاينىڭ بېسىم سىياسىتىنىڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكىنى، 3 مىليون ئادەمنىڭ لاگېرلارغا تاشلانغانلىقىنى، خىتاينىڭ مۇخبىرلار، ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى ۋە تۈرك سىياسەتچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىغا رۇخسەت بېرىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. > ».

« < 26- دېكابىر كۈنى قازان شەھىرىدىكى كەرىم تىنچۇرىن باغچىسىدا بىر توپ تاتار پائالىيەتچىلىرى تۈرلۈك پلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ، نارازىلىق يىغىلىشى ئۆتكۈزۈپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بىخەتەرلىك كېڭىشىنى خىتاينىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرگە قاراتقان سىياسىتىنى ئەيىبلەشكە چاقىردى. >،< يىغىلىشقا يېغىۋاتقان قارغا قارىماي 12 ئادەم قاتناشقان بولۇپ، ئۇلار قوللىرىدا << خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسى شى جىنپىڭ! ب د ت ۋەكىللىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە يول قويۇشنى تەلەپ قىلىمىز! >>، << خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسى شى جىنپىڭ! خىتايدىكى تۈركىي مۇسۇلمانلارغا قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىمىز! >>، << فاشىستلار گېرمانىيەسى 1937- ، خىتاي 2018 ->>، << تاتارلار! قانداش ئۇيغۇر، قازاق

قېرىنداشلىرىمىزنى بىرلىكتە قوغداشقا قوزغىلايلى! >>، << يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى ئۇيغۇر ۋە قازاقلارغا ئەركىنلىك! >> دېگەندەك شوئارلار يېزىلغان پلاكاتلارنى كۆتۈرگەن. > ».

« د ئۇ ق نىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىغا بولغان كۈچلۈك قارشىلىقلىرى نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقى، ب د ت ھەمدە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە كۈنتەرتىپكە كەلگەنلىكىنى كۆرسەتتى. ».

يېقىندا يەنە « ھىندونېزىيە ئۆلىمالار بىرلىكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زوراۋانلىقلىرىغا قارشى بايانات ئېلان قىلدى، ھىندونېزىيە مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار ئويۇشمىسى نامايىش ئۆتكۈزۈپ،خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ئۇيغۇرلارغا ئەركىنلىك بېرىشنى تەلەپ قىلدى ۋە بىر قىسىم ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرلىرىمۇ ھىندونېزىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا مەكتۇپ يېزىش ئارقىلىق خىتاينى مۇستەقىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا يول قويۇشقا چاقىردى. ».

تا بۈگۈنگە قەدەر دۆلەت سۈپىتىدە ھېچ بىر ئەرەب ياكى تۈرك ۋە ياكى باشقا ئىسلام ئەللىرىدىن رەسمىي شەكىلدە بىر ئىنكاس چىقمىغان ئىدى. لېكىن 1- يانۋار كۇۋەيت پارلامېنتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئۇسامە شاھىن بۇ سۈكۈت قىلىشنى بۇزدى.

« 2019 - يىل1- يانۋار كۇۋەيت پارلامېنتىدا ئۇيغۇر دىيارىدىكى جازا لاگېرلىرى مەسىلىسىنىڭ رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پارلامېنتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئۇسامە شاھىن پارلامېنتتا قىلغان سۆزىدە < ئالدىنقى كۈنلىرى خوتەن قاراقاشنىڭ زاۋا يېزىسىدا سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلگەن بىر ئۇيغۇر نارىسىدەنىڭ رەسىمنى ھەمدە جازا لاگېرلىرىغا ئائىت رەسىملەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىر كۈلپەتلىرىنى، خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىدىكى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەرنى تىلغا ئالغان. ئۇ سۆزىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى مىڭ يىللار ئىلگىرىلا قوبۇل قىلغان مۇسۇلمان بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىسلامغا قوشقان تۆھپىلىرىنىڭ ناھايىتى زورلۇقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن. ئۇ يەنە ب د ت ئىرقىي ئايرىمچىلىققا قارشى تۇرۇش كومىتېتىنىڭ رەسمىي دوكلاتىغا ئاساسەن شەرقىي تۈركىستاندا 1 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ جازا لاگېرلىرىغا قامىلىپ زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ، بولۇپمۇ ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۇنىڭغا قارىتا يېتەرلىك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلمەيۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن.>، < ئۇسامە شاھىن 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ناتسىستلارنىڭ جازا لاگېرلىرىدىن كېيىن، 2- قېتىم بۇنداق لاگېرلار مەۋجۇت بولمايدۇ دېيىلگەن بۇ دۇنيادا ئارىدىن 70 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە جازا لاگېرلىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى ۋە بۇ لاگېرلاردا شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، بۇنىڭ ئىنسانلىق جىنايىتى بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مۇسۇلمان ئەللىرىنى ھەمدە بارلىق مۇسۇلمان دۇنياسىنى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە چاقىرىپ، «سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرنى كۆزدە تۇتۇش بىلەن بىرگە، ئىنسانىيلىقنىمۇ نەزەرگە ئېلىش لازىم، بۇ يەردە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر بولۇۋاتىدۇ. دېگەن. >، < ئۇسامە شاھىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ << زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا قولۇڭلار بىلەن، ئۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭلار تىلىڭلار بىلەن، ئۇنىمۇ قىلالمىساڭلار دىلىڭلاردا قارشى تۇرۇڭلار>> دېگەن ھەدىسىنىڭ روھىغا بىنائەن كۇۋەيتنىڭ بىر مۇسۇلمان دۆلىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى دۇچ كېلىۋاتقان زۇلۇملارغا ئىنكاس بىلدۈرۈش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى تەكىتلىگەن. > ».

« < << ۋاشىنگتون پوچتىسى >> گېزىتى 8- يانۋار كۈنى يەنە بىر قېتىم تەھرىرات ماقالىسى ئېلان قىلىپ، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنى خىتاينىڭ << كەڭ كۆلەملىك مەدەنىيەت يوقىتىش ھەرىكىتى >>گە دۇچ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى قانۇن لايىھىسىنى تېزرەك ماقۇللاپ، بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا چاقىرغان. بۇ ئامېرىكىدىكى نوپۇزلۇق گېزىتنىڭ يېقىنقى 6 ئىچىدە ئېلان قىلغان 5 قېتىملىق تەھرىرات ماقالىسىدۇر. >، < << ۋاشىنگتون پوچتىسى>> تەھرىرات ماقالىسىدە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى تېز ھەرىكەت قىلىشقا چاقىرىلىپ، كانادا پارلامېنتىنىڭ ئۆتكەن ئايدا ئېلان قىلغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى دوكلاتى نەقىل كەلتۈرۈلگەن. بۇنىڭدا كانادا پارلامېنتىنىڭ دوكلاتىدا << تۈركىي مۇسۇلمانلارغا بولۇۋاتقان ھادىسە كۆلەم، تېخنىكا جەھەتتىكى تاكامۇللۇق، دۆلەتنىڭ بۇ قۇرۇلۇشقا ئاجراتقان ئىقتىسادى سېلىنمىسى جەھەتلەردە مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغانلىقى >> تەكىتلەنگەنلىكى، لېكىن دۇنيانىڭ بۇنىڭغا زۇۋان سۈرمەيۋاتقانلىقى، مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ سۈكۈت قىلىۋاتقانلىقى> نى تەكىتلىدى.> »،

« < ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ھۆكۈمەتلىرى ھازىرغا قەدەر سۈكۈتتە تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئاشۇ دۆلەتلەردىكى ئادديي پۇقرالار خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىدا مىليونلىغان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەتمەكتە. بۇ ھەقتە مەتبۇئاتلاردا تورلۇك ئۇچۇرلار ئارقىمۇ- ئارقىدىن ئېلان قىلماقتا. قىرغىزىستاندا بولسا يېقىندا بىر قىسىم ئامما ھەتتا خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا نارازىلىق پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرغان ئىدى. >، < دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ قازاقىستاندىكى ئەزالىرىدىن ئەركىن ئەخمەت باشچىلىقىدىكى بىر توپ ياشلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 10- يانۋار كۈنى ئاممىۋى تور بەتلەردە ئۇيغۇر، ئىنگلىز ۋە رۇس تىللىرىدا «ستوپ گېنوتسىد: بىز تىنچلىقنى ئارزۇ قىلىمىز!» ناملىق ئېتىراز بىلدۈرۈش باشلاندى. بۇ پائالىيەتنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش سىياسىتىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پائالىيەتلىرىگە بىر كىشىلىك ئاۋاز قوشۇش شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلار دۇچار بولۇۋاتقان نۆۋەتتىكى لاگېرلار مەسىلىسىنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئىكەن. >، < ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرى ئارقىلىق << ستوپ گېنوتسىد: بىز تىنچلىقنى ئارزۇ قىلىمىز>> ، يەنى << قىرغىنچىلىقنى توختات: بىز تىنچلىقنى ئارزۇ قىلىمىز >> ناملىق ئېتىراز بىلدۈرۈش پائالىيىتىگە قىرغىزىستان ئۇيغۇر ياشلىرىمۇ ئاكتىپ ئاۋاز قوشتى. قىرغىزىستاندىكى << ياشلىق ئاۋازى ئۇيۇشمىسى >> نىڭ ھەم قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى << ئىتتىپاق >> جەمئىيىتىنىڭ ياشلار كومىتېتىنىڭ ئىنستاگرام سەھىپىلىرىدە مەزكۇر خەتلەر يېزىلغان پائالىيەت باشلاندى. > ».

« < 15- يانۋار ئىلھام توختى ئەپەندىنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنىڭ 5 يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن << خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى>>، << ئىلھام توختىنى قوللاش گۇرۇپپىسى>> قاتارلىق بىر قىسىم تەشكىلاتلار ۋە كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىمۇ بايانات ئېلان قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئىلھام توختىنىڭ ئەھۋالىغا جىددىي كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇيغۇرلار ۋەزىيىتىگە دىققەت قىلىشقا چاقىردى. >،< ئۇيغۇر زىيالىيسى ئىلھام توختىنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنىڭ 5 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، 2008- يىللىق خەلقئارا << ساخاروف ئەركىنلىك مۇكاپاتى >> ساھىبى بېيجىڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى خۇ جىيا ئەپەندى بايانندا خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازىنى خىتاي خەلقى ۋە دۇنياغا ئاڭلىتىشتا كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينىغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى دۇنياغا ئاڭلىتىشتىكى ئاۋازى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنىي ھەق- ھوقۇقلىرىنى ئاشكارا تەلەپ قىلغان ئۇيغۇر زىيالىيسىنى قاماش ئارقىلىق، ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈرۈش مەقسىتىگە يەتمەكچى

ئىكەنلىكنى تەكىتلىدى. >، < بېيجىڭدىكى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى، ئىقتىسادشۇناس ئىلھام توختى، ئۆزى قۇرغان << ئۇيغۇر تور بېكىتى>> دە ئېلان قىلغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ماقالىلىرى ۋە خەلقئارا تاراتقۇلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغىنىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ۋەزىيىتىنى ئاڭلىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنىي ھەقلىرىنى ئاشكارا تەلەپ قىلغان ئىدى. > ».

2018- يىلى ھەر قايسى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى، ئۇيغۇر گۇرۇپپىلىرى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھۆقۇق پائالىيەتچىلىرى ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تور تېلېۋىزىيە پروگراممىسى، ئۇيغۇر ئىستىقلال تېلېۋىزىيە ئىستانسىيىسى ۋە ئۇيغۇر خەۋەرلىرى تېلېۋىزىيە ئىستانسىيىسى؛ ب دت نىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە قارشى تۇرۇش كومىتېتى، خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى، ھەر قايسى دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنتلىرى، پارلامېنت ئەزالىرى، ھۆكۈمەتلىرى، ھۆكۈمەت ئاربابلىرى، سىياسىيونلىرى، ئۇيغۇرشۇناسلار، ئۇيغۇر مەسىلىرى تەتقىقاتچىلىرى، ئاخبارات- تەشۋىقات ئورگانلىرى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىيىلىرى ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرى، چەت ئەللەردىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى تەشكىلاتلار ۋە پروفېسسور- ئوقۇغۇچىلىرى ھەمدە ئىنسانپەرۋەر زاتلارنىڭ زور تىرىشچانلىقلىرى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۈرك مۇسۇلمانلىرى بولۇپمۇ ئۇيغۇر تۈركلىرى ۋە مۇسۇلمان تۇڭگان ۋە تاجىك مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا يۈگۈزۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى دەرھال توختىتىش ۋەزىيىتى خەلقئارالاشتى.

2019- يىل كىرىشى بىلەن تۈركىيە، ھىندونېزىيە ۋە مالايسىيا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ھەر ساھە خەلقلىرىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا جۈملىدىن ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان  مىللىي باستۇرۇشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش ۋە بۇ خىل ئىرقىي دەپسەنچىلىكنى دەرھال توختىتىش يۈزىدىن ئېلىپ بارغان نامايىشلىرى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى .

« 2019 - يىل 17- يانۋار پەيشەنبە كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئاۋام ۋە كېڭەش پالاتالىرىدا بىرلا ۋاقىتتا ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى لايىھسى تونۇشتۇرۇلدى.  <<  ئەگەر بۇ قانۇن لايىھەسى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشىپ، پرېزىدېنت ترامپنىڭ ئىمزا قويۇش بىلەن ماقۇللانسا ئامېرىكىدا ئۇيغۇرلارغا ئائىت چىقىرىلغان تۇنجى قانۇن بولۇپ قالىدۇ. >> ».

2019- يىلى 22- يانۋار كۈنى « << مالايسىيا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى سەيفۇددۇن ئابدۇللاھ: بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتىنى يېقىدىن كۆزىتىۋاتىمىز، يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللارغا دىققەت قىلىۋاتىمىز ۋە ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن قاتتىق ئەندىشىلىنىۋاتىمىز. >> دېگەن. ».

يېقىندا «  ئامېرىكىدىكى دۆلەتلىك ۋە يەرلىك مۇسۇلمان جەمئىيەتلەر، جامائەتلەر، دىنىي رەھبەرلەر ۋە زىيالىيلار بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، خىتايىنى ئۇيغۇر رايونىدىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنى تاقاشقا، ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلارنى ئۇيغۇرلارغا ياردەمدە بولۇشقا شۇنداقلا يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى كارخانىلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى بايقۇت قىلىشقا چاقىردى . ».

نۆۋەتتە، كىشىلىك ھوقۇق كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ 2019- يىللىق دوكلاتىدا دېيىلگەندەك « يەر شارى مىقياسىدا كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ھەرىكىتى قايتا جانلانغانلىقى، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە ئاممىۋى گۇرۇھلارنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمەتلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى كۈچەيتكەنلىكى » دىن ئىبارەت يېڭى

بىر ۋەزىيەت ئاستىدا خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى بىچارە بولۇپ، « يولدىن ئۆتكەن چاشقاننى ھەر كىم ئۇرىدىغان» بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

نۆۋەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشى پەقەت ئەينى زاماندا گېتلىر ناتسىستلىرى يەھۇدىيلەرگە قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى يوشۇرۇش مەقسىتىدە، سەھنىلەشتۈرۈلگەن جايلارنى ياساپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ئالداشقا ئۇرۇنۇشىدەك سىياسىي ئالدامچىلىقلارنى قىلىشلا بولۇپ قالدى. بۇ يىل كىرگەندىن باشلاپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرىز بېرىش ياكى بىكار پۇل بېرىش يوللىرى بىلەن ئۆزىنىڭ يالىقىنى يالايدىغان دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى ۋە مۇخبىر -ژۇرنالىستلىرىنى « شىنجاڭ » غا تەكلىپ قىلىپ، « ئۇيغۇر تۈرك نامازخانلارنىڭ مەسچىتكە پاتماي قالغان ھالدا ناماز ئوقۇۋاتقان مەنزىرىسى » نى « تاماشا » قىلدۇرماقتا، ھەمدە ئۇلار ئارقىلىق دۇنيا خەلقىنى ئالداش خام خىيالىنى سۈرمەكتە.

بۇ يىل كىرگەندىن كېيىن دۇنيا قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئاۋستىرالىيىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ قولىشىنى قولغا يۈزلىنىپ ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. « شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى قاتارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرلەشمە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مالايشىيا ۋە ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ نۆۋەتتە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قاتتىق باستۇرۇش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىغا قارشى تۇرۇش ۋە بۇ خىل ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى دەرھال توختىتىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان نامايىش قاتارلىق پائالىيەتلىرىگە رەھمەت ئېيتىش ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ قوللىشىغا تېخىمۇ كەڭ تۈردە ئېرىش مەقسىدىدە ئېلىپ ئېلىپ بارغان خەلقئارالىق تەشۋىقات پائالىيەتلىرى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ».

« < ئامېرىكىنىڭ نوپۇزلۇق خەۋەر قانالىرىدىن «CNN تېلېۋىزىيەسى» 28- يانۋار كۈندىكى خەۋەر پروگراممىسىدا «خىتاينىڭ ئۇيغۇر كرىزىسى» تېمىسىغا ئورۇن بەردى. پروگراممىدا ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىڭ غوللۇق ئەزالىرىدىن بىرى بولغان بوب مېنېندىز ئەپەندى زىيارەت قىلىنغان بولۇپ، بوب مېنېندىز ئەپەندى پروگراممىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە مۇھىم سۆزلەرنى قىلدى. > ،< بوب مېنېندىز: << مېنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە دەيدىغىنىم، خەلققە بېسىم ئىشلىتىش سىزنى چوڭ دۆلەت بولۇش ئارزۇيىڭىزغا يەتكۈزمەيدۇ. سىز تىنچلىق بىلەن ئىپادە قىلىنىۋاتقان پەرقلەرگە يول قويۇشنى بىلىشىڭىز، ئۇيغۇرلار ۋە باشقىلارنىڭ ئوخشىمىغان پىكىرلىرىنى دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت دەپ قارىۋالماي، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئەركىن ھالدا ئىپادە قىلىشىغا يول قويۇشىڭىز كېرەك. مەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شۇ يۆنىلىشكە قاراپ مېڭىشىنى ئارزۇ قىلىمەن، چۈنكى شۇنداق قىلغاندىلا خىتاي ئاندىن ئۆزى دەۋاتقان چوڭ دۆلەت بولۇش چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. >> > دىدى . ئۇ < خەلقئارانىڭ ئورتاق ھەرىكىتىنىڭ خىتايىنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. >، <بوب مېنىندىز يەنە مۇنداق دېدى: << بىز ئەگەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بۇ ئاساستا خىتايغا چاقىرىق قىلىش ئاساسىنى چىڭىتالىساق، يەنى بۇ ئۆزگىرىش چاقىرىقىنى پەقەتلا ئامېرىكىنىڭ ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىگە قول قويغان بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق تەلىپى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويالىساق، ئاخىرى بېرىپ كۆزلىگەن مەقسىتىمىزگە يېتىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن. ئەلۋەتتە، بۇ ئۆزگىرىش بىر كېچىدە يۈز بەرمەيدۇ، ئەمما

ختاي خەلقئارادىكى ئوبرازىغا دىققەت قىلىدىغان دۆلەت بولغانلىقتىن، كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىقلارنىڭ ئۈلارنىڭ بۇ يولدا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.>> > ».

« < 28- يانۋار كۈنى ئامېرىكىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولغان يېل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇنچىلىق مەكتىپىدە ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىليونلاپ ئۇيغۇرنى لاگېرلارغا قامىشى ھەمدە بۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىغا << ختاينىڭ مۇسۇلمانلارنى زور ساندا لاگېرغا قامىشى ھەمدە زىيانكەشلىك قىلىشى: بۇ خىل ئىنسان ھەقلىرى كرىزىسىغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇش لازىم ؟>> دەپ ماۋزۇ قويۇلغان.>، < بۇ قېتىمقى يىغىندا نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىنغان يەنە بىر مەسىلە ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى دۇنيانىڭ بۇ مەسىلىگە قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشى بولغان. > ».

ئىلھام توختى 29- يانۋار كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى تەرىپىدىن نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا نامزات قىلىپ كۆرسىتىلدى. « 29- يانۋار كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىكى ماركو رۇبىئو، كىرىستوفىر سىمىت، رىچارد بلۇمېنتال، كورىي گاردنېر قاتارلىق جەمئىي 13 نەپەر ئاۋام ۋە كېڭەش پالاتا ئەزاسى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى كومىتېتىغا يوللىغان ئىمزالىق مەكتۇپىدا ئۇيغۇر زىيالىيسى ئىلھام توختىنىڭ << ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ختاي ھۆكۈمىتىنى ئۆزى بەلگىلىگەن قانۇنلارغا ئەمەل قىلىشقا چاقىرغان. ئىلھام توختىنىڭ ختايدىكى مىللەتلەر ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىنچلىق بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولىسىمۇ، ئەمما ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇنى ناھەق ھالدا ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغانلىقى>> نى بايان قىلغان. ».

« < 4- فېۋرال دۈشەنبە كۈنى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق مۇلازىمىتى تەشكىلاتى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قاتارلىق نوپۇزلۇق ئورگانلار جەنۋەدە ئورتاق بايانات ئېلان قىلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى ئۇيغۇر ئېلىگە مەخسۇس بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشكە چاقىردى. >، < كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى كېن روت ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا سۆز قىلىپ، ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەرنى ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشقا چاقىردى. ئۇ سۆزىدە: << شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى شۇنچىلىك ئېغىركى، ئۇ خەلقئارا جامائەتنىڭ ھەرىكەتكە ئۆتۈشى ئۈچۈن نالە قىلماقتا. >> دېدى. >، < كېن روت ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدە بىر مىليوندىن ئوشۇق كىشىنى لاگېرلارغا قامىغانلىقىنى، مەقسىتىنىڭ ئۇلارنىڭ مىللىي ۋە دىنى كىملىكىنى يۇيۇش، ئۇلارنى پەقەت ختاي كومپارتىيەسىگە چوقۇنىدىغان كىشىلەرگە ئۆزگەرتىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى ئەسكەرتتى. بىراق ئۇ، ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىقىغا قارىماي، خەلقئارانىڭ ئىنكاسىنىڭ ناھايىتى سۇسلۇقىنى ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە تىلغا ئېلىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنى بۇ ئەھۋالغا خاتىمە بېرىشكە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى دەرھال ئۇيغۇر ئېلىگە ئۆمەك ئەۋەتىپ، لاگېرلارنى مۇستەقىل تەكشۈرۈشكە چاقىردى. >، < ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى كۇمى نايدۇمۇ ئەپەندىمۇ تېلېكامېرا ئارقىلىق قاتنىشىپ سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىنى ئۈستى ئوچۇق تۈرمىگە ئوخشاتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: << بۈگۈن شىنجاڭ خۇددى بىر ئۈستى ئوچۇق تۈرمىگە ئوخشاپ قالدى. ئۇ يەردە داۋام قىلىۋاتقان ئورۋېلچە يۇقىرى تېخنىكىلىق نازارەت، سىياسىي مېڭە يۇيۇش ھەرىكىتى، مەجبۇرىي مەدەنىيەت

ئاسسىملىياتسىيەسى، خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش ۋە غايىب قىلىۋېتىش ھەرىكەتلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئانا يۇرتىدا ياتلارغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. >> >،< يىغىندا سوئال سورىغۇچىلار ۋە بېرىلگەن جاۋابلار ئارىسىدا تەكىتلەنگەن يەنە بىر مۇھىم نۇقتا بولسا خەلقئارا جامائەتنىڭ لاگېرلار مەسىلىسىدىكى مەسئۇلىيىتى بولدى. يىغىندىكى مۇتەخەسسىسلەر بىردەك، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدە لاگېرلارنى تۇيۇقسىز يولغا قويىمىغانلىقى، بۇنىڭ رايوندا نەچچە ئون يىلدىن بېرى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان يۇقىرى بېسىملىق سىياسەتنىڭ داۋامى ئىكەنلىكى، ئەمما خەلقئارا جامائەت، خىتاي ھۆكۈمىتى ئىلگىرى قىلغان بېسىملارغا يېتەرلىك ئىنكاس قايتۇرمىغاچقا خىتاي ھۆكۈمىتى مانا ئەمدى تېخىمۇ يىرىكلىك ھالدا مۇشۇ لاگېرلارنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلغانلىقىنى ئەسكەرتتى. شۇڭا ئۇلار << ئەمدى خەلقئارا جامائەتنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خىتايغا قارشى ئورتاق تەدبىر ئېلىشى كېرەك>>، دېدى.> ».

« < 6- فېۋرال كۈنى ۋاشىنگتون شەھىرىدىكى ئەڭ چوڭ ئاقىللار ئامبىرىنىڭ بىرى بولغان خۇدسون مەركىزىدە ئۇيغۇرلارجەمئىيىتى نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ھەمدە بۇنىڭ دۇنيا ئۈچۈن نېمىلەردىن دېرەك بېرىشى ھەققىدە مەخسۇس مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. مۇھاكىمە يىغىنى نۇقتىلىق ھالدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار دىيارىنى ئىسمى- جىسمىغا لايىق ساقچى دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇپ بولغانلىقى، مەزكۇر ساقچى دۆلىتىنىڭ ھازىر ئاز دېگەندىمۇ بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى << سىياسىي جەھەتتىن قايتا تەربىيەلەش>> لاگېرلىرىغا قامىۋالغانلىقىدەك رېئاللىقنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا بۇ مەسىلىگە دۇنيانىڭ قانداق ئىنكاستا بولۇشى لازىملىقىنى تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلدى.>، < يىغىندا ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزاسى توم كاتتون سۆز قىلىپ، نۆۋەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باستۇرۇش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىيەتتە خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ ئېنېرگىيە بازىسى ۋە يەر ئاستى بايلىق ماكانى بولغان بىر رايوندا ياشاۋاتقانلىقىنى، نۆۋەتتە زور كۈچ بىلەن ئىجرا قىلىنىۋاتقان << بىر بەلۋاغ بىر يول >> قۇرۇلۇشىنىڭ مۇتلەق بىخەتەرلىكىنى ئويلاشقان شى جىنپىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئەمدىلىكتە ئۇيغۇرلارنى پۈتكۈل مىللەت بويىچە تەقىب ئاستىغا ئالغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇشۇنداق ھاكىممۇتلەقلىقنى دۆلەت كۈچىگە تايىنىپ ئىجرا قىلىۋاتقان بىر ھاكىمىيەتنىڭ نۆۋەتتە دۇنياغا كېڭىيىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى تەكىتلەپ، << ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، شۇنىڭدەك دۇنيا جامائىتى خىتاينىڭ بۇ خىلدىكى ھاكىممۇتلەقلىق ھەرىكىتىنى چەكلەش ئۈچۈن ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى>> > دېدى. ».

« < 8- فېۋرال كۈنى ۋاشىنگتون شەھىرىدىكى داڭلىق ئاقىللار مەركەزلىرىدىن بولغان «ئاتلانتىك كېڭىشى» دە دەل مۇشۇ مەسىلىلەر مۇلاھىزە قىلىنىغان بىر مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى. >، < ئاتلانتىك كېڭىشى ياۋرۇ- ئاسىيا مەركىزىنىڭ باشلىقى جون ھېربىست يىغىندا ئېچىلىش سۆزى قىلدى. ئۇ ئۇيغۇر ئېلىدا يۈز بېرىۋاتقانلارنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر ۋەقە شۇنداقلا ناھايىتى زور بىر تراگېدىيە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇ ئۇيغۇر ئېلىدا يۈز بېرىۋاتقانلارنىڭ ھازىرقى دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ سۆزىدە << 800 مىڭدىن 2 مىليونغىچە كىشىنىڭ لاگېرغا قاملىشى ئاددىي بىر مەسىلە ئەمەس. مەن شۇڭا بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلىنىشى كېرەك، بولۇپمۇ پايتەخت ۋاشىنگتوندا دىققەتكە ئېرىشىشى كېرەك، دەپ قارايمەن>> دېدى. >، < يىغىندا مۇتەخەسسىسلەر بىردەك خىتاينىڭ زور ئىقتىسادىي كۈچى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىگە قارىماي، ھەرقايسى دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرىنىڭ چوقۇم ئورتاق ھالدا بۇ لاگېر

مەسلىسىدە خىتايغا قاتتىق بېسىم ئىشلىتىشى كېرەكلىكىنى، بۇنىڭ خىتاينىڭ ئۆز ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتىشكە چوقۇم تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. ئۇلار يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ « بىر بەلۋاغ بىر يول » قۇرۇلۇشىنىڭ مەركىزىدىكى ئۇيغۇرلارغا بۇنداق مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق ئۆزى كۆزلەۋاتقان ئىقتىسادىي ئۈنۈملەرگە ۋە دۇنياۋى چوڭ دۆلەت بولۇش ئارزۇسىغا يېتەلمەيدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى.> ».

« 9- فېۋرال تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى شەنبە كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرلارنى جازا لاگېرلىرىغا سولىغانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، بۇنى << ئىنسانىيەت ئۈچۈن بىر بۈيۈك نومۇس>> دەپ بىلدۈردى. تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى ھامى ئاكسوي، << بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ جازا لاگېرلىرىغا ۋە تۈرمىلەرگە خالىغانچە تۇتۇلۇپ، تەن جازاسىغا ئۇچرىشى ۋە كاللىسىنىڭ سىياسىي جەھەتتىن يۇيۇلۇشى ھازىر بىر مەخپىيەتلىك ئەمەس. بىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ئاساسلىق ھەق- ھوقۇقلىرىنى ھۆرمەت قىلىشىنى ۋە جازا لاگېرلىرىنى تاقىۋېتىشىنى تەشەببۇس قىلىمىز. >> دېدى. باياناتچى ھامى ئاكسوي سۆزىدە يەنە ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتى قولىدا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان سىياسىي بېسىمغا، شۇنداقلا سىستېمىلىق ئاسسىمىلاتسىيەگە ئۇچراپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتتى. ».

تۈركىيە دە « ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسى مۇئاۋىن رەئىسى ۋە باياناتچىسى ئۆمەر چەلىك ئەپەندى 11- فېۋرال كۈنى ئاخشىمى مۇخبىرلارغا بايانات بېرىپ، << خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرگە ئېلىپ بېرىۋاتقان سىياستىنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقى >> نى بىلدۈردى. ئۇ باياناتىدا < ئۇزۇندىن بېرى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى كۆزىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ھازىر بۇ مەسىلىنىڭ پارتىيەسىنىڭ كۈنتەرتىپىدىكى نازۇك مەسىلىلەردىن بىرىگە ئايلانغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: << ھۆرمەتلىك مۇخبىرلار كېيىنكى كۈنلەردىكى ئەڭ نازۇك مەسىلىلەردىن بىرى ئۇيغۇر رايوندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا بارلىق مۇسۇلمان خەلقلەرگە خىتاي ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنسان ھەق ۋە ھوقۇقلىرى دەپسەندىچىلىكىدۇر. ھەممىڭلارغا مەلۇم بولغىنىدەك، خىتاي 2017- يىلى 10- ئايدا بارلىق دىنلارنى ۋە دىنىي ئېتىقادلارنى خىتايلاشتۇرۇش سىياستىنى يولغا قويغانلىقىنى جاكارلىدى. بارلىق دىنلارنى ۋە دىنىي ئېتىقادلارنى خىتايلاشتۇرۇش سىياستىنىڭ بىر ئاسسىمىلياتسىيە سىياستى ئىكەنلىكىنى ھەر دائىم ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئۇ يەردە ئۇيغۇرلارغا ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا قارىتا خىتاينىڭ ئاسسىمىلياتسىيە سىياستى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم >> >. < ئۇ مۇنداق دېدى: << خىتاي بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشى كېرەك. ئۇ يەردە بولۇۋاتقانلار ھەققىدە توغرا مەلۇمات بېرىلسە، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى جىددىيلىكمۇ پەسىيىدۇ. خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىمىز. ھەر دائىم بۇنى تەكىتلەپ كېلىۋاتىمىز. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى خالىغانچە تۇتقۇن قىلىشى، بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر تۈركىنى تۇتۇپ جازا لاگېرلىرىغا ۋە تۈرمىلەرگە تاشلىشىنىڭ قانۇنىي ئەمەسلىكىنى تەكىتلىمەكچىمەن. نۇرغۇن زىيالىي، جامائەت ئەربابى، سەنئەتچىلەرنىڭ لاگېر ۋە تۈرمىلەرگە تاشلانغانلىقى توغرىسىدا خەۋەرلەر بار. شۇڭا ئەڭ توغرىسى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كۆزەتكۈچى ۋە مۇخبىرلارنىڭ بېرىشىغا رۇخسەت قىلىشى ۋە ھەقىقىي ۋەزىيەت ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشى كېرەك. 21- ئەسىردە جازا لاگېرلىرى توغرىسىدا توختىلىش ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇلارنىڭ < تەربىيەلەش مەركىزى > ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ، ئۇنداق ئىكەن بۇنى دۇنياغا كۆرسىتىشى كېرەك. شۇڭا بىز شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەق ۋە ھوقۇقلىرى دەپسەندىچىلىكى بىزنى

ئەنسىزلىككە سېلىۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەق ۋە ھوقۇقلىرىدە پىسەندىچىلىكنى يېقىندىن كۆزىتىۋاتقانلىقىمىزنى تەكتلىمەكچىمەن >> > ».

« < ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ رەئىسى نەنسىي پېلوُسى 12- فېۋرال كۈنى تىبەتلەرنىڭ ۋاشىنگتوندا ئۆتكۈزۈلگەن << تەشەككۇر ئامېرىكا >> ناملىق يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلەپ، خىتاينىڭ بىر مىليوندەك ئۇيغۇرنى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا قامىشىدىكى مەقستى ئۇنىڭ تىبەتتە ئېلىپ بارغىنىدەكلا ئۇلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.>، < ئۇ: << تىبەتتە يۈز بەرگەن ئىشلار ھازىر خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار رايوندا يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا قارشى تۇرۇلمىسا ئەمگەك لاگېرلىرىدىكى بىر مىليون ئۇيغۇر ئاسسىمىلياتسىيەگە تۇتۇلىدۇ. بۇ لاگېرلارنىڭ نىشانى تىبەت مەدەنىيىتىنىڭ يېتۈك خاسلىقىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش بىلەن ئوخشاش مەقسەتكە ئىگە. >> دەپ كۆرسەتتى. > ».

« دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، ئىنسان ھەقلىرىنىڭ «ئاسياچە نۇسخىسى» دەپ قارىلىدىغان «باڭكوك خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 25 يىللىقى خاتىرىسىدە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇ خىتابنامىلەرگە ئىمزا قويغانلىقىغا 30 يىل بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم. بۇ جەرياندا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزلىرى ئىمزا قويغان بۇ خەلقئارالىق ئەھدىنامىلەرگە قايسى دەرىجىدە ئەمەل قىلىپ كەلگەنلىكى ھەممە ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قاراپ چىقىش ئۈچۈن ئامېرىكىدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەردىن بىرى بولغان پېنسىلۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 19- فېۋرال كۈنى مەخسۇس بىر كۈنلۈك مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى.». بۇ مەخسۇس مۇھاكىمە يىغىنىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي دەپسەندىچىلىكى مەسلىسى ئالاھىدە مۇھاكىمە قىلىندى.

« مەنمۇ ئۇيغۇر» پائالىيىتى ئارقىلىق خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى يەنە بىر قېتىم ئۇيغۇر دىيارىدىكى لاگېرلار مەسىلىسىگە تارتماقتا. مەزكۇر پائالىيەت پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا جىددىي كېڭەيمەكتە.

26- فېۋرال كۈنى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 40- نۆۋەتلىك يىغىنىدا تۈركىيە « < تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مەۋلۇت چاۋۇشئوغلۇ ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە نۇتۇق سۆزلەپ، خىتاينى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە رايوندىكى باشقا مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ھەق- ھوقۇقى ۋە دىنىي ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىشقا چاقىرغان.>، < ئۇ مۇنداق دېگەن: << ب د ت ئىرقىي ئايرىمچىلىقنى تۈگىتىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسى، شۇنىڭدەك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندىچىلىككە ئۇچراۋاتقانلىقىغا دائىر دوكلاتلار ئەندىشە قوزغىماقتا>> >، < چاۋۇشئوغلۇ يەنە «خىتاينىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ھوقۇقى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دىنىي ئەركىنلىككە، ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك» لىكىنى بىلدۈرگەن.> ».

« < خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى لاۋرېنس بەكوۋ 20- مارت كۈنى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا كەلدى. لاۋرېنس ئەپەندىنىڭ شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ يىغىندا ئۇ « ھەقىقەت ئىزدەش ۋە ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ۋەزىپىسى » تېمىسىدا ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلەپ، سۆز ئەركىنلىكى، پىكىر ئەركىنلىكى ۋە ئىلمىي ساھەنىڭ ئەركىنلىكى ھەققىدە مەخسۇس توختالدى. >، < لاۋرېنس ئەپەندىنىڭ نۇتۇق جەريانىدا ئانىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ناتسىست گېرمانىيەسىنىڭ جازا لاگېرىدىن ئامان قالغۇچىلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى تەكتلىشى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا «مەن ئۇيغۇر شائىرى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ شېئىرىدىن بىر ئۈزۈندى ئوقۇيمەن» دەپ مەرھۇم

شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ھىدايەتنامە» ناملىق شېئىرىدىن بىر كۇپلېتنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى ئوقۇدى. بۇ كۇپلېتنىڭ ئۇيغۇرچىسى مۇنداق ئىدى: << ئۆمۈر مەنزىلىدىن تىنماي ئىزلىدىم مەن ھەقىقەتنى، تەپەككۇر بولدى بىر ھادى تېپىشتا چىن ھىدايەتنى، تىلەپ ھەر سۆزگە باي مەنە يەنە جانلىق پاساھەتنى، دىلىم ئىستەيتتى ئىزھارغە ھەمىشە مەقبۇل پۇرسەتنى، دىلىم ئىستەيتتى ئىزھارغە ھەمىشە مەقبۇل پۇرسەتنى، كېلىڭ ئەي دوستلىرىم ئەمدى خۇشال باشلايلى بۇ سۆھبەتنى. >> ».

ئۇيغۇر جەمئىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان زور تۇتقۇن ۋە سىياسىي باستۇرۇش ھەرىكىتىنى ئەيىپلەش، توختىتىش ۋە پاش قىلىش ھەمدە ئا قى شى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى تەدبىر قوللىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن 6- ئاپرېل كۈنى ۋاشىنگتون شەھىرىنىڭ« ھۆرىيەت مەيدانى » دا « ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزايلى» تېمىسىدىكى بىرلەشمە يىغىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. « دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى تەشكىلاتى، بىرما ۋەزىيە كۈچلىرى قاتارلىق تەشكىلاتلار بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان بۇ قېتىمقى بىرلەشمە يىغىلىش پائالىيىتىگە ۋاشىنگتون شەھىرى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا جايلاردىكى ئۇيغۇر جامائىتى، كانادادىن كەلگەن يۈز نەچچە كىشىلىك ئۇيغۇر جامائىتى، شۇنىڭدەك ھەرقايسى مەسچىتلەر ئارقىلىق بۇ قېتىمقى يىغىلىشنىڭ ئېلانىنى ئاڭلاپ ئالايىتەن كەلگەن نەچچە يۈزلىگەن چەتئەللىك مۇسۇلمانلار بىرلىكتە ئىشتىراك قىلدى.».

قىسقىسى، نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا دېموكراتىك دۆلەتلەر، كىشىلىك ھوقۇقنى ھىمايە قىلىدىغان دۆلەتلەر، خەلقئارالىق تەشكىلاتلار، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى، چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى، دۆلەت ئاربابلىرى، سىياسىيونلار، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى ۋە دۇنيادىكى ھۆرىيەتپەرۋەر خەلقلەر ۋە جامائەتچىلىكىنىڭ خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ۋە يەرلىك مىللەتلەرگە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا قارىتا نەپرەت ئوقۇش، قاتتىق ئەيىپلەش ۋە بۇ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايى ھەركەتلىرىنى دەرھال توختىتىش سادالىرى ياڭرىدى. خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ بۇ جىنايى قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئۇزۇن ئۆتمەي خۇددى 2- دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالدىدا سوتقا تارتىلغاندەك خەلقئارا جامائەتنىڭ جاۋاپكارلىقىغا تارتىلغۇسى.

**ياشىسۇن ئۇيغۇر خەلقى!**

**تارىخ ھۆكمى شۇ ئەزەلدىن، تاڭ يورۇتار زۇلمەتنى،**

**قۇل قىلالماس زوراۋان كۈچ، ھۆرلۈك سۆيەر مىللەتنى.**

**قوشۇمچە بىرىنچى**

**خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قانۇنىي رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان**

**قىسمەن ئاۋام ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ قىسمەتلىرى**

**( 2017-01 -- 2019-03 )**

ختاي هۆكۈمتى مۇستەملكسى شەرقي تۈركستاندا تۈركي خەلقلەر جۈملدىن ئۇيغۇر خەلقنى يوقتش مەقستدە 2017- يىلدىن باشلاپ 2- دۇنيا ئۇرۇشدىن كېيىن مسلى كۆرۈلمگەن ئىرقي قرغىنچىلققا قول سالدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل شەرقي تۈركستاننىڭ ئاسمىنىنى ئاق تېررورلۇق قاپلىدى. مىليونلىغان ئاۋام تۈرك مۇسۇلمانلىرى جۈملدىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ختاي هۆكۈمتى تەرىپىدىن قانۇنىي رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىندى. تۆۋەندە هېچقانداق قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتەلمەي تۇتقۇن قىلىنغان قىسمەن ئاۋام ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۈرمىدە ئۆچرىغان قىسمەتلىرى بايان قىلىندۇ.

ئامېرىكانىڭ بوستۇن شەھىرىدە «يېپەك يولى رېستورانى» ناملىق ئۇيغۇر ئاشخانىسىنى ئاچقان مارىيە مۇھەممەتنىڭ ئائىلىسى « قۇرئان كەرىم» نى ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان مۇھەممەت سالىھ هاجىمىنىڭ ( جازا لاگېرىدا جان ئۈزگەن، ئىسلام دىنى ئالىمى ) يېقىن تۇغقانلىرىدىن هېسابلىنىدىكەن. ئاتۇشتا خەلق ئىچىدە « دىنىي ئېتىقادى مۇستەھكەم، تەقۋادار جەمەت » دەپ قارىلىدىغان بۇ جەمەتتىنلا 2 يىل ئىچىدە 60 تەك كىشىنىڭ تۇتقۇن قىلىنغان.

هازىر تۈركىيەدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۆمەر بېكئالىنىڭ (ئۆزى جازا لاگېرىدىن قۇتۇلۇپ چىققان) ئاتا-ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرى تۇتقۇن قىلىنغان. دۆرىبىلجىنلىك جامائەت ئەربابى داۋۇت ئابلەت بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ بىۋاستە ئائىلە ئەزالىرى ۋە ئۇرۇق- تۇغقانلىرى بولۇپ، جەمەتىدىن جەمئىي 44 كىشى تۇتقۇن قىلىنغان.

مۇيەسسەر مۇھەممەت 13 يىل بۇرۇن مىسىردا ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن دەسلەپتە قانۇنىي رەسمىيەتسىز جازا لاگېرىغا كېيىن تۈرمىگە قامالغان ۋە مۇيەسسەرنىڭ ئاتۇشتىكى بارلىق ئۇرۇق- تۇغقانلىرى ئىلگىرى- كېيىن قانۇنىي رەسمىيەتسىز جازا لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلگەن.

ئاتۇش ئازاق يېزىلىق ئوقۇغۇچى ئىلھام قارى مىسىردىن يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن ئاتا- ئانىسى جازا لاگېرىدىن قويۇپ بېرىلىپ، ئۆزى قانۇنىي رەسمىيەتسىز جازا لاگېرىغا تۇتقۇن قىلىنغان ( جازا لاگېرىدا جان ئۈزگەن). ئىلھام قارىنىڭ ئانا تەرەپتىن ئابدۇغىنى، هېكمجان ۋەلى قاتارلىق قېرىنداشلىرى ئائىلىسى بويىچە قانۇنىي رەسمىيەتسىز تۇتۇن قىلىنغان. يەنە مىسىردا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلاردىن كورلالىق ئابدۇسالام ،ياسىنجانلار قانۇنىي رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان.

تارقاق هەج قىلغان دېگەن ئەيىبلەش بىلەن غۇلجىلىق كۆزگە كۆرۈنگەن كارخانىچى ئابدۇغاپپار ئابدۇرۇسۇلنىڭ ئايالى مەرھابا خانىم (جازا لاگېردا جان ئۈزگەن، جەستى ئائىلىسىگە قايتۇرۇلمىغان)؛ ئىنىسى ئابدۇقادىر ۋە ئۇنىڭ ئايالى؛ ئابدۇغاپپارنىڭ بۇ يىل 19 ياشقا كىرگەن، تۈركىيەدە ئوقۇپ كەلگەن ئوغلى ئابۇزەر تۇتقۇن قىلىنغان.

پروفېسسور ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ ئايالى جەمىلە خانىم، قەشقەر سەمەن ساياھەت گۇرۇھىنىڭ باش دىرېكتورى، سەمەن مېھمانخانىسىنىڭ خوجايىنى ئىبراھىم مۇسانىڭ ئايالى دىلنۇر ھۇسەيىن ۋە بىر ئوغلى، قەشقەرلىك تىجارەتچى ۋە مەرىپەتپەرۋەر ئابدۇراھمان ھەسەننىڭ 30 ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، پېنسىيەگە چىققان 69 ياشلىق ئانىسى ۋە ئايالى، قەشقەردىكى تېرە مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ مەسئۇلى تۇرسۇنجان بەكرىنىڭ ئايالى، خوتەنلىك تىجارەتچى ئادىل ئابدۇقادىرنىڭ شەرقي تۈركستاندا قالغان ئائىلە ئەزالىرى، قەشقەردىكى تېرە

مەھسۇلاتلىرى شىرىكىتىنىڭ مەسئۇلى تۇرسۇنجان بەكرىنىڭ ئايالى، موسكۋادا ئاسپىرانتلىق ئوقۇۋاتقان مەريەم سۇلتاننىڭ ئاپىسى ئايگۈل سۇلتان قاتارلىقلار قانۇنىي رەسمىيەتسىز جازا لاگېرغا سولانغان.

ھازىر شىۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان، 1988- يىلى قۇمۇلدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، خىتاي تىلىدا مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن، بېيجىڭدىكى ئەڭ ياخشى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرىدە ئوقۇغان ۋە خىزمەت قىلغان شۇنىڭدەك بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ رازىلىقى بىلەن بىر خىتاي ئەرگە تېگىپ ئائىلە قۇرغان زۇلخۇمار ئىسھاقنىڭ غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغاندىن كېيىن قۇمۇلدا بىر ئۆمۈر ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قىلغان، 2017- يىلى پېنسىيەگە چىققان زۆھرەم تالىپ ۋە دادىسى ئىسھاق پەيزۇللا ھەر ئىككىسىنىڭ تۇتقۇن قىلىنغان.

تۈركىيە پوقراسى، تۇتقۇن قىلىنغان خوتەنلىك تىجارەتچى ئۆزگۈر ئايدىن كېسىلىپ گەنسۇ ئۆلكىسى لەنجۇ شەھەرىدىكى تۈرمىسىگە يۆتكەلگەن.

**ھازىر چەت ئەلدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان كورلىق ئىمىن ياقوپنىڭ ئۇرۇق- تۇغقان قېرىنداشلىرى ۋە قۇدا- باجالىرى ۋە پاكىستانلىقلارغا نىكاھلانغان ئەللىك نەچچە نەپەر ئۇيغۇر ئايال ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانلىققا نىكاھلانغان بىر نەپەر ئۇيغۇر ئايال قاتارلىقلار قانۇنىي رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان.**

« ئىستانبۇلدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ **3**- يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان نۇرئەلى ئىسمائىل خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئانىسىنى «تۈركىيەدە ئوقۇۋاتقان ئوغلۇڭغا پۇل ئەۋەتتىڭ» دەپ تۇتقۇن قىلغانلىقى ۋە **16** يېرىم يىل قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان • »

مالايشىيا تېخنولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىر ئاسپىرانتلىقنى يېڭى پۈتتۈرگەن سىڭلىسى گۈلگىنە تاشمەمەت ، **2017**- يىلى **26**- دېكابىردا تەتىل ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن غۇلجىغا قايتقاندا تۇتقۇن قىلىنغان.

« غۇلجا تاكسىم سودا سارىيى » خوجايىنى ئەنۋەر تۇرسۇن خوجانىڭ ئوغلى ئەزىمەت ئەنۋەر تۈركىيەدە ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن 15 يىل كېسىلگەن.

**بۇ يىل ئا قى شى كونگرېسىنىڭ يوقىرى پالاتاسى « خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتى» نىڭ گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىدا گۇۋاھلىق بەرگەن، ئامېرىكا ئەركىن ئاسىيا رادىئو ئىستانسىيىسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ دىكتورى گۈلچېھرە قىيۇم خوجانىڭ ئۇرۇق- جەمەتىدىن 23 ئادەم ۋە ئۇيغۇر سىياسىي پائالىيەتچىسى روشەن ئابباسنىڭ ھەدىسى گۈلشەن ئابباس ۋە ھاممىسى ماھنۇر ئابلىزلارنىڭ قانۇنىي رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلغان.**

**ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە :** « مېھرىگۈل 2015 يىلى 3- ئاينىڭ 15 كۈنى، قاھىرەدە ئىككى ئوغۇل، بىر قىز، جەمئىي 3 كېزەك بالا تۇغقاندىن كېيىن، 2 ئايلىق بولغان بالىلىرىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە بارلىقتا ئاتا- ئانىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن مىسىردىن يۇرتى چەرچەنگە قايتىدۇ، ئۇ 2015- يىلى 5- ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈرۈمچى ئايرودرومىدا خىتاي بىخەتەرلىك تارماقلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىدۇ. تېلېفونلىرى تارتىۋېلىنغان مېھرىگۈلنىڭ مىسىردا قالغان ئېرى بىلەن پۈتۈنلەي ئالاقىسى ئۈزۈلىدۇ. ئەمدىلا تۇغۇتتىن قوپقان، 3 كېزەك بالىسىنى ئېمىتىۋاتقان مېھرىگۈل خېيجاسەن تۈرمىسىگە 3 ئاي قاملىپ، بۇ جەرياندا قايتا- قايتا ئېغىر قىيىن- قىستاق ۋە سوراقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن پەيتتە خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن ئانا سۈتىدىن ئايرىۋېتىلگەن بوۋاقلار بولسا تەڭلا قاتتىق ئاغرىپ قالىدۇ، 3 ئايدىن كېيىن، يەنى، 8- ئاينىڭ 25- كۈنى مېھرىگۈل تۇيۇقسىز قويۇپ بېرىلىپ بالىلىرى داۋالىنىۋاتقان ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئانا- بالىلار دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن مېھرىگۈل 3 كېزەكنىڭ ئىچىدىكى چوڭ ئوغۇل مۇھەممەتنىڭ مۇزلىغان جەسىتىنى قولىغا ئالىدۇ.

بىر بالىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى، قالغان ئىككىسىنىڭ ئېغىر ئاغرىپ قېلىشى سەۋەبلىك مېھرىگۈل كېپىللىككە قويۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، پاسپورتى تارتىۋېلىنىپ، مىسىرغا قايتىشى تۇرماق بىر يەرگە بېرىشى چەكلىنىپ ئۆيگە نەزەربەند قىلىنىدۇ. ئۆمرىدە ھېچقانداق بىر جىنايەت ئۆتكۈزمىگەن، ئالىي مەلۇماتلىق مېھرىگۈلنىڭ بۇ ئادالەتسىز ۋە رەھىمسىز مۇئامىلىلەرگە، بۇ ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە ئۇچرىشىغا پەقەت ئۇنىڭ مىسىردا ئوقۇغان ۋە ياشىغانلىقى سەۋەب بولغان. مېھرىگۈل چەرچەن ناھىيەلىك دۆلەت بىخەتەرلىك دائىرىلىرى تەرىپىدىن 2017-يىلى 4- ئايدا تۇتۇلۇپ، لاگېرغا قامىلىدۇ ۋە 3 ئاي جىسمانىي ۋە روھىي خورلاشلارغا ئۇچراش سەۋەبلىك تۇتقاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغاندىن كېيىن داۋالىنىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ. 2018- يىلى 1- ئايدا ئۇ 3- قېتىم بۇ قاباھەتلىك لاگېر ھاياتىنى يەنە قايتىلايدۇ. ....مېھرىگۈل تۇرسۇن، 29 ياش، بۇندىن 6 ئاي بۇرۇن چەرچەندىكى لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەن. مېھرىگۈلنىڭ ئىككى ھايات قالغان بالىسىنىڭ مىسىر گىراژدانى بولغانلىقى ئۇلارنىڭ خىتايدىن مۆجىزىلەرچە قۇتۇلۇپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان. چەرچەندە قالغان ئاتا- ئانىسى، قېرىنداشلىرى ۋە ئۇرۇق- تۇغقانلىرى گۆرۈگە ئېلىنىش شەرتى بىلەن قويۇپ بېرىلگەن مېھرىگۈل قوش كېزەك بالىلىرى بىلەن مىسىر ئەلچىخانىسىنىڭ ھىمايىسىدە 2018- يىلى 4- ئاينىڭ 28- كۈنى قاھىرەگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە 9- ئاينىڭ 21- كۈنى ئامېرىكىغا يېتىپ كېلىدۇ. ».

« 20 ياشقا كىرگەن دېھقان بالىسى جەسۇرنىڭ 2014- يىلى ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىنلا يەكەن << ئېلىشقۇ ۋەقەسى >> يۈز بەرگەن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەقەدىن كېيىن يەكەن بىلەن تاشقى دۇنيانىڭ بارلىق ئۇچۇر ئالاقىسىنى ئۈزۈۋېتىشى سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئائىلىسى بىلەن بارلىق ئالاقىسى ئۈزۈلگەن. ئۆزى تىرىكچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولغان جەسۇر 4 يىلدىن بۇيان چەت ئەلدە ئۆزىنى ئۆزى قامداش جەريانىدا ناھايىتى ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن چاغلاردىمۇ، يېقىنقى كۈنلەردە قارانچۇقسىز قالغان كىچىك ئىنىلىرىنىڭ قورقۇپ كەتكىن غېرىبانە، بىچارە ھالىتىنىڭ ۋىدىيوسىنى كۆرگەندەك ئازاپلانمىغان ئىكەن. يەكەن ناھىيىسىدىن تونۇش- بىلىشلىرى ئارقىلىق سۈرۈشتۈرۈپ ئېنىقلىشىچە، ئۇنىڭ قەشقەر ۋىلايىتى يەكەن ناھىيە، كاچۇڭ يېزا تاختاكۆۋرۈك كەنتى، 2- مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق، 45 ياشلىق دادىسى مەخمۇت سايىم، 43 ياشلاردىكى ئانىسى بۇخەلچەم تۇرسۇن، قېرىنداشلىرىدىن 25 ياشلاردىكى بۇرانەم مەخمۇت، 20 ياشقا كىرگەن ئىنىسى نۇرئېلى مەخمۇت، ئابدۇجاپپار مەخمۇت، تاغىلىرىدىن قاسىم سايىم، ھېكىم سايىم، ئابلىمىت سايىم ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرى بولۇپ 30 دىن ئارتۇق ئۇرۇق- تۇغقىنى ئىلگىرى- ئاخىر بۇ يىل ئىچىدە لاگېر ۋە تۈرمىلەرگە قامالغان. ئۇ، دادىسى ۋە يەنە 3 تاغىسىنىڭ ئۇزۇن يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان. ئەمما ئۇلار ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق بولۇپ، ئاپىسى بۇ يىل 3 ئايلاردا تۇتۇپ كېتىلگەن ئىكەن. ئۇ، دائىرىلەرنىڭ ئۇنىڭ دادىسىنى پىلاندىن ئارتۇق يەنە 2 پەرزەنت كۆرگەن ۋە 100 مىڭ يۈەن جەرىمانىنى تاپشۇرمىغان دېگەندەك باھانىلەر بىلەن ئېلىپ كەتكەنلىكىنى، باشقا تاغىلىرىنىڭمۇ تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى تونۇشلار ئارقىلىق ئاڭلىغان. »، « < نۇرئەخمەت، دادىسىنىڭ پۇتۇن كۈچى بىلەن قوللىشى نەتىجىسىدە **2014**- يىلى مىسىرغا كېلىپ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. ئەمما ئۇنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ، ئەل- ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئارزۇسىنىڭ بەدىلى ساۋاقداشلىرىنىڭكىگە ئوخشاشلا ئىنتايىن ئېغىر بولغان•>،< دادىسىنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرىدىن تەسىرلەنگەن، نۇرئەخمەت پۇتۇن ئىشتىياقى بىلەن ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە يەنى **2016**- يىلىنىڭ ئوتتۇرا -ئاخىرلىرى دادىسىدىن ئەنسىز خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىغان؛ يەنى يۇرتى كورلانىڭ تەكچە يېزىسىدىكى ساقچىلار،

دادىسىنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق، ئۇنى يۇرتىغا قايتىپ كېلىشكە قىستىغان. بۇ خىل قىستاشلارغا بويسۇنۇپ يۇرتىغا قايتقان ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۇرۇمچى ئايرودرومىدىلا غايىب بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان نۇرئەخمەت تۇرمىگە كىرىپ كېتىش قىسمىتىنىڭ ئۆزىنى نابۇت قىلغىنىدىن باشقا ئاتا- ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭمۇ ھاياتىنى زەھەرگە ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ خىتاي ساقچىلىرىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېلىش بۇيرۇقىنى رەت قىلغان.

2017- مىسىردا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا تۇتقۇن باشلانغاندا ئۇ بىر تۈركۈم ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە مىسىر قاماقخانىسىدا ئىككى ئايچە سولاپ قويۇلغان؛ ئۇنىڭدىن كېيىن بىر يوللارنى قىلىپ ئاۋۋال تۈركىيەگە ئاندىن بېلگىيەگە قېچىپ بارغان. ئۇ، قىسقىغىنە ئۈچ يىل ئىچىدە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلىق، مەھبۇسلۇق ۋە مۇساپىرلىقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ھاياتنىڭ جاپا ۋە ئاچچىق- چۈچۈكلىرىنى كۆڭلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنتۇپ كەتكەن، ئەمما جاپاكەش دادىسىنىڭ 3 يىلدىن بۇيان لاگېردا ئىكەنلىكى ئۇچۇرى ۋە ئايالى- بالىسىنىڭ ئۈچ يىلدىن بۇيان ئىز- دېرىكى يوقلۇقى ئۇنى بىر كۈنمۇ ئارامىدا قويمىغان. ئۇ ئۇچۇر ئېلىش ئۈچۈن دوستلىرىدىن ئۇندىدارلاردا گەپ سوراپ باققان. بىراق ئۇ ئۈندىداردىن شۇ زامان چىقىرىۋېتىلگەن. ساقچىخانىلارغا تېلېفون قىلىپ دادىسىنىڭ نەدىلىكىنى سوراپ باققان بولسىمۇ، تېلېفون يۈزىگىلا قويۇۋېتىلگەن•> »، « مەلۇم بولۇشىچە ماھىرە ياقۇپ 2013- يىلى ئاۋستىرالىيەدىكى ئاتا- ئانىسىنىڭ ئۆي سېتىۋېلىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئۇلارغا خىتايدىن پۇل سېلىپ بەرگەن. 2019- يىلى مايدا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنى < تېررورلۇق ھەرىكىتىگە مالىيە جەھەتتىن ياردەملەشكەن. > دېگەن ئەيىب بىلەن قولغا ئالغان• ».

« خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈشىچە، خىتاي دائىرىلىرى رابىيە قادىر خانىمنىڭ ئوغۇللىرى- ئابلىكىم ئابدۇرېھىم، قاھار ئابدۇرېھىم، ئالىم ئابدۇرېھىم ئۇلارنىڭ ئاياللىرى، پەرزەنتلىرى، رابىيە قادىر خانىمنىڭ ھەدە- سىڭىللىرى ۋە ئىنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 30 ئائىلە ئەزاسى ئىككى يىلدىن بېرى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مەلۇم بىر تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىدە تۇتۇپ تۇرۇلماقتىكەن• ».

## قوشۇمچە ئىككىنچى

## خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قانۇنىي رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ قىسمەن تىزىملىكى

## ( 2017- 01 -- 2019- 03 )

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى ئۇلارنىڭ ئانا ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاندىن پۈتۈنلەي يوقىتىشتىن ئىبارەت ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايىتىنى ئالدى بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئومۇرتقىسى -- ئۇيغۇر سەرخىللىرىنى يوقىتىشتىن باشلىدى. تۆۋەندە خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ رەزىل جىنايىتى باشلانغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ھېچقانداق قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتەلمەي قانۇنسىز تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ قىسمەن تىزىملىكى بېرىلدى:

**ئالىي مەكتەپلەردىن:**

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئىقتىساد مۇتەخەسسىسى ئىلھام توختى ( مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلگەن )، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى، پروفېسسورى، جۇغراپىيە شۇناس دوكتور تاشپولات تېيىپ (ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن)، مۇئاۋىن مۇدىرى دىلمۇرات غۇپۇر؛ پروفېسسورلىرىدىن: ئادەبىيات شۇناس ئابدۇكېرىم راخمان، تارىخشۇناس غەيرەتجان ئۆسمان، ئابدۇرېھىم راخمان، نوربىيە يادىكار، فولكلورىست راھىلە داۋۇت، ئابدۇللا ئاباس (تاتار)، دىلمۇرات تۇرسۇن. دوكتورلاردىن : جەمئىيەتشۇناس زۇلپىقار بارات ئۆزباش، ئابدۇرېھىم راخمان، *نەبىجان ھەبىبۇللا، كومپيۇتېر موتەخەسسىسى، ئوقۇتقۇچى ئەھەت*، شىنجاڭ مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى، « شىنجاڭ مېدىتسىنا نازارەت ئىدارە » سىنىڭ باشلىقى دوكتور خالمۇرات غۇپۇر ( ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن)، شىنجاڭ مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتى شۇبە دوختورخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى پەرھات بەختى، شىنجاڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورلىرىدىن: ئىنستىتۇت مۇدىرى ئابدۇبەسىر شۈكۈر، ئەدەبىياتشۇناس، شائىر ئابدۇقادىر جالالدىن، دوكتور ئابابەكرى ئابدۇرېشىت؛ قەشقەر پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور ئەركىن ئۆمەر، مۇئاۋىن مۇدىرى، پروفېسسور مۇختەبەر ئابدۇغۇپۇر، تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى پروفېسسورى ئابدۇكېرىم پالتو، پروفېسسورلىرىدىن : دوكتور گۈلنار ئوبۇل، قوربان ئوسمان، قۇربان ئوسمان، « قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ سابىق باش مۇھەررىرى، ئىسىمشۇناس مۇتەللىپ سىدىق قاھىرى، شىنجاڭ مالىيە ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى تۇرسۇنجان بەختى، ئىلى پىداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ فىلولوگىيە فاكۇلتىنىڭ دوتسېنتى، دوكتور نىجات سوپى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، تىلشۇناش جەملە ساقى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسورى كامىل رېھىم، دوكتور ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى، مېدىتسىنا تەتقىقاتچىسى ئىمامجان ئىبراھىم، قۇمۇل پېداگوگىكا مەكتىپى ئوقۇتۇش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، خەتتات مەمەت ئېلى، كۇچا ناھىيەلىك **4**- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ نەمۇنىچى ئوقۇتقۇچىسى مەمەتتۇرسۇن، «شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى» نىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى، تارىخچى ، نەشرىياتچى پروفېسسور ئىمىنجان سەيدىن، خوتەن تېخنىكا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، تارىخچى ئابابەكرى ئابلەت، ژورنالىست، « ئورخون » تور بېتىنىڭ خوجايىنى ۋە ئاقسۇ **1**- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات ، تارىخ ئوقۇتقۇچىسى تۇرسۇنجان نەزىم ، خوتەن پىداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، تارىخچى، دوكتورانت ئۆمەرجان نۇرى قاتارلىقلار

**مەمۇرىي ئىدارە - ئورگانلاردىن:**

شىنجاڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ( ش ئۇ ئا ر) ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ سابىق رەئىسى ئازات سۇلتان، ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسىي- قانۇن كومتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن سېكرېتارى شىرزات باۋۇدۇن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى، قۇشۇمچە سابىق مۇئاۋىن سېكرتارى، ش ئۇ ئا ر ئىقتىساد- ئۇچۇر كومتېتىنىڭ مۇدىرى ۋەلى بارات، ش ش ئۇ ئا ر مائارىپ نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى ساتتار ساۋۇت (ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن)، « شىنجاڭ گېزىتى » نىڭ سابىق باشلىقى،

ش ئۇ ئا ر رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق باش كاتىبى ئالمىجان مەمتىمىن، ش ئۇ ئا ر ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى مەمەت، خىتاي ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇلېتىپ ئابدۇرېھىم، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل-يېزىق كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى مەھەممەت ئىلى، ئاتالغۇلار ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تىلشۇناس، ئاتالغۇشۇناش (تېرمىنشۇناس) ئالىم ھەسەن (تاتار)، ئاتالغۇلار ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، كاندىدات ئالىي تەرجىمان ھۇسەنجان ئەسقەرى، تەتقىقاتچى تاھىر ھېمىت؛ ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرازاق سايىم، ئاكادېمىينىڭ تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە تەتقىقاتچى غەيرەت ئابدۇراخمان، تەتقىقاتچىلىرىدىن : جەمئىيەتشۇناس، تەتقىقاتچى كۆرەش تاھىر ، ئەسقەر يۇنۇس، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق مۇدىرى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى پروفېسسور، تىلشۇناس ئارسلان ئابدۇللا، « شىنجاڭ گېزىتى » ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئىلھام ۋەلى، « شىنجاڭ گېزىتى » نىڭ ئۇيغۇر بولىمىنىڭ بىر بۆلۈم باشلىقى، تەھرىر جۇرئەت ھاجى، ش ئۇ ئا ر ئاممىۋىي سەنئەت يۇرتىدىن تەتقىقاتچى، يازغۇچى، شائىر دوكتور پەرھات تۇرسۇن، ئۇرۇمچى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى غالىپ قۇربان، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرىدىن نىجات ئاۋدۇن ۋە ئەلى ئىمىن، بايىنغولىن ئوبلاستلىق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھېكىم قادىر، بايىنغولىن ئوتتۇرا سوتىنىڭ باش سوتچىسى غالىپ تۆمۈر، چەرچەن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ سابىق سىياسى كومىسسارى غالىپ تۇرسۇن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سودا- ساناەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پەرھات نامان قاتارلىقلار

**مەتبۇئات، نەشرىيات، ئاخبارات، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىيىسى قاتارلىق ساھەلەردىن:**

« قەشقەر چەتئەل تىل مەكتىپى » قاتارلىق ئىلمىي قۇرۇلۇشلىرى بىلەن ئۇيغۇر دىنىي مائارىپى ساھەسىدە چوڭ بىر يول ئاچقان ئابلىمىت داموللام، ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدىن ئارخېئولوگ قىيۇم خوجا، « شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى قوربان مامۇت، شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتىنىڭ سابىق باشلىقى، يازغۇچى ئابدۇراخمان ئەبەي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ تەھرىرى، ئەدەبىي تەرجىمان ئەخمەتجان مۆمىن ( تارىمى ) ،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كۆرسەتمىلىك مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باش مۇھەررىرى، شائىر ئابدۇرېھىم ئابدۇللا، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىيىسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ژورنالىستى، شائىر ئادىلجان تۇنىياز، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ باش مۇھەررىرى، شائىر ۋايىتجان ئوسمان، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ تەپتىشى تاھىر ناسىر، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى ئۇيغۇر بولىمىنىڭ تەھرىرى، ئوبزورچى يالقۇن روزى (مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلگەن)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى ئابلىز ئۆمەر ۋە ئوسمان زۇنۇن، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئابلاجان سېيىت؛ تەھرىر، شائىرە چىمەنگۈل ئاۋۇت، پېنسىيىگە چىققان تەھرىرى، ئەدىب ھاجى مىرزاھىد كېرىمى( 11 يىللىق جازاسى بېرىلدى) ؛ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ تەھرىرى، باللار ئەدەبىياتى يازغۇچىسى مەمەت ئابلىز

بۆرىيات، شىنجاڭ ئۇسمۇر- ياشلار نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلمىنىڭ باشلىقى، باش مۇھەررىرى ئابلىكىم ھەسەن، « قەشقەرگېزىتى » نىڭ باش مۇھەررىرى، شائىر تاھىر تالىپ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىيىسىدىن دۆلەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك رېژىسسور مۇختەر بۇغرا، رېژىسسور مەخمۇتجان سىدىقى، رىياسەتچى زۇلپىقار، تېخنىك ئەخمەتجان مەتروزى ، ئىستانسىيە خادىمى ئابلەت زەيدىن، ئىلى تېلېۋىزىيە ئىستانسىيىسىنىڭ تەھرىرى، رېژىسسور ئەركىن تۇرسۇن، « شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئىلھام ۋەلى، ئۇيغۇر بۆلۈمنىڭ مەسئۇللىرىدىن مىركامىل تۇرسۇن، مەمتىمىن ئوبۇل ۋە جۇرئەت ھاجى( 2017- يىلى ختاي بويىچە تۇتقۇن قىلىنغان41 نەپەر ژۇرنالىستنىڭ15 نەپىرى ئۇيغۇر ژۇرنالىست بولغان)، « باغداش » تور بېتىنىڭ قۇرغۇچىسى ساھاۋەتچى ئەكپەر ئەسەت، مائارىپچى ساھاۋەتچى، « بىلال نازىمى » كىتابخانىسىنىڭ خوجايىنى ئابدۇۋەلى مۇقىيت قاتارلىقلار.

**پەن- تېخنىكا، ئەدەبىيات - سەنئەت، تەنتەربىيە ، دىن ، مەكتەپ قاتارلىق ساھەلەردىن:**

ئىسلام دىنى ئالىمى مۇھەممەت سالىھ داموللا ( جازا لاگېرىدا جان ئۈزگەن.)، ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ سابىق رەئىسى، يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر، يازغۇچىلاردىن ئايشەم ئەخەت، نۇرمۇھەممەت توختى، پەرھات تۇرسۇن، خالىدە ئىسرائىل، نەزىرە مۇھەممەد سالىھ، ناگىز مۇھەممەد (قازاق)، يازغۇچى، يازغۇچى، تەتقىقاتچى تۇنىياز ئوسمان، گۇما ناھىيىلىك شائىر غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد، تور يازغۇچىسى، « مىسرانىم » تور بېتىنىڭ باشقۇرغۇچىسى تۇرسۇنجان مەمەت ( مارشال )، تور بېتى يازغۇچىسى، تەرجىمان ئۆمەرجان ھەسەن ، ئادۋوكات گۈلباھار ئىزىز، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بويىچە مۇستەقىل تەتقىقاتچى دوكتور ئابلىمىت بىلگە، ئانتروپولوگىيە كەسپى بويىچە دوكتور ساجىدە تۇرسۇن، ئەل- ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ روھانىيەت بويىچە دوكتور ھەببۇللا توختى، مىسىر ئەل- ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، كومپيۇتېر پروگرامما مۇتەخەسسىسى مۇختار روزى، دوكتور ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى، ماگىستىر گۈلگىنە تاشمەمەت، مېدىتسىنا تەتقىقاتچىسى ئىمامجان ئىبراھىم، پېنسىئونېر دوختۇر گۈلشەن ئابباس، ئارخىتېكتور ئىلھام تۇردى، ناخشىچىلاردىن ئابدۇرېھىم ھېيىت، سەنەۋەر تۇرسۇن، رەشىدە داۋۇت، پۇتبول چولپانلىرىدىن ئىرفان ھېزىم ، ئەرپات ئابلەكىرەم، مەھمۇتجان ۋە ئەكرەمجانلار. مەشھۇر چاقچاقچى مۇساجان ئەخمەت ( غۇلجا )، ئالتاي غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ئىشخانىسىنىڭ سابىق خادىمى ناگىز مۇھەممەد ( قازاق يازغۇچى ) ، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى يول باشچىسى ۋارىس ئابابەكرى، ئارخىتېكتور ئىلھام تۇردى، خەلقئارا ساياھەت بېتەكچىلىكىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئايتۇرسۇن ئېلى (قەشقەر )، ئىسلام دىنىي ئۆلىماسى ئابدۇلئەخەت مەخسۇم (جازا لاگېرىدا ئۆلگەن )، ئىسلام دىنىي ئۆلىماسى، قەشقەر « توققۇز تاش مەسچىتى » نىڭ خاتىبى ئابلىمىت داموللا ، مىسىردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى ئىلھام قارى مەمەتجان ( جازا لاگېرىدا ئۆلگەن )، مىسىر ئەل- ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ياسىنجان مەمتىمىن ( جازا لاگېرىدا ئۆلگەن )، ناخشا چولپىنى، كومپوزىتور ئابلاجان ئاۋۇت ئايۇپ، قەشقەر كونا شەھەر 1- ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئەخمەتجان جۇمە، قەشقەر 6 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى مەمەتجان، ئىلمىي مۇدىرى دۆلقۇن تۇرسۇن ، كۇچا ناھىيەلىك 4- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ « نەمۇنىچى

ئوقۇتقۇچىسى » مەمەتتۇرسۇن دايىم، ، مائارىپچى، ئاقسۇ **1**- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئەھەت ئامان ئابدۇقادىر قاتارلىقلار.

**سۇدا- سانائەت ۋە ساخاۋەت ساھەسىدىن :**

غۇلجىلىق تىجارەتچى، ساخاۋەتچى نورتاي ھاجىم ئىسكەندەر، قەشقەر خىلىل خەلقئارا سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ خوجايىنى ئابدۇجېلىل خېلىل ( ئابدۇجېلىل ھاجىم )، كارخانىچى ئامىنە ئابدۇلھەمىت (جازا لاگېرىدا ئۆلتۈرۈلدى)، تۇمارىس مېھمانخانىسىنىڭ خوجايىنى، «شاۋكەت كۆن- خۇرۇم شىركىتى» نىڭ باش دىرېكتورى شاۋكەت ئابلەت، تىجارەتچى، ساخاۋەتچى « غۇلجا خالىس فوندى جەمئىيىتى» نىڭ قورغۇچىسى ئابلىمىت ھوشۇر ھاجى، غۇلجىلىق تىجارەتچى، ساخاۋەتچى ئابدۇغاپپار ئابدۇرۇسۇل(ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان)، « غۇلجا تاكسىم سودا سارىيى » خوجايىنى ئەنۋەر تۇرسۇن خوجا، « شىنجاڭ دولان ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى» نىڭ دېركتورى ۋە قانۇنىي ۋاكالەتچىسى ئابدۇخېلىل ئۇبۇلقاسىم، « شىنجاڭ ئىنتىل كەسىپىي تېخنىكا تەربىيەلەش مەكتىپى » نىڭ قۇرغۇچىسى، « ئىنتىل » مەدەنىيەت تارقىتىش چەكلىك شىركىتىنىڭ باشلىقى ئابلەت ئابدۇللا (17 يىل كېسىلگەن)، « شىنجاڭ رەيھان بىئو پەن- تېخنىكا چەكلىك شىركىتى» نىڭ دىرېكتورى ئىسمايىلجان ئابدۇۋاھىد، غۇلجا ناھىيىسى ئۆي- مۈلۈك سودا تىجارەتچىسى ۋە ساخاۋەتچى ياقۇپ ھاجى، غۇلجا «ئەلقەسىر» رېستورانىنىڭ خوجايىنى، ساخاۋەتچى سەلىم، قەشقەر سەمەن ساياھەت گۇرۇھىنىڭ باش دىرېكتورى، سەمەن مېھمانخانىسىنىڭ خوجايىنى ئىبراھىم مۇسا، قەشقەرلىق تىجارەتچى ئابدۇجلىل ھاجىم، كارخانىچى، ساخاۋەتچى، « باغداش » مۇنبىرىنىڭ قۇرغۇچىسى كارخانىچى ئەكبەر ئەسئەت، ئەدەبىيات تەرجىمانى، شائىر، « باياۋان » كامپانىيىسىنىڭ خوجايىنى ئابدۇقادىر جۇمە، ئۈرۈمچىدىكى بىر ساياھەت شىركىتىنىڭ باشلىقى خەيرىگۈل نىياز ( 8 يىل كېسىلگەن )، ئۈرۈمچى « مىراج » رېستورانىنىڭ شىرىك خوجايىنلىرىدىن ئابدۇرېشىت ھوشۇر ھاجى، ئابدۇۋەلى ھاجىم ۋە ئابدۇزاھىر ھاجىمەمەت، « ئۈرۈمچى سۈبھى ئۆي- مۈلۈك شىركىتى » نىڭ خوجايىنى ئىلياس مەمەت، قەشقەر گىلەم سودىگىرى تاھىر مجىت (تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن) ، يىزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى سىيىت ئىنەيتوللا مۇھەممەت ئەلى، تېرە مەھسۇلاتلىرى شىرىكىتىنىڭ مەسئۇلى تۇرسۇنجان بەكرى ، تېلېفون زاپچاسلىرى تىجارەتچىسى ئالىم ياسىن سودىگەرلەردىن سادىقجان ۋە ساقىھاجى، «شىنجاڭ قاشتېشى ئۆي- مۈلۈك شىركىتى» خوجايىنى ئەلى ئابدۇللا (خوتەن) ، « گۈزەل ماكان ئۆي- مۈلۈك شىركىتى » نىڭ دىرېكتورى ئەكبەر ئىمىن (خوتەن ). نەشرىياتچى ئەركىن ئىبراھىم، تىجارەتچى روزى ھاجى ھەمدۇل ۋە مەمەت ھەمدۇل ( كورلا ) « شىنجاڭ شاھساراي بىناكارلىق بېزەكچىلىك لايىھىلەش چەكلىك شىركىتى» نىڭ ساھىبى، ئۇستا لايىھەلىگۈچى رەخمەتتاي ئابدۇرېشىت، غۇلجىلىق تىجارەتچى، كافىخانا (قەھۋاخانا ) خوجايىنى ياسىنجان مويىدىن ( جازا لاگېرىدا ئۆلگەن ) ، تىجارەتچى مۇتەلىپ نۇرمەمەت ( جازا لاگېرىدا ئۆلگەن ) قاتالىقلار.

**ئەسكەرتمە:**

مەزكۇر ماقالىدىكى « ×× × » ئەچىدىكى تېكىستنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈچۈن ئالاھىدە ئىزاھات بېرىلمىگەنلەردىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇر تور بېتىدىن ئېلىندى.

04-2019 -- 08 - 2018

**قوشۇمچە ئۈچىنچى**
**شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋەزىيىتىگە**
**دائىر فوتو سۆرەتلەردىن تاللانمىلار**

# شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋەزىيىتىگە دائىر فوتو سۆرەتلەردىن تاللانمىلار

## تارىم تورغاق تۈزگەن

# ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى
# 2018 -- 2020




**ئۆتۈشتىكى يىغۋېلىش لاگېرى**

**( سۈنئىي ھەمرادىن تارتىلغان )**




**جاڭ شاۋ ئىسملىك كىشلىك هوقۇق ۋەزىيىتى كۆزەتكۈچىسى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تۆۋتېردا قەشقەر كونا شەھەردىكى يىغىۋېلىش لاگېرى دەپ كۆرسەتكەن خەرىتىسى**

**( سۈنئىي ھەمرادىن تارتىلغان )**



**ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1- تۈرمە**



**داۋانچىڭ جازا لاگېرى**




**ئاتۇشتىكى مەلۇم جازا لاگېرى**



**خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى لاگېرلارنىڭ بىرى**
**( 2019- يىلى 31- مارت، خوتەن )**




**تورپاندىكى مەلۇم جازا لاگېرى**




**قارىمايدا قۇرۇلۇۋاتقان جازا لاگېرى**




**مەلۇم جازا لاگېرىدىكى بىر بىنانىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشى**



قانۇنىي رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار يۆتكەلگەن
خېيلوڭجاڭ ئۆلكىسىدىكى تەيلەي تۈرمىسى



مەلۇم جازا لاگېرىدىن تۈرمىلەرگە يۆتكىلىۋاتقان قانۇنىي رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇرلار




600 نەپەرگە يېقىن ئۇيغۇر تۇتقۇننىڭ كورلا غەربىي ۋوگزالىدىن مەخسۇس پويىز بىلەن خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئېلىپ مېڭىلغان ۋاقتىدىكى كۆرۈنۈش. 2019- يىلى سېنتەبىر



مەلۇم جازا لاگېرىدا قانۇنىي رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان ئۇيغۇر ئۆسمۈر سوراق قىلىنماقتا



**مەلۇم جازا لاگېرىدىكى قانۇنىي رەسمىيەتسىز  تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ تاماق ۋاقتىدىن بىر كۆرۈنۈش**



**مەلۇم جازا لاگېرىدىكى « مىڭە يۇيۇش » چوڭ يىغىنى**




**مەلۇم جازا لاگېردىكى « ئىنتىزام تەربىيىسى » چوڭ يىغىنى**




**مەلۇم جازا لاگېردىكى « مىڭە يۇيۇش » سىياسى ئۆگىنىشى**




**خىتاينىڭ مەلۇم شىركىتىنىڭ زاۋۇتىدا لاگېردىكى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىۋاتقان كۆرۈنۈشى**
**( 2018- يىلى 17- ئۆكتەبىر، خوتەن )**



**مەلۇم جازا لاگېردىكى قانۇنىي رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغانلارغا نەرسە- كېرەك يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ئۆچىرەتتە تۇرۇۋاتقان كىشىلەر**




**« تەربىيەلەش » لاگېرىدىكىلەرنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈلۈۋاتقان كۆرۈنۈشى**




**كولىغا بارىدىغان ئىشلەمچىلەرنى ئۇزىتىش مۇراسىمى**



خىتاي يەرلىك دائىرلىرى ئۇيغۇر « ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى » نى كولىغا يولغا سالماقتا



WORLD NEWS FEBRUARY 17, 2019 / 6:42 AM / UPDATED 16 HOURS AGO

China surveillance firm tracking millions in Xinjiang - researcher

Cate Cadell, Philip Wen

3 MIN READ

نازارەت كامېرالىرى ئۆتكەن- كەچكەنلەرنى خاتىرلىمەكتە



**مەلۇم بىر مەسچىتنىڭ ئۆگزى ئۈستىدە ئورنىتىلغان كۆزىتىش ئاپپاراتلىرى**
(ئۈرۈمچى 2010- يىل 2- ئىيۇل )



**ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ دارۋازىسى ئالدىدا تۇرغان پوستلار**




**ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن « پان ھالاللىزم » غا قارشى تۇرۇش قەسەمىيات يىغىنىدىن بىر كۆرۈنۈش ( 2018- يىل 8 - ئۆكتەبىر )**




**ئۈرۈمچى چوڭ بازاردىكى ساقچىلار**



كوچىدا« ئامانلىق » ساقلىغۇچى ھەربىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتوبىللىرى



ساقچىخانا ئالدىدا ئېرىنى كۈتۈۋاتقان ئۇيغۇر ئايال



**ئۇيغۇر بۇۋاي ۋە ساقچىلار**




**مەلۇم بىر بازاردىكى پوستلار**




**قەشقەر ھېيتكاھدىكى كەچلىك بازار**



**مەلۇم مەھەللىدىكى قارانچۇقسىز بالىلار( قەشقەر)**



ئاتا- ئانىسى قانۇنىي رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان، ئۇستەڭگە چۆشۈپ كېتىپ ئۆلگەن
ئىككى ياشلىق بالا ( قاراق



ئۇيغۇر دىياردا« قانۇنسىز دىنىي بۇيۇملار » نامدا يىغىۋېلىنغان «قۇرئان كەرىم » ۋە دىنىي كىتابلار



**قانۇنني رەسمىيەتسىز چېقىۋەتلگەن مەسچىت (شايار )**



**قانۇنني رەسمىيەتسىز چېقىۋەتلگەن مەسچىت**



**قانۇنىي رەسمىيەتسىز تاقىۋېتىلگەن « مىراج » رېستورانى ( ئۈرۈمچى )**



**ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى ئىلھام توختى**
**( مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغ**



**قانۇننى رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان ئىسلام دىنىنىڭ مەشھۇر ئالىمى مۇھەممەت سالىھ داموللا**
**( جازا لاگېرىدا قازا تاپتى)**




**قانۇننى رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى**
**پروفېسسور تاشپولات تېيىپ**




**قانۇنىي رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ**
**مۇدىرى دوكتور خالمۇرات غۇپۇر**



**ئوبزورچى يالقۇن رۇزى**




**قانۇنىي رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان** شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسور ئابدۇللا ئابباس ( تاتار )




ئىسىمشۇناس مۇتەللىپ سىدىق قاھىرى ئەپەندى يىغىۋېلىشتىن ئىلگىرىكى(سولدا) ۋە چىققان
ۋاقىتتىكى(ئوڭدا) سۈرىتى (2019- يىلى مارت)



**قانۇنى رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان قەشقەر پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكولتېتىنىڭ پېنسىيەدىكى سابىق مۇدىرى پروفېسسور ئابدۇكېرىم پالتو**

**( جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدىن چىقىپ ئون كۈندىن كېيىن لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن. 2018- يىلى ئاۋغۇست**



**قانۇنى رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان خەلق ناخشىچىسى ئابدۇرېھىم ھېيىت**




خەلق ناخشچىسى ئابدۇرېھىم ھېيتىنىڭ جازا لاگېرىدىكى ھالىتىدىن  بىر كۆرۈنۈش
( ختاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى تارقاتقان )



**قانۇني رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان شائىرە چىمەنگۇل ئاۋۇت**



**قانۇني رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان ناخشىچى سەنۇبەر تۇرسۇن**



**قانۇني رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان خەيرىگۇل نىياز**

**( تۈركىيە مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتىدا خەلقئارا تىجارەت كەسپىدە ماگىستىرلىقنى تۈگىتىپ ساياھەت شىركىتى ئاچقان )**



**قانۇنىي رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان « ئىنتىل» كەسپىي تېخنىكا تەربىيەلەش مەكتىپىنىڭ قۇرغۇچىسى، ساخاۋەتچى ۋە مەرىپەتپەرۋەر ئابلەت ئابدۇ**



**تۈركىيەدىكى نەۋرەلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن پاسپورت ئېلىشقا ئىلتىماس قىلغانلىقى تۈپەيلى قانۇنىي رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان 84 ياشلىق رابىخان ئانا ( قارىماي )**




**ئامېرىكانىڭ بوستۇن شەھرىدە ياشاۋاتقان مارىيە مۇھەممەت خانىمنىڭ**
**جازا لاگېرىدىكى 90 ياشلىق تاغىسى ئابدۇللا ئايۇپ ئەپەندى**



قانۇنىي رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان قىسمەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى



تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئابدۇراخمان ۋە ئۇ خىتايدىن تارقىتىلغان سىن كۆرۈنۈشىدىن تونۇۋالغان ئوغلى ئابدۇلئەزىز
.



**ئانىسى غۇلجىدا تۈرمىدە، دادىسى لوپتا لاگېرغا سولانغان، چىقىرىۋېلىنغان**
**بەش ياشلىق بالىنىڭ ئەتراپىدا كىشىلەر كۆز يېشى قىلماقتا**



**ختاي بىلەن مەجبۇرىي توي قىلدۇرۇلغان ئۇيغۇر قىزى**




**ختايلار بىلەن مەجبۇرىي توي قىلدۇرۇلغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ توي مۇراسىملىرىدىن بىركۆرۈنۈش**




**مەلۇم يەسلىدە ختاي مەدىنىيىتى بىلەن تەربىيىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر قىزچاقلىرى**




**ختايچە كىيىم كىيىندۈرۈلۈپ، ختايچە دېكلاماتسىيە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر قىز ئوقۇغۇچىلىرى**



قەشقەردىكى ئىسمشۇناس تەتقىقاتچى مۇتەللىپ سىدىق قاھىرىنىڭ گېرمانىيەدە ئوقۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان
ئوغلى تاھىر مۇتەللىپ قاھىرى دادىسىنىڭ رەسىمىنى كۆتۈرۈپ، خىتاي دائىرىلىرىنى دادىسىنى قويۇپ بېرىشكە چاقىردى•
2018- يىلى دېكابىر، گېرمانىيە




ياۋروپادىكى مەلۇم مەملىكەتتە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان غۇلجىلىق ئۆزبېك خانىم
قانۇنىي رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان ئاكىسى ۋە جىيەنى ھەققىدە گۇۋاھلىق نامايىشى قىلماقتا



ئالمە مايسەم مۇتەللىپوۋا خانىم خارۋاد ئۇنىۋېرسىتېتىدا يالغۇز كىشلىك نامايىش قىلماقتا




**گوللاندىيە  پايتەختى دامستېردام دامسكۇە مەيداندا يالغۇز كىشلىك نامايىش قىلىۋاتقان ئابدۇرېھىم غېنى**




رۇس پائالىيەتچىسى ئالېكسىي كازاكوۋ موسكۋادىكى ختاي ئەلچىخانىسى
ئالدىدا نامايىشتا ، 2020- يىلى 23- يانۋار




**تاتارلار قازاندا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ختاينىڭ ئۇيغۇرلارنى «لاگېرلار» غا سولاش قىلمىشىنى ئەيىبلىدى**
**2018- يىلى 26- دېكابر**




**نۈرنبېرگ شەھىرىدىكى نامايىشتىن بىر كۆرۈنۈش**
**2019 يىلى 21- دېكابىر، گېرمانىيە**




**نورۋېگىيىدىكى نامايىشلاردىن بىر كۆرۈنۈش**




**دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قانۇنىي رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ھەققىدە گۇۋالىق بەرمەكتە**



خىتاي كومپارتىيىسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قورغان جازالاگېرلىرىنىڭ ئىچىدىكى
ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى خەلقئاراغا ئاڭلاتقان، قانۇنىي رەسمىيەتسىز تۇتقۇن قىلىنغان كىشلەر
ئوڭدىن سولغا: مېھرگۈل تۇرسۇن، گۈلباھار جېلىلوۋا، سايراگۈل ساۋۇتباي، زۇمرەت داۋۇت، ئۆمەر بېكئالى



ئىلھام توختىغا بېرىلگەن « ساخاروۋ مۇكاپىتى » نىڭ گۇۋاھنامىسىنى ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ رەئىسى داۋىد ساسسولى ئىلھام توختىنىڭ قىزى جەۋھەرگە ئۆز قولى بىلەن تەقدىم قىلدى. 2019- يىلى 18- دىكابىر، فىرانسىيە



ئا ق ش بىرىنچى خانىمى مېلادنىيە تراپىپ ۋە ئا ق ش دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى مايىك پومپېيو ئا ق ش نىڭ « 2020- يىللىق جەسۇر ئايال » مۇكاپىتىنى لاگېر شاھىتى سايراگۈل ساۋۇتبايغا تەقدىم قىلماقتا



**ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ « خىتاي ھەققىدىكى 2019- يىللىق كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى » نى**
**ئېلان قىلىش مۇراسىمى، 2020- يىلى 8- يانۋار، ۋاشىنگتون**




**« ئۇيغۇر 2019 نامىلىق قانۇن لايىھىسى » ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئاۋازغا قويۇلۇۋاتقان كۆرۈنۈش**
**2019- يىلى 3- دېكابىر، ۋاشىنگتون**
**( فوتو سۈرەتلەر ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇرچە تور بېتىدىن ئېلىندى. )**




« 2020- يىللىق ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى »
413 گە قارشى بىر ئاۋاز بىلەن مۇتلەق يۇقىرى ئاۋاز ئۇستۇنلۇكدە ئاۋام پالاتاسىدا ماقۇللۇقتىن ئۆتتى
2020- يىلى 27- ماي، ۋاشىنگتون



.

ئامېرىكا پرېزىدېنت دونالد ترامپنىڭ « **2020**- يىللىق ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى» گە ئىمزا قويۇۋاتقان كۆرۈنۈشى ، **2020**- يىلى **5**- ئىيۇن، ۋاشىنگتون
**( فوتو سۆرەتلەر ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇرچە تور بېتىدىن ئېلىندى. )**

.0

ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق قەدەممۇ قەدەم مىللىي كادىر- خىزمەتچىلەر ۋە مىللىي زىيالىيلارغا تۆرلۈك سىياسىي قالپاقلارنى كىيگۈزۈش ياكى كادىرلارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش ۋە ياكى قىسقارتىشتەك ھەر خىل باھانە- سەۋەبلەر بىلەن بۇ مىللىي كادىر- خىزمەتچىلەر ۋە مىللىي زىيالىيلارنى دۆلەت ئورگانلىرىدىن سىقىپ چىقاردى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى مائارىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ، ئورمانچىلىق ، سوت -ئەدلىيە قاتارلىق نازارەت- ئىدارىلەر ھەمدە يەرلىك ئىدارە- ئورگانلاردىكى مىللىي كادىرلار بارماقتا ساناپ بەرگۈدەك قالدى. نۆۋەتتە، بۇ رايوندا ھۆكۈمەت ئىدارە- ئورگانلاردا ئىشلىمەكچى بولغان مىللىي كادىرلار تامامەن خىتايلاشقان بولۇشى شەرت.

قوراللىق كۈچلەر جەھەتتىكى « ئاسسىمىلياتسىيە»: 1949 - يىلى شەرقىي تۈركىستان خىتاي كومپارتىيىسى- نىڭ ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن ، خىتاي مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خەلق ئىنقىلابى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قوراللىق كۈچلىرى --- 15 كىشىلىك مىڭ كىشىلىك مونتېزىم مىللى ئارمىيىسىنى« ئاسسىمىلياتسىيە» قىلىشقا قول سالدى. 1949 - يىلى ئوكتەبىردە مەزكۇر كومىتېت مىللىي ئارمىينى قايتا تەشكىللەپ ، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسى ( ئىككى دىۋىزىيە --- 13- ۋە 14- دىۋىزىيەلەردىن تەركىپ تاپقان) قىلىپ ئۆزگەرتتى. 1952- يىلىنىڭ بېشىدا خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 15 - پىيادىلەر دىۋىزىيىسى كورپۇسنىڭ تەركىبى قىسمىغا كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن خەس مىللىي قوراللىق قىسمىنىڭ مىللىي تەركىب جەھەتتە ئۆزگۈرۈش ھاسىل بولدى. 1953- يىلغا كەلگەندە ھەربىي قىسىملارنى قىسقارتىش ۋە ئېخچاملاش باھانىسى بىلەن مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن

5- كورپۇسنىڭ باش ئورگىنى ئېچاملىنىپ، ئىلى ھەربىي رايون ئورگىنى، 13- ۋە 14- دىۋىزىيىلىرى ئېچاملىنىپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇستەقىل3 - ۋە 4 - مۇستەقىل ئاتلىق پولكلىرى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى شەھەرلەرنى بۇزماقتا، قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ ساياھەتچىلەر ئۈچۈن بۇزۇلماي قالغان كىچىكىنە بىر قىسمى خۇددى كارتون فىلىملاردىكى كوچا ، ئۆي ۋە ئادەملەردەك بولۇپ قالغان، باشقىچە ئېيتساق ، خۇددى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمگە ئوخشاپ قالغان. مىللىي تۈسى قويۇق بولغان بارلىق دۇكان ۋە رېستورانلارنى تاقاتقۇزماقتا. قەشقەر، ئۈرۈمچى ۋە غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئاۋات ئۇيغۇر بازارلىرى چۆلدەرەپ قالماقتا. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى يېزا- قىشلاق، كەنت- شەھەرلەردە، ھەتتا ئادەم قەدىمى باسمايدىغان جايلارغىمۇ خىتايچە قۇرۇلۇش ياڭزىسىدىكى ياڭزىمۇياڭزا راۋاق- دارۋازىلارنى سالماقتا. ئەسلىدە بار بولغان مىللىي پاسۇندىكى ئىمارەت ۋە قۇرۇلۇشلارنى بۇزدۇرماقتا. قىسقىسى، تۈركىي تىللىق مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ مىللىي تۈس- پۇراقنى ئالغان بارلىق مەۋجۇدى- يەت دائىرىلىرىنىڭ يوقىتىش ئوبيېكتىغا ئايلاندى.

يۇقىرىقى بايانلار بىر تەرەپتىن نۆۋەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا ئەڭ ئېغىر ئىرقىي كەمسىتىش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىش ئارقىلىق باشقا مىللەتلەرنى قېرىپ يوقۇتۇش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش بىلەن شۇغۇللانىۋاتقانلىقىنى دەلىللەپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، خىتاي دۆلىتىنىڭ بىر ھاكىممۇتلەقلىك ھاكىمىيەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئەندى، ماقالىنىڭ ئاساسىي تېمىسى « نىمە ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مىللىتىنى يوقىتىش ياكى يوقۇتالمىسا، تەلتۆكۈس ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش نىيىتىگە كەلدى ؟» دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇ مەسىلىگە نىسپەتەن ھەر خىل چۈشەندۈرۈشلەرياكى شەرھلەشلەر مەۋجۇت.

بەزىلەر خىتاي « بىربەلۋاق، بىر يول» دىن ئىبارەت دۇنياغا خوجايىن بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ستراتېگىيىلىك پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ستراتېگىيىلىك ئۆتكەل شىنجاڭنىڭ ئەمىنلىكىگە تايىنىدۇ. شۇڭلاشقا، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ جاينىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشنى قىلىشقا تەييار ۋە ھەر قانداق چىقىم تارتىشقا رازى دەپ ئىزاھلايدۇ. يەنە بەزىلەر خىتاي ھازىر دۇنيادا تەرەققىي تاپقان قۇدرەتلىك بىر دۆلەتكە ئايلاندى، ھېچ كىمدىن ۋە ھېچ قانداق دۆلەتتىن قورقمايدۇ . شۇڭلاشقا ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتىن تەپ تارمايدۇ. شۇ ۋەجدىن، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ نارازى بولۇشىغىمۇ پارۋا قىلماي ، ھەر قانداق ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىدۇ. دەپ شەرھلەيدۇ.

بۇ ئىككى سەۋەپ نۆۋەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق مۇسۇلمان خەلقلەرنى مىللەت سۈپىتىدە يوقۇتۇش ياكى تۈپتىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرى بولالمايدۇ،چۈنكى بىرىنچىدىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ « بىر بەلۋاق، بىر يول » ئىبارەت ستراتېگىيىلىك پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش،يوقۇتۇش ياكى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئارقىلىق بۇ ئەمىنلىكنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمىسىمۇ، ئۆلارنىڭ شىنجاڭدا شىنجاڭنىڭ ئامانلىقنى ساقلاشقا يېتىپ ئاشقىدەك كۈچى بار، يەنە كېلىپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزىي ۋە يەرلىك خىتاي ئەمەلدارلىرى شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مۇتلەق

كۆپچىلىكنىڭ بۇ زېمىندا ئاسايىشلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالايدىغانلىقىنى ئاستىرتىن بىلىدۇ. ئىككىنچىدىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زۇراۋانلىق ۋە باستۇرۇش يولى بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشىنىڭ